www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (6)

ئېلكتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 11-ئاي

مەنبە: باغداش مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى، شاھتۇر تورى، ئۇيغار تورى

# مۇندەرىجە

1. نومغىن ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى .................قەبرە (تور نامى) 3
2. بەشكېرەمنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى.............مۇھەممەتئىمىن قۇربان.41
3. چوقان ۋەلىخانوپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە..................ھەبىبۇللا ئېلى 74
4. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۆزەكلىشىش ھادىسىسى.................
................................... ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق 102
5. ماجارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇققانچىلىقى ...........ئەلى غوپۇر121
6. سوغدىلار ۋە سوغدىيانا مەدەنىيىتى............تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار139
7. دىلو تۇرلىرىدىن ئەخلاق كىرىزىسىغا نەزەر...........تۇنىياز ئوسمان171
8. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى چاتما ھېكايىلىرى توغرىسىدا.......207
9. قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخ تەرەققىياتى ھەققىدە .................
نۇرئەھمەت قۇربان.................................................. 238
10. «دولان»نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا............باتۇر داۋۇت274

# نومغىن ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

قىسقىچە مەزمۇنى: نومغىن ۋەقەسى بولسا سوۋېت-ياپون ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى بولۇپ، كۆپلىگەن جۇڭگولۇق تارىخشۇناسلار بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ياپونىيىنى ئەيىبلەپ، سوۋېتنىڭ بۇ ۋەقەدىكى مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدۇ. مەزكۇر ئەسەردە، كۆپلىگەن تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق سوۋېتنىڭمۇ بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدا باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ۋەقەنىڭ سوۋېت- ياپون مۇناسىۋىتىگىلا ئەمەس بەلكى،دۇنياغىمۇ كۆرسەتكەن تەسىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: نومغىن ۋەقەسى؛ سوۋېت-ياپون مۇناسىۋىتى؛ قوراللىق توقۇنۇش

## كىرىش سۆز

نومغىن بولسا ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ خۇلۇنبىر ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئارىسىدىكى يېرىم ئوتلاق، يېرىم قۇملۇق رايون بولۇپ، بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «نومىنكان» دەپ ئاتالغان. بۇ ۋەقەدە، سوۋېت-ياپون ئىككى تەرەپ دېڭىز ئارمىيىسىدىن باشقا بارلىق ئەسكەر ۋە هازىرقى زامان ئەسلىهەلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇرۇش قىلغان. بۇ ۋەقە، 1939-يىلى 5-ئايدا باشلىنىپ 9- ئايدا ئاياغلاشقان. ئۇرۇشتا ياپون كانتون ئارمىيىسى مەغلۇپ بولۇپ، مەزكۇر ۋەقە توغرىسىدا ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋازارىتى «نومغىن ۋەقەسى —— ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق مەغلۇبىيىتى » دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان [1] بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ ، بۇۋەقەنىڭ تەسىرى سوۋېت- ياپون مۇناسىۋىتىگە

چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مەزكۇر ۋەقە توغرىسىدا، سوۋېت ۋە روسىيە تارىخشۇناسلىرى: «ياپونىيىنىڭ نومىغىن ۋەقەسىدىكى مەقسىتى، تاشقى موڭغۇلىيىنى ئىگەللەش، شۇنداقلا يەنىمۇ ئىلگىرلەپ، سوۋېتنىڭ يىراق شەرق ۋە سىبىرىيە رايونىدىكى مەنپەئەتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش» دەپ قارايدۇ. [2] ياپون تارىخشۇناسلىرى: «بۇ ۋەقە چېگرا سىزىقىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان [3] شۇنداقلا، كانتون ئارمىيىسىنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، چېگرا تالاش- تارتىشىغا نىسبەتەن قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن» كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. [4] جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى، 14يىلغا سوزۇلغان ياپون-جۇڭگو ئۇرۇشى ۋە سوۋېت سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىردە مەزكۇر ۋەقەگە نىسبەتەن ياپونىيىنى ئەيىپلەش كۆز-قارىشى كۆپرەك بولۇپ، سوۋېتقا قارىتا سەل قاراش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، بۇنىڭغا تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق جاۋاپ بەرگەندە بىتەرەپلىملىكتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەردە ۋەقەنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى، جەريانى ۋە تەسىرى پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

## 1. نومىغىن ۋەقەسىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى

ئۆتمۈشتە روسىيە- ياپونىيە ئۇرۇشتىن كېيىن، 1905-يىلدىكى « پولتىموس شەرتنامىسى» گە ئاساسەن، ياپونىيە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى ۋە يىراق شەرق تۆمۈر يولىنىڭ چاڭچۈننىڭ جەنۇبىدىكى بۆلىكىنى ئىگەللىگەن. 1907-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى سوۋېت ۋە ياپون ئىككى تەرەپ مانجۇرىيىگە ياۋرۇپا ياكى ئامېرىكىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزگەن. كېلىشىمدە «جەنۇبى مانجۇرىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە، ياپونىيىنىڭ كۈچ تەسىرىگە كىرىش؛ شىمالى مانجۇرىيە ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، روسىيەنىڭ كۈچ دائىرىسىگە كىرىش. ئىككى تەرەپ ئۆز كۈچ دائىرىسىنى كونترول قىلىش، ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ مانجۇرىيىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» بەلگىلەنگەن . [5] 1910-يىلى 7-ئاينىڭ 4-

كۆنى يەنە مەخپىي كېلىشىپ، 1907 ـ يىلىدىكى مەخپىي كېلىشىمنىڭ كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆز ئارا مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقنى بىكىتكەن. 1912 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى روسىيە بىلەن ياپونىيە ئۈچىنچى قېتىم مەخپىي كېلىشىپ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق كېلىشىمنىڭ داۋاملىق كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. [6] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى؛ ياپونىيە، شەرقىي شىمالغا كىرىشتىن ئىلگىرى روسىيە مانجۇرىيەنى تەنها دىگۈدەك ئىگەللىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭلاشقىلا كونا روسىيە ئالمىلىرىدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالمىلىرىغىچە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكىمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىمۇ «ئەيخۇي شەرتنامىسى »،«بېيجىڭ شەرتنامىسى» قاتارلىق تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق چاررۇسىيىنىڭ مۇشۇ شەرتنامىلەرگە ئاساسەن جۇڭگونىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى ئىگەللىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان [7]لىقىدىن ئىبارەت پاكىت شۇنى كۆرسەتتىكى؛ شەرقىي شىمالنى ئالدى بىلەن روسىيە تەنها يۇتىۋەتمەكچى بولغان لېكىن، 1905 ـ يىلدىكى روسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت تۈپەيلى، ياپونىيىگە شەرقىي شىمالدا ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئىچكى ئۇرۇش سوۋېتنى ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىمغا ئۇچراتقۇزغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سوۋېت، 1927 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نېفىت ئىجارىگە بېرىشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىككى مۇھىم جاينى تاپقان بولۇپ، ئۇلار ساخالىن ئارىلى ۋە گېرورزىيە ئىدى. ساخالىن ئارىلىنى ئىجارىگە ئېلىشتا ياپونىيە ئاخىرى ئامېرىكىنى يېڭىپ، 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىمالىي ساخالىن ئارىلىنى ئىجارىگە ئالغان. 1925 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت بىلەن نېفىتلىكنى ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمى تۈزگەن. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ياپونىيە 1936 ـ 1937 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 186 مىڭ توننا، 193 مىڭ توننا نېفىتكە ئىگە بولۇپ، بايلىقى كەمچىل دۆلەتنىڭ ئېستىراتېگىيلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ياپونىيە ئۈچۈن زورمەدەت بولغان. [8] بۇ توغرىسىدا ئامېرىكىلىق بىر ئالىم :« چوڭ دۆلەتنىڭ ئۇرۇش خەرىتىسىدە، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى تولۇقلايدىغان مۇھىم مەنبە ساخالىن

ئارىلى بولۇپ بۇ كەلگۈسىدىكى تېنىچ ئوكيان دېڭىز ئۇرۇشىدا مۇھىم ھۆججۈم -مۇداپىئە قورغىنى بولۇپ قالىدۇ»،[9] دېگەنىدەك سوۋېت بۇ ئارقىلىق ئىقتىساد تورىلىسا كەلگۈسىدىن ئالغاندا، ياپونىيىنىڭ تېچ ئوكيان ئۇرۇشىغا ماددىي شارائىت يارىتىپ بەرگەن، شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدا تېخمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېگە بولۇشنى ۋاستىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نومغىن رايونى بولسا سوۋېت-ياپون ئارىسىدىكى ئاتالمىش رايون سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ياپونلار كونترۇللۇقىدىكى مانجۇرىيە بىلەن سوۋېت كونترۇللىقىدىكى موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. سوۋېتنىڭ موڭغۇلىيە رايونىنى كونترول قىلىشىلىشى 1911-يىلى جۇڭگو ئىنقىلابى مەزگىلىدە، چارروسىيە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ گېگەنى جېبزۇندەمبانى ئاتالمىش «بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇرلىغان. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى يىلى 1912-يىلى 2-نويابىر چارروسىيە موڭغۇلىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغانلىقى توغرىسىدا باياناتى ئېلان قىلىپ ھەم ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى دىپلوماتىيە ۋەكىلىگە جۇڭگونىڭ بۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا ھوقۇق بەرگەن. 1915-يىلى ئىيۇلدا بېيجىڭ ھۆكىمىتى چارروسىيە ۋە تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئۈچ تەرەپ كېلىشىم ئىمزالاپ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، روسىيە بىلەن جۇڭگو، موڭغۇلىيەنىڭ ئىچكى ئاپتونومىيىسىگە ئارلاشماسلىقنى بەلگىلىگەن[10]. لېكىن 1917-يىلدىكى روسىيە ئىنقىلابى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت روسىيىسى چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ رايوندا روسىيە ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇۋالغان. 1919-1920-يىللىرى كاراخان سوۋېت روسىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەن. 1923-يىلى ئىئوففى بىلەن سۇن جۇڭشەننىڭ ئېلان قىلغان كېيىنكى ئورتاق باياناتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن تاشقى موڭغۇلىيەنى تارتىۋېلىش غەرىزى يوق دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. [11] ئەمما 1924-يىلى ئىيۇلدا، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى موسكۋانىڭ يوليورۇقى بويىچە يالغاندىن «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىرغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدەك ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ، بۇ

رايوننى «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئېلان قىلغان. شۇنداق قىلىپ ، بۇ سوۋېت روسىيىسىنىڭ 1924 ـ يىلى مايدا ئىمزالىغان جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىمىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىكى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئورنىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە سوۋېت روسىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان .

ياپونىيە بىلەن مانجۇرىيە مۇناسىۋىتىگە كەلسەك،1931 ـ يىلى « 18 ـ سېنتەبىر»ۋەقەسى يۈز بېرىپ، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ،ياپونىيە مانجۇرىيىنى ئىگەللىگەن. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا غايەت زور مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋالغان سوۋېت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىققان.بولۇپمۇ مانجۇرىيىدىكى ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىدا، گەرچە بەلگىلىمىگە ئاساسەن: «جۇڭگو ـ سوۋېت مەزكۇر تۆمۈر يولغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ» [12]دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ،ئەمەلىيەتتە سوۋېت غايەت زور مەنپەئەتكە ئىگە ئىدى.

«18 ـ سېنتەبىر»ۋەقەسىدىن كېيىن ،سوۋېت 1931 ـ يىلى9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋە 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا«ئېلان گېزىتى »ۋە« ھەقىقەت گېزىتى»دە بايانات ئېلان قىلىپ ياپونىيىنى«تاجاۋۇزچى» دەپ ئەيىپلىگەن. [13]كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى سوۋېت روسىيىسى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىدا،جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، دەسلەپكى 20يىلدا ئىككى قېتىم مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قېلىش بولغان بولۇپ،بىرىنچى قېتىم 1918 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلغىچە بولغان ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت؛ئىككىنچى قېتىم 1927 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋام قىلغان بولۇپ ،«18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋاقىت دەل جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە «تاجاۋۇزچى» دەپ ئەيىپلىشكە قارىتا ،ياپونىيىنىڭ سوۋېتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇاڭ تىيەن شىنيى،سوۋېتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كارخانغا چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئىككىنچى كۈنى كارخان: «بۇ ئىشقا «ئارلاشماسلىق» سىياسىتىنى يولغا قويىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنداقلا، 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گۇاڭ تىيەنگە، كارخان يەنە تېلگىراما يوللاپ:«سوۋېتنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە توقۇنۇشىغا قارىتا قەتئىيلىك

بىلەن ئارلاشماسلىق سىياسىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى،ئىككىلا تەرەپكە ھەرقانداق شەكىلدە ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە سوۋېتنىڭ قەتئىيلىك بىلەن «ئارلاشماسلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىگە، تاشقى كۈچلەرنىڭمۇ تەسىر قىلالمايدىغانلىقىنى، شىمالىي جۇڭگو ئاپتونومىيىسى ۋە مانجۇرىيىنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى»ئېيتقان. [14]ئارقىدىنلا،11-ئاينىڭ 14-كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لىۋىنوف باياناتات ئېلان قىلىپ:«ئارلاشماسلىق»سىياسىتىدە چىڭ تۇردىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. [15] شۇنداقلا يەنە ئېنىق قىلىپ : «سوۋېت ياپونىيە بىلەن توقۇنۇشنى خالىمايدۇ،ياپونىيىنىڭ پەقەت سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىدىكى سودا مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ»دەپ جاكارلىغان. [16] بۇنى ئەنگىلىيە، فىرانسىيە،ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە «خەلقئارا ئىتتىپاق» يۈرگۈزگەن مانجۇرىيىگە قارىتا«ھەرگىز ئېتىراپ قىلماسلىق» سىياستىگە سېلىشتۇرغاندا، سوۋېتنىڭ بۇ «ئارلاشماسلىق » ھەتتا «ھۆرمەت قىلىش»سىياسىتى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى مادارچىلىق قىلمىشى بولۇپ ھېساپلىناتتى. سوۋېتنىڭ بۇ خىل سىياسىتى ياپونىيىگە ھېچقانداق بىسىم ئەكىلەلمىگەن، شۇنداقلا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي،1935-يىلى3-ئايدا،140مىليون ياپونىيە يىنى باھادا، ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى مانجۇرىيىگە سېتىپ بەرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنىڭ سېتىپ بېرىلىشى، ياپونىيىنىڭ ھەرىكىتىگە كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، لېكىن جۇڭگوغا غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە، بۇ توغۇرلۇق: «سوۋېت-ياپون سودىسىنىڭ پۈتۈشى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا چوڭ كۆلەملىك كىرىش كۈنى» دەپ يېزىلغانىدى. [17] شۇنداقلا، بۇ سودا پۈتۈپ تۆت ئايدىن كېيىن، سوۋېت مانجۇرىيىدىن تەدرىجىي چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ ياپونىيىنىڭ 1910-يىلى8-ئاينىڭ 29-كۈنى كورىيە بىلەن تۈزگەن شەرتنامىگە ئاساسەن، كورىيىنى ئىدارە قىلىپ،1912-يىلغا كەلگەندە، «ياپونىيە-مانجۇرىيە كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالاپ،مانجۇرىيىنى قوغداش نامى بىلەن كانتون ئارمىيىسىنىڭ كىرىشنى ئۈز-ئارا باغلاپ، ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمالى ئاسىيادىكى كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

ھالبۇكى ستالىن ئۆزى ياپونىيىنى كۆچەيتىپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئەنسىرەپ قالغان، شۇڭا يىراق شەرق رايونىدا بىر قاتار سىياسەتلەرنى ئىلىپ بارغان. مەسىلەن: دىپلوماتىيەجەھەتتە: 1929-يىلى 7-ئايدىن12-ئايغىچە داۋاملاشقان ئۇتتۇرا شەرق تۆمۈر يولى ۋەقەسىدىكى چوڭ كۆلەملىك توقۇنۇشتىن كىيىن ياماناشقان جۇڭگو-سوۋيېت مۇناسىۋىتى، 1932- يىلغا كەلگەندە، ئاندىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن[18]؛ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە: 1934- يىلى6-ئايدا، يىراق شەرق رايۇنىدىكى سوۋيېت ئارمىيىسى 11پىيادىلەر دىۋىزىيىسى، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، 650 تانكا، 500 ئايروپىلان، ئومۇمىي ئەسكەر كۈچى 230 مىڭ ئىدى. لىكىن ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىدە، پەقەت ئۈچلا دىۋىزىيىسى بولۇپ، بىر ماتۇرلاشقان بىرىگادا، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى،ئۈچ مۇستەقىل مۇداپىئەلىنىش ئارمىيىسى، 80 ئايروپىلان، ئومۇمىي ئەسكەر كۈچى 50 مىڭ بولۇپ، كورىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى قوشقاندىمۇ سوۋيېتنىڭ يىراق شەرقتىكى ئارمىيىسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىگەن. [19]ياپونىيىنىڭ سىستاتىكىسىغا ئاساسلانغاندا،1935-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ياپونىيەنىڭ كورىيە ئارىلى ۋە مانجۇرىيىدىكى ئاساسلىق ھەربىي كۈچى، پەقەت 5 دىۋىزىيىگىلا ئىگە بولۇپ، 220 ئايروپىلان، 150تانكىلا بار بولۇپ، سوۋيېتنىڭ يىراق شەرقتىكى پىيادىلەر قىسمى، ئاتلىق قىسمىنىڭ سانى، ياپونىيىنىڭ 3 ھەسسىگە، ئايروپىلانى4 ھەسسىگە، تانكىسى5.5 ھەسسىگە توغرا كەلگەن. [20] 1931-يىلىدىن 1936-يىلغىچە سوۋيېت يىراق شەرق زەربىدارلار قىسمىنى 6 دىۋىزىيىدىن16 دىۋىزىيىگە كۆپەيتكەن،ئەمما ياپونىيە مەزكۇر رايوندا، پەقەت 5 دىۋىزىگە [21] ئىگە بولۇپ،شۇنداقلا بۇ پەرق ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ ماڭغان. ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ئەسكىرى كۈچى 1937-يىلى5 دىۋىزىيىگە،1938-يىلى8 دىۋىزىيىگە، 1938-يىلى 24 زەربىدارلار دىۋىزىيىگە، 1930-يىلى 30 زەربىدارلار دىۋىزىيىگە ئىگە ئىدى. [22] ئالاھىدە تىلغا ئىلىشقا بولىدىغىنى شۇكى 1934-يىلى سوۋيېت TB3 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان ياساپ، ناھايىتى تېزلىكتە ۋىلادىۋوستوكقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ ئايروپىلان ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار بومباردىمانچى ئايروپىلان بولۇپ، بومبا قاچىلاش مىقدارى چوڭ بولۇپلا

قالماستىن، يەنە يىراق مۇساپىگە ئۇچۇش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئايرۇپىلان ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى بومباردىمان قىلغىلى، شۇنداقلا بىخەتەر قايتىپ كەلگىلى بولىدىغان بولۇپ، 1938-يىلى 1-ئايدا، ياپونىيە «مەركىزىي ئاخباراتى» دىگەن گېزىت شاۋزۇڭنىڭ ماقالىسىدا : «بۇ بومباردىمانچى ئايرۇپىلاننىڭ ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلالايدىغانلىقى، ۋەيران قىلىش كۈچىنىڭ 1923-يىلى يۈز بەرگەن توكيودىكى چوڭ يەر تەۋرەش كۈچىنىڭ 10 ھەسسىگە توغرا كېلىدىغانلىقى» [23] ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 1937-يىلى كۈزدە، سوۋېت پىيادىلەر قىسمىنىڭ 25% نى، توپچىلار قىسمىنىڭ 17% نى، تانكا قىسمىنىڭ 22% نى يىراق شەرققە يۆتكىگەن. [24] سىياسىي جەھەتتە:سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سىياسىتىنى ئادەتتە ئىككى تارماقنىڭ خىزمەتلىرى ئارقىلىق قانات يايدۇرغان بولۇپ، بىرى تاشقى ئىشلار كومىسسارىياتى، ئۇنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىتى «تىنچلىق دىپلوماتىيىسى» ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇش؛ يەنە بىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بولۇپ، ئۇ «فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش» نىقابى ئاستىدا غەرب دۆلەتلىرىدە «ئۇرۇشقا قارشى» ھەرىكەت ۋە باشقا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغاش بىلەن شۇغۇللانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق رايونىدا، بەزىدە بۇ ئىككى يولنى تەڭلا قوللانغان. بولۇپمۇ 1935-يىلى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونال موسكۋادا، 7-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرغان. خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبىرى دىمىتىروف يىغىندا دوكلات بېرىپ:«ئىشچىلار سىنىپىنى ئاساس قىلغان، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە زىيالىلاردىن تەشكىل تاپقان فاشىستلارغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشقا چاقىرغان» . [25] شۇنداقلا ئېنىق قىلىپ، جۇڭگودا «پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپونغا، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» نى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ ستالىننىڭ سىياسىتى بولغاچقا تەبىئىي ھالدا قوللاشقا ئېرىشكەن. 1936-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى سوۋېت ھۆكۈمەت تەرەپ «ھەقىقەت گېزىتى»دە؛ «يىراق شەرقتىكى دۆلەت چېگرىسى، ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قاتمۇ- قات سېپىل ياساپ، شۇنداقلا ناھايىتى ياخشى قوراللانغان يىراق شەرق سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن غايەت زور قۇدرەتكە

ئىگە تىنچ ئوكيان فىلوتى يىراق شەرق رايوننى قوغدىماقتا، بۇنىڭدىن سىرت ھۆكۈمەت تەرەپ يىراق شەرق رايونىغا يېزا ئىگىلىك، قاتناش ۋە باشقا تەرەپلەردە ياردەم بېرىپ، مەزكۇر رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى »دەپ بايانات ئېلان قىلغان.[26]

سوۋېتنىڭ دىپلوماتىيە،ھەربىي،سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ياپونىيەمۇ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللانغان. 1935-يىلى باش شتاب بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شى يۈەن ۋەنئېر: «مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت كۈچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئىگە سوۋېت ۋە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسىگە ئىگە ئامېرىكا بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى ۋەزىيەت داۋاملىشىۋەرسە،ئېھتىمال سوۋېت،ئامېرىكا،ئەنگلىيە،جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا دۈشمەن بولۇپ قېلىشتەك پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا بارلىق كۈچ بىلەن سوۋېتتىن كەلگەن تەھدىتنى يوقىتىشىمىز، جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ زىيادە بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ئىمكانقەدەر،ئامېرىكا،ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىقنى ساقلاپ، مەزكۇر ۋاقىت ئىچىدە مانجۇرىيىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك »دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [27] 1936-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ياپونىيە باش ۋەزىرى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋەزىرى، دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى قاتارلىق «بەش ۋەزىر كېڭىشى» ئېچىلىپ «دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاساسى يولى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش »نى بېكىتكەن. شۇنداقلا، ئوخشاش بىر كۈندە، «تۆت ۋەزىر كېڭىشى» دۆلەت ئىستىراتېگىيىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىمپېرىيىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە: «دىپلوماتىيىدىكى مۇھىم نوقتىنى سوۋېتنىڭ شەرقىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش، بولۇپمۇ ھەربىي تەھدىتىنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي ئاسىيانىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش »دەپ بېكىتكەن. [28] شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ياپونىيە ئىچكى كابىنىتى: «ياپونىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى

سىياسىتىنىڭ ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېتنىڭ كۈچىنى چەكلىشىمىز، ياپونىيىگە كېلىدىغان تەھدىتنى ئازايتىشىمىز كېرەك» دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [29] دىپلوماتىيە جەھەتتە : 1936 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ياپونىيە، گېرمانىيە بىلەن «گېرمانىيە ـ ياپونىيە كوممۇنىزىمدىن مۇداپىئەلىنىش كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالىغان.

ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان بۇ كېلىشىمدە، سوۋېت دەل ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى ۋە قوماندانلىق مەركىزى بولۇپ، خۇددى ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يوۋتىيەن بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن پالاتاغا سۇنغاندا: « بۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت تونۇپ يېتىشى كېرەككى، بۇ مۇقەررەر گېرمانىيە، ياپونىيە ئىككى كۈچلۈك دۆلەتكە دۇچ كېلىدۇ ». [30] دېگەندەك بولۇپ، بۇ 1935 ـ يىلى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فاشىستلارنى دۈشمەن دەپ بېكىتىپ كىشلەرنى قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغانلىقىغا بېرىلگەن جاۋاپ ئىدى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، 1932 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ماھىيەتلىك ياخشىلىنىش بولمىغان بولۇپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا ئىچكىرلەپ كىرىپ، «لۇگۇچياۋ ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، جۇڭگونى خەۋپسىزلەندۈرسە، «گېرمانىيە ـ ياپونىيە كوممۇنىزىمدىن مۇداپىئەلىنىش كېلىشىمنامىسى» سوۋېتنى خەۋپسىزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئورتاق تونۇشقا ئىگە قىلغان. شۇ سەۋەپتىن ئىككى تەرەپ 1937 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست، نەنجىڭدا «سوۋېت ـ جۇڭگو ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان. بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، جۇڭگو بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىچە بولغا ئارلىقتا غەربنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن، چۈنكى ياپونىيە «1 ـ سىنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغاشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى «مانجۇرىيە رايونىنىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن»[31]دەپ بايانات ئېلان قىلىپ ،غەربنىڭ بۇنىڭغا قارىتا «ئارلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللىنىشنى ئۈمىد قىلغاچقا، غەربمۇ ياپونىيەنى ماھىيەتلىك ئەيىپلىمىگەن. بۇ كېلىشىمنامە تۈزۈلگەندىن كېيىن،جۇڭگو

خەلقئارادا،يېتىم قىلىشتىن قۇتۇلغان. شۇنداقلا،سوۋېتنىڭ غايەت زور ياردىمگە ئېرىشكەن.سوۋېتنىڭ سىستاستىكىسغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت 1938-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ 1938-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى 500مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ 993-يىل 6 -ئاينىڭ 10-كۈنى بىر مىليۇن 500مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلغان [32]؛ 1937 -يىلى 10-ئايدىن 1939-يىلى 9-ئايغىچە، 985ئايرۇپىلان،82تانكا، 1300 مىناميۇت، 1400دىن ئارتۇق پىلمۇت قاتارلىق قوراللىق ياردەملەر بىلەن تەمىنلىگەن [33]1939-يىلى2-ئايغىچە، سوۋېتنىڭ جەمئىي 3665 نەپەر ھەربىي مۇتەخەسسى جۇڭگودا خىزمەت قىلغان. 2000 نەپەر ئۇچقۇچى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار ياپونىيىنىڭ 86 ئايرۇپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن. 200دىن ئارتۇق ئۇچقۇچىسى جۇڭگودا قۇربان بولغان[34] ئۇنىڭدىن باشقا، 1937-يىلى 3-نويابىر، بىريۇسىلدا خەلقئارا ئۈتتىپاققا ئەزا 10دۆلەت يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، يىغىندا ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى مەسلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان. يىغىن مەزگىلىدە، ستالىن «ئويلىمىغان يەردىن جاڭ چۈنىي -ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ مەسلھەتچىسىنى چاقىرتقان ھەمدە ئۇنىڭغا، مېنىڭچە، جۇڭگو قەيسەرلىك بىلەن ناھايىتى ياخشى كۈرەش قىلۋاتىدۇ، ۋەزىيەت جۇڭگوغا پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا، سوۋېت ئۈتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ»دېگەن[35] بۇ ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق سوۋېت رەھبىرىنىڭ ياپونىيىگە تەھدىت سېلىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

«سوۋېت-جۇڭگو ئۆزئارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نىڭ تۈزۈلىشى،شۇنداقلا،سوۋېتنىڭ جۇڭگوغا قىلغان مەخپىي ياردىمى ياپونىيىنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ (مەسىلەن:تەيئېرجۇاڭ جېڭىدا،جۇڭگو تەرەپ، سوۋېتتىن ئالغان قوراللار ئارقىلىق ياپونلارنى مەغلۇپ قىلغان) ئۇنىڭدىن باشقا 1935-يىلى 1-ئايدا يۈز بەرگەن «خالخا ۋەقەسى»؛ 1936-يىلى2-ئايدا يۈز بەرگەن «ئۇلاخوركا ۋەقەسى»؛ 1937-يىلى6-ئاينىڭ19-كۈنى يۈز بەرگەن«چېيەن چىيازى ئارىلى ۋەقەسى»، ھەمدە شۇ يىلى10 -ئاينىڭ 28-كۈنى يۈز بەرگەن توقۇنۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت

ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونلارنى چەكلەپ،كورىيانلارنى مەزكۇر رايونىدا ،سوۋېتقا قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى دەپ قاراپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەجبۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق 180مىڭ كورىيانىنى قازاقىستانغا كۆچۈرۈش ۋەقەسى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئەسلىدىنلا جىددىي ۋەزىيەتنى تېخمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇنداقلا 1938-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى سوۋېت دېڭىز ئارمىيە كومىسسارى سېمېنوف ۋىلادىۋوستوكتىكى «1-ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پاراتقا قاتناشقان، شۇنداقلا ياپونىيىگە قارىتا «سوۋېتنىڭ يىراق شەرق ئارمىيىسى تىنچ ئوكيان فلوتى ئالىلقاچان ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويدى. ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇرۇشقا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك زەربە بېرەلەيدۇ. ياپونىيە قاراقچىلىرى چوقۇم بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ۋىلادىۋوستوكتىكى بارلىق ئارمىيە ۋە خەلق مەزكۇر رايوننى قوغداش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالايدۇ.»دەپ جاكارلىغان. [36] بۇ باياناتقا قارىتا ياپونىيىنىڭ سوۋېتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چۇڭگۇاڭ كۈيخۇەن سوۋېتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ :«سېمونوفنىڭ باياناتى سوۋېت بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاۋاتقان ياپونىيىگە نىسبەتەن چىداپ تۇرغىلى بولغايدىغان يامان غەرەزلىك قارا چاپلاش قىلمىشى بولۇپ،ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىغۋاگەرچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە » دەپ جاكارلىغان. [37] ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ،ستالىن گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى سۇن كې بىلەن 6 سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشىپ، «جۇڭگو ئۆزى ئۇچۇنلا جەڭ قىلىپلا قالماي، يەنە سوۋېت ئۇچۇنمۇ جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ مەقسىتى يىراقتىكى بىجار كۆلىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل سىبىرىيىنى ئىگەللەش» دەپ كۆرسەتكەن.[38]

ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىۋاتقان چېگرا توقۇنۇشى،«جۇڭگو -سوۋېت شەرتنامىسى» ئارقىلىق سوۋېتنىڭ جۇڭگوغا توختىماي ياردەم بېرىشى، ستالىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ توختىماي ياپونىيىگە قارىتا ئېلان قىلغان باياناتلىرى، ياپونىيىنى سوۋېتكە نىسبەتەن تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈپ، بىرنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىمىز سوۋېتكەن دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان. دەل شۇنداق جىددى

پەيتتە 1938-يىلى 7-ئايدا جىلىنىنىڭ جاڭگۇفېڭ ئەتراپىدا (بۇگۇنكى خۇيچۇەن بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب چېگرىسىدە)، ياپونىيە - سوۋېت قوراللىق توقۇنۇشى يۈز بەرگەن. 1938-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە، ياپونىيە تەخمىنەن 40 سوۋېت ئەسكىرىنىڭ جاڭگۇفېڭدا بازا ياساۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغان بولۇپ، بۇ رايون 1886-يىلى روسىيە - مەنچىڭ «خۇيچۇەن چېگرا كېلىشىمى»گە ئاساسەن، جاڭگۇفېڭ مەنچىڭغا تەۋە دەپ بېكىتكەن. 1909-يىلىدىكى چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ خۇيچۇەن چېگرىسىدىكى ئەمەلدارى سىزىپ چىققان يەر شەكلى خەرىتىسىدىكى دۆلەت چېگرا سىزىقى بىلەن 1941-يىلىدىكى روسىيە باش شتاب بۆلۈمىنىڭ تارقاتقان 1:84000 خەرىتىسىمۇ پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ، مەزكۇر رايون مەنچىڭغا تەۋە دەپ بېكىتىلگەن. 1915-1920 يىلىدىكى مانجۇرىيىدە تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۆلچەش- سىزىش ئىدارىسى تارقاتقان خەرىتىدىمۇ جاڭگۇفېڭ مانجۇرىيىگە تەۋە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھالبۇكى بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1911-يىلىدىكى روسىيە شتاب بۆلۈمى تارقاتقان خەرىتىنى ئېتىراپ قىلماي، جاڭگۇفېڭ سوۋېتقا تەۋە بولۇشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالغان. بۇ ئەلۋەتتە مانجۇرىينى ھامىيلىققا ئالغان ياپونىيىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇ سەۋەپتىن 7-ئاينىڭ 15-، 20- كۈنلىرى ياپونىيىنىڭ سوۋېتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سوۋېتقا ئىككى قېتىم نوتا تاپشۇرۇپ: سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىپ چىقىشىنى، جاڭگۇفېڭ رايونىنى ئەسلىدىكى ھالەت بويىچە ساقلاشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا، ئەگەر سوۋېت چېكىنىپ چىقمىسا، بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزلىرى ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. [39] بۇنىڭغا قارىتا سوۋېت ھەرقانداق تەھدىتنىڭ سوۋېتنى قورقىتالمايدىغانلىقى توغرىسىدا باياناتات ئېلان قىلغان. شۇ سەۋەپتىن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكىلەر سوۋېت قانۇنسىز جاڭگۇفېڭنى بېسىۋالدى دەپ قاراپ،7-ئاينىڭ 16-كۈنى، كورىيەدە تۇرۇشلۇق قوماندانى جوڭ سۈن شىياۋ تەيگە :«ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چېگرا ئەتراپىغا كورىيە قىسىملىرىنى يۆتكەش، لېكىن قورال ئىشلىتىش چوقۇم باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئاندىن بۇيرۇققا ئاساسەن بولۇشى كېرەك»دەپ تېلگراممىا يوللىغان. [40] بۇ ئىنىقكى بىر تەرەپتىن

مەزكۇر رايوندا سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ زورلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق، ھاۋا قىسىملىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ قورال-لىق توقۇنۇشۇپ قالسا، پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىغانلىقىدەك پاكىتنى ئاساس قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان سەممىيىتىنى ئىپادىلىگەن.

7-ئاينىڭ 29-كۈنى ياپونىيىنىڭ 19-دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى ۋېگاۋ سوۋېت ئارمىيىسى جاڭگۇفېڭغا قانۇنسىز كىرىپ، ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى دەپ قاراپ، ئىككى كىچىك ئەترەتنى سوۋېت ئەسكەرلىرىنى جاڭگۇفېڭدىن چېقىرىۋېتىشكە بۇيرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە كېلىپ چىققان. توقۇنۇشتىن كېيىن، سېئولدا تۇرۇشلۇق كورىيە باش قوماندانلىق قىسمى ۋە ئەمەلدارلىرى يەنە بىر قېتىم 19-دىۋىزىيىگە :« ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ئىشنى چوڭايتىۋەتمەسلىك» [41] توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەمما 19-دىۋىزىيە كوماندىرى ۋېگاۋ :«مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ،سوۋېتقا ياپونىيىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش،بولمىسا چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس بولىدۇ دەپ قاراپ[42]، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ « ھەرقانداق ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئىشنى چوڭايتىۋەتمەسلىك» توغرىسىدىكى بويرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنى جاڭگۇفېڭدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغان.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى كېچىسى ئىككى تەرەپ «توقۇنۇشنى تۈگىتىش كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالىغان. 8-ئاينىڭ 11-، 12-، 13- كۈنلىرى ئىككى تەرەپ ئېلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۈچ قېتىم ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن. ياپونىيە ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ چېگرادىكى تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچكەن. ئارقىدىنلا ياپونىيىنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى جاڭگۇفېڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، جاڭگۇفېڭدىن ئايرىلىپ قالغان. ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك سەۋەبى ياپونىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋۇخەنگە مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، مانجۇرىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچى 6-دىۋىزىيە بولسا، سوۋېتنىڭ 20 دىن ئارتۇق دىۋىزىيىسىگە ئىگە بولۇپ، شۇنداقلا سوۋېت ئارمىيىسى ياپونىيە

ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە كېلىدىغان پىيادە ئەسكەر، 4 ھەسسىگە كېلىدىغان زەمبىرەك، ئايروپىلان، تانكا قاتارلىق زامانىۋىلاشقان ئۇرۇش قوراللىرىنى ئارمىيىگە سەپلەپ بەرگەن. [43] شۇنداقلا، ئۇرۇش تازا جىددى ھالەتكە كەلگەندە، 19-دېۋىزىيىدىكىلەر توكيوغا جىددى تېلگراممىا يوللاپ، تانكىغا قارشى ئوق-دورىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇش بۇيۇملىرىنى تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋازارىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. چۈنكى بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ۋۇخەنگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. خۇددى ئۇرۇشتىن كېيىن كانتون ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى شى يۈەن ۋەنئېر ئېنىق قىلىپ :« ‹ جاڭگۇفېڭ ۋەقەسى› دە، ياپونىيە سوۋېتكە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى.بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ياپونىيىنىڭ ئەسكىري كۈچى جۇڭگو توقۇنۇشىغا بەنت بولۇپ قالغانلىقتىن» دەپ ھەسرەتلەنگەن.[44]

ياپونىيىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىدا، «بۇ توقۇنۇشقا قاتناشقان ياپونىيە ئەسكىرى تەخمىنەن 7000،زەمبىرەك 37 دانە، تانكا ۋە ئايروپىلان يوق. ئەمما سوۋېتنىڭ ئەسكىرى تەخمىنەن 20 مىڭ، زەمبىرەك 100 ،تانكا 230، ئايروپىلان 100. ئۇرۇش جەريانىدا، ئۆلگەن ياردار بولغانلار 4500، پاچاقلىۋېتىلگەن قورال-ياراقلاردىن 96 تانكا، 16 زەمبىرەك، 3 پىلموت، 3 ئايروپىلان قاتارلىقنى ياپونىيىدىن غەنىيمەت ئالغان. بۇيۇملار 105 پىلموت، 3 تاپانچا،16 يېنىك تېپتىكى پىلموت، 6 ئېغىر تېپتىكى پىلموت، 4 دېسكىلىق پىلموت، 2گراناميۇت. ياپونىيىدىن ئۆلگەن-ياردار بولغانلار 1440نەپەر، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلگىنى 526 نەپەر»دەپ خاتىرلەنگەن. [45] بۇ سانلىق مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ياپونىيە ئادەم كۈچى ۋە قۇرال-ياراغ جەھەتلەردە، سوۋېتتىن خېلىلا ئارقىدا قالغان.

ياپونىيە باش شتاب بۆلۈمى «جاڭگۇفىڭ ۋەقەسى»دىن، سوۋېت بىلەن تۇتۇششىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 1939-يىلىنىڭ بېشىدا، كانتون ئارمىيىسىگە «ھەرگىز چېگرا تالاش-تارتىشقا قارىتا، قاتتىق ۋاستە قوللانماسلىق»توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. [46] لېكىن 1939-يىلى10-مارت، ستالىن سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىك) نىڭ 18-قۇرۇلتىيىدا، يېڭى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىغا قەدەم

قويغانلىقىنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ شەرقتە شاڭخەيدىن، غەربتە جەبىلتارىققىچە بولغان 500 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت جاكارلىغان. [47] بۇ ئېنىقلا، ياپونىيىنى جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى ئېلىپ باردى دەپ ئەيىپلىشى بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا، سوۋېت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋورشولوف دوكلاتىدا: «يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، پۈتكۈل سوۋېت ھەربىيلىرىگە مۇنتىزىم ھەربىي تۈزۈم ئورنىتىش كېرەكلىكى» نى ئوتتۇرغا قويغان. [48] شۇ سەۋەپتىن، سوۋېتنىڭ يىراق شەرقتە تۇرۇشلۇق بارلىق سوۋېت پىيادىلەر دىۋىزىيىسى ۋە ئاتلىق دىۋىزىيىسى پۈتۈنلەي مۇنتىزىم ھەربىي قىسىمغا ئۆزگەرتىلىپ، پىيادىلەر دىۋىزىيىسىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن ھەم سوۋېت يەنە يىراق شەرق قىسمىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ۋە ئارقا سەپ تىرانسپورت ئېقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىبىرىيە غول تۆمۈر يولىنىڭ باش پونكىتىنىڭ شەرقىگە تارماق تۆمۈر يول ياساپ، سىبىرىيە ئىككىنچى تۆمۈر يولى، تاشيول تورى،ئايرۇدرۇم تورىنى بەرپا قىلغان. شۇنداقلا،سوۋېت پۇقرالىرنى يىراق شەرق رايۇنىغا كۆچۈشكە ئىلھام بەرگەن. بىچار كۆلىنىڭ شەرقىي رايۇنىدىكى ئادەم ئاز جايلاردا،1939-يىلى1-ئايدىكى نوپۇس ستاتستىكىسىدا، مەزكۇر رايۇندىكى شەھەر نوپۇسى كۆپىيىپ 2مىليون340مىڭغا، يېزا نوپۇسى كۆپىيىپ 2مىليون 970مىڭغا يەتكەن. [49] شۇنداقلابۇ ۋاقىتتا، ياپونىيە، مانجۇرىيە ۋە كورىيەدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى 1937-يىلى 5دىۋىزىيىدىن، 1939-يىلى9 دىۋىزىيىگە يەتكۈزگەن بولسا، سوۋېت يىراق شەرق ئارمىيىسىنىڭ سانىنى 30 دىۋىزىيىگە يەتكۈزگەن.[50]

يۇقارقىدەك، سوۋېتنىڭ ستالىن باشچىلىقىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرنىڭ سىياسىي بېسىمى، يىراق شەرق رايونىغا توختىماي ئەسكەر يۆتكىشى،جۇڭگوغا يۇشۇرۇن ياردەم بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەر، سوۋېت- ياپون مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ،ئاخىرى« نومغىن ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## Ⅱ « نومغىن ۋەقەسى»نىڭ جەريانى

ـــ كانتون ئارمىيىسىنىڭ يايلاقتا يۈرۈش قىلىشى.( ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى نومغىندا قۇربان بولغان)

نومغىن رايونى بولسا مانجۇرىيە بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ ئۆتەڭگى بولۇپ، بۇرۇنلا سوۋېت موڭغۇلىيىنى، ياپونىيە مانجۇرىيىنى كونترول قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئالىلقاچان ئۆز ئارا «مانجۇرىيە» بىلەن «موڭغۇلىيە»نى ئېتىراپ قىلغان بولغاچقا، ئىككىلا تەرەپ نومغىن رايۇنىنى ئۆز زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. ياپونىيە تەرەپ«چېگرا سىزىقىنى خالخا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىندا بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا 1918-يىلى نەشر قىلىنغان جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي مەسلھەتچىلەر بۆلۈمى يەر شەكلى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ سىزغان 1:100000 نىسبەتتە موڭغۇلىيە چېگرا خەرىتىسىنى سىزىغانلىقىغا ئاساسەن، يەنە 1906 -يىلى روسىيە تاشقى بىجار تەكشۈرۈش-سىزىش ئەترىتىنىڭ سىزغان 1:80000 نىسبەتتە سىزىلغان يەر شەكلى خەرىتىسىگە ئاساسەن، نومغىن رايۇنى ـــــ مانجۇرىيىنىڭ زېمىنى، سوۋېت بىلەن موڭغۇلىيە مەزكۇر رايونغا كىرسە، چېگرىدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىك بولىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [51] ئەمما سوۋېت ۋە موڭغۇلىيە ھەربىي تەرەپ «خالخا دەرياسى بولسا، موڭغۇلىيىنىڭ ئىچكى دەرياسى، 1734-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بېكىتكەن تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ مەزكۇر رايۇنىدىكى چېگرىسى خالخا دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.شۇڭا نومغىن رايۇنى موڭغۇلىيىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بۇلۇشى كېرەك»دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[52] شۇنىڭ بىلەن ماھىيەتتە «جاڭگۇفىڭ ۋەقەسى»گە ئوخشاش، چېگرا سىزىقىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن «نومغىن ۋەقەسى» كېلىپ چىققان.

نومغىن ۋەقەسىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ (1939 ـ يىلى5ـئاينىڭ 11ـكۈنىدىن 31ـ كۈنىگىچە)

1939ـيىلى5ـئاينىڭ 11ـ ، 12كۈنلىرى، موڭغۇلىيىنىڭ 60 تەك ئاتلىق ئەسكىرى نومغىن رايونىغا كىرىپ ،مانجۇرىيىنىڭ ساقچىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان. 5ـئاينىڭ 15ـكۈنى، ياپونىيە، «مانجۇرىيە ـموڭغۇلىيە چېگرا تالاش ـتارتىشىنى بىر تەرەپ قىلىش تىزىسى»نى ئاساس قىلىپ، ‹موڭغۇلىيە قىسمى چېگرىدىن بۆسۈپ ئۆتتى› دەپ ھىساپلاپ، بىر يىنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەتىرىتىنى ئەۋەتىپ، موڭغۇلىيە قىسمىنى خالخا دەرياسىنىڭ غەربىگە قوغلىۋەتكەن. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ـموڭغۇل بىرلەشمە ئارمىيىسى يەنە شەرقىي رايونغا بېسىپ كىرگەن. 5ـئاينىڭ 27ـكۈنى، ياپونىيە ـمانجۇرىيە ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت ـموڭغۇلىيە ئارمىيىسى تۇتۇشۇپ قالغان بولۇپ، ياپونىيە قىسمى سوۋېت تانكا قىسملىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان. 5ـئاينىڭ 31ـ كۈنى ئامالسىز خەيلارغا چېكىنگەن .

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا 1939ـيىلى 5ـ ئاينىڭ 31ـكۈنى سوۋېت مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى مولوتوۋ (1890ـ1986)، ئۈچىنچى قېتىملىق ئەڭ ئالىي سوۋېتلەر كېڭەشىدە : «سوۋېت ـ موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، بىز موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىنى قوغداشقا ياردەم بېرىمىز. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. بىز موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان ئۆزئارا ياردەم بېرىش كېلىشىمگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمىز. بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، سوۋېت ـموڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۆزئارا كېلىشىمگە ئاساسەن، بىز موڭغۇلىيە چېگرىسىنى خۇددى ئۆزىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغدىغانغا ئوخشاش قوغدايمىز »[53] دەپ جاكارلىغان. بۇ ئادەمگە ستالىننىڭ 1939ـيىلى 3ـ ئاينىڭ 10ـكۈنى پارتىيىنىڭ 18ـقۇرۇلتىيىدا، سوۋېتنىڭ تاشقى سىياستى توغرىسىدا : « بىز ھازىر ياكى كەلگۈسىدە تىنچلىقتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىمىز، پەقەت باشقا دۆلەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەتىگە زىيان يەتكۈزمىسىلا، بۇ سىياستىمىزنى

ئىزچىل يۇرگۈزىمىز» دەپ جاكارلىغان [54] بولۇپ، بۇ سوۋېتنىڭ بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن موڭغۇلىيەدەك ئىقتىسادى قالاق، نوپۇسى ئاز (ئەينى ۋاقىتتا ئادىمى 800000 ئەتىراپىدا ئىدى) بۇ دۆلەتنى ئالىلقاچان تېزگىنلەپ، موڭغۇلىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئايلاندۇرۋالغانلىقىنى شۇنداقلا بۇ مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشتىن يانمايدىغانلىقىدەك مەيدانىنى ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى باسقۇچ (1939-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە).

6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئەسكىرى كۈچنى يۆتكەپ، 6-ئاينىڭ 19-كۈنىگە كەلگەندە، تەخمىنەن 30 ئايرۇپىلاننى نومغىن رايونىدىكى ياپونىيىنىڭ گەنجۇئىر بۇتخانىسى، ئامۇگۇلاڭ قاتارلىق ياپونىيە بازىسنى بومباردىمان قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن. سوۋېت ھەربىي تەرەپ خالخا دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بازا قۇرۇپ،20 زەمبىرەك، 30تانكا ۋە 500 ئېغىرتېپتىكى ماشىنىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.6-ئاينىڭ 22-، 24-كۈنلىرى سوۋېت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 95دانە ۋە 60دانە ئايرۇپىلاننى ئىشقا سېلىپ، ياپونىينىڭ بازىسنى بومباردىمان قىلغان. ياپونىيە ئايرۇپىلانلىرىمۇ قايتۇرما زەربە بېرىپ، شىددەتلىك ھاۋا ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغان. 6- ئاينىڭ 27-كۈنى ياپونىيە ئارمىيسى 119 ئايرۇپىلاننى ئىشقا سېلىپ، سوۋېتنىڭ تاموسىك ئايرىدورۇمنى بومبادىمان قىلغان بولۇپ، بۇ ئاسىيا ھاۋا ئارمىيە ئۇرۇش تارىخىدا، تۇنجى بولۇپ كوللىكتىپ ھالدا دۈشمەن ئايرىدورۇمغا قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇش بولۇپ. ياپونىيە تەرەپنىڭ ئاشكارلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھاۋا ھۇجۇمى تۇپەيلىدىن سوۋېت 140 ئايرۇپىلاندىن ئايرىلغان. [55] شۇ سەۋەپتىن سوۋېت بىر مەزگىلگىچە ھاۋانى كونتىرول قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان. لېكىن سوۋېت 16-Y تىپلىق كۆرەشچى ئايرۇپىلاننى جەڭگە سېلىپ ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقوقىنى يەنە قولىغا ئېلىۋالغان. سوۋېت ھاۋا ئارمىيسى ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار بولغان قوش سەپ تۈزەپ ھۇجۇم قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ كانتون ئارمىيسنى ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

— سوۋېت قىزىل ئارمىيە گېنرالى ژۇكوف

7-ئاينىڭ 2-كۈنى، ياپونىيە خالخا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سوۋېت موڭغۇل ئارمىيسگە ھۇجۇم تەشكىللىگەن بولسىمۇ، لېكىن قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان. 7-ئاينىڭ 3-كۈنى كەچتە، ياپونىيىنىڭ 4-تانكا بىرلەشمە قوشۇنى، ھاۋا رايونىنىڭ ماسلىششى بىلەن سوۋېتنىڭ 36- ماتورلاشقان قىسمنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقۇزغان. بۇ بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك زەربە بولۇپ، بۇ ياپون تانكا قىسمىنىڭ پۈتكۈل «نومغىن ۋەقەسى» دىكى بىردىنبىر غەلبىسى بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇلار ئەتىسى «سوۋېت تانكا ئاتىسى» دەپ ئاتالغان ژوكوفنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تانكا قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان. 7 كۋادىرات كېلىدىغان ئۇرۇش مەيدانىدا، مىڭغا يېقىن ھەر خىل تىپتىكى ئۇرۇش قۇراللىرى ئىشلىتىلىپ ،ئاسىيا تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور كۆلەمدىكى تانكا ئۇرۇشى يۈز بەرگەن. سوۋېتنىڭ BT-7, BT-6, T-130, T-28, T-26 تىپلىق تانكا ۋە BA-6، BA-10 تىپلىق بىرونېۋىك قاتارلىق ھەرخىل تىپتىكى ئۇرۇش قوراللىرى،ئۆز ئارا ماسلىشىپ،نومغىن رايۇننى يېڭى قورالىلارنى تەجرىبە قىلىدىغان تەجرىبە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. [56] بۇ،كىشىگە 1936-يىلىدىن، 1939-يىلغىچە داۋاملاشقان ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا، ئىسپانىيەنىڭ، سوۋېت مۇتەخەسسلىرىنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك پاكىتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان.

بۇ قېتىمقى تانكا ئۇرۇشى «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ياپونىيىنىڭ 1-تانكا دىۋىزىيىسىنى (بۇ قىسىم ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل ياپونىيىدىكى بىرلا تانكا دىۋىزىيىسى بولۇپ، ئەزەلدىن ئىشلىتىلىپ باقمىغان) تېزلا ھالاكەتكە دۇچار بولغان.شۇنىڭدىن كېيىن، ياپونىيە تانكا قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇ «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان تانكا قىسمىنىڭ مەغلۇبىيىتى، توكيونى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن. شۇنداقلا، «بۇنداق باھاسى يۇقۇرى تانكىنى ئالدىراپ ئىشلەتمەسلىك كېرەككەن» [57] دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان.

7-ئاينىڭ 15-كۈنى،كانتون ئارمىيىسىدە، ئۆلۈم-يېتىم كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، مانجۇرىيەدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى توپچىلار قىسمىنى يۆتكەپ ئەكەلگەن. 7- ئاينىڭ 23-كۈنى، ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت-موڭغۇل ئارمىيىسى ئۈچ كۈن داۋاملاشقان زەمبىرەك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان زەمبىرەك ئۇرۇشى، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇپ، ياپونىيە توپچىلار قىسمى ئېلگىرى، بۇنداق يۇقىرى مۇساپىلىق ئېتىش مەشىقىنى قىلىپ باقمىغان بولغاچقا، تەجرىبىسىزلىك سەۋەبىدىن، سوۋېتنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا، ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان.

ھاۋا، تانكا، زەمبىرەك ئۇرۇشلىرىدا، ياپونىيە ئارمىيىسى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ساموراي روھىنىڭ تەسىرگە قاتتىق ئۇچرىغان ياپون ئەسكەرلىرى، باتۇرلۇق روھى بىلەن ئۆزنى ئۇنتىغان ھالدا، كىچىلىك ئادەمبومبا ھۇجۇمنى تەشكىللىگەن بولسىمۇ، سوۋېت تەرەپتىن سېزىلىپ قىلىپ نورغۇن جەڭچى قۇربان بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، كانتون ئارمىيىسى بىر قانچە قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك كىچىلىك ئادەمبومبا ھۇجۇمنى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار 5000دىن ئاشقان. سوۋېت تەرەپتىن 263ئادەم ئۆلۈپ سوۋېت ئارمىيىسىنى ئىككى - ئۈچ كىلومېتر كەينىگە چېكىندۈرگەن.

8-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن باشلاپ، كانتون ئارمىيىسى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپ، قىش مەزگىلىدە، ئۇرۇشنىڭ تېخمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قىشتىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى ئىشلىگەن بولسا، سوۋېت-موڭغۇل ئارمىيىسى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، چوڭ كۆلەملىك ئەسكەر ۋە ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ، ژۇكوفنىڭ قوماندانلىقىدا، چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلغان.

بىر قاتار مەغلۇبىيەت، ياپونىيە ئەسكەر سانىنى ئازايتقۇەتكەچكە، 8-ئايدا ياپونىيە قوماندانلىق قىسمى خالاچىندىكى قىسىمغا بولغان ياردەمنى كۆپەيتىپ، ياپونىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىدىكى دى چوۋلىن قوماندانلىقىدىكى 6-،7-، 23-دىۋىزىيە ۋە بىر مانجۇرىيە بىرگادىسى، ئۈچ ئېغىر تىپتىكى توپچىلار قىسمى، ئۈچ ئاتلىق قىسىم ھەم بىر مۇنچە ياردەمچى قىسمىنى ئەۋەتىپ

ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 7500، 500زەمبىرەك، 182تانكا، 300دىن ئارتۇق ئايرۇپىلاندىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇن ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن كۈچەيتكەن.

8-ئايلاردا، سوۋېت- موڭغۇل بىرلەشمە قوماندانلىق فىلوتىنىڭ 1-قىسمى ياپونىيلىكلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. قوشۇنغا ژۇكوف قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، 57-، 82- پىيادىلەر دىۋىزىيسى، 36- ماتورلاشقان دىۋىزىيسى، پىيادە ئەسكەرلەر 1-پىلموتچىلار برىگادىسى، 7-، 8-، 9-برونىۋېكلار بىرىگادىسى 6-، 11-تانكا بىرىگادىسى، موڭغۇلىيىنىڭ 6-، 8-ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيسى، 82- گىراناتچىلار برىگادىسى ھەم 212-پاراشۇتچىلار برىگادىسى بولۇپ، ئومۇمىي ئەسكەر كۈچى 110مىڭ، 498 تانكا، 385 بىرونىۋىك، 542زەمبىرەك ۋە مىناميوت، 515 ئۇرۇش ئايرۇپىلانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت 28 كۆۋرۈك، 63 ئايرودۇروم، 585 ترانسپورت ماشىنىسى ئارقىلىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇغان. [58] ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قارىغاندا، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلانغان بولۇپ، كۈچ سېلىشتۇرمىسى روشەن ھالدا سوۋېتقا پايدىلىق بولغان.

سوۋېت باش شتابىدىكىلەر ئالدىدىن قول سېلىش ئىستىراتېگىيسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قوزغاش ۋاقتىنى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى (يەكشەنبە) گە بېكىتكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ياپونىيە ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ تەگدىن تولسى نۆۋەتلىشىپ، خەيلارغا بېرىپ دەپ ئېلىۋاتقان بولۇپ، ھۇجۇم بۇيرۇقى كېچە سائەت 2 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، پۈتۈن ئۇرۇش سېپىگە يەتكۈزلۈپ، ياپونىيە ھەربىي گازارمىسى جىمجىتلىقتا چۆككەندە، سوۋېت ئارمىيسى زور كۆلەملىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى باشلىۋەتكەن، سائەت 5تىن 45مىنۇت ئۆتكەندە، سوۋېت ئارمىيسى 153 بومباردىمانچى ئايرۇپىلاننىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ياپونىيە بازىسىنى بومباردىمان قىلىپ، ئارقىدىنلا 2سائەت زەمبىرەك بىلەن ھۇجۇم قىلغان. سائەت 9 دا، يەنە بىر قېتىم 15 مىنۇت بومباردىمانچى ئايرۇپىلان ۋە توپچىلار قىسمىنى تەك ئىشقا سېلىپ، ياپونىيە ئالدىنقى سېپىدىكى توپچىلار قىسمى،

كۆزەتكۈچىلەر قىسمى، خەۋەرلىشىش پونكتى قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇپ ئارقىدىنلا، 203- پاراشۇتچىلار قىسمىنى، ياپونىيە ئارقا سېپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچۇرتىشقا ئەۋەتكەن.

بۇنداق تۇيۇقسىز زەربە ياپونىيە-مانجۇرىيە قىسمىنى گاڭگىرتىپلا قويغان بولۇپ، بىر يېرىم سائەت ئىچىدە، بىر تال زەمبىرەك، بىر تال ئايروپىلانمۇ قايتۇرما زەربىگە ئۆتمىگەن. [59] بۇنىڭدىن ياپونىيە قىسمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە، گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئوخشاش ۋاقىتتا، ياپونىيە قوماندانلىرى، سوۋېت ئاساسىي كۈچىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي خاتالىشىپ، مەغلۇبىيەتنى تېخمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. 24- كۈنى ياپونىيە قىسمى قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچرىغان ھەم شۇ كۈنى سوۋېتنىڭ زەربىدارلار قىسمى ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياپونىيە قىسمىنىڭ ھەربىي بازىسىدىن تېخى ئايرىلمىغان پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، توپ-زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، يۇشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ نورغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ كۈندىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا؛ «سول قانات ھۇجۇمچى قىسمىدىن پەقەت 7 ھەربىي ئوفىستىر،87 جەڭچىلا قالغان. پولك باشلىقى شىياۋلىن شىياۋجاڭنىڭ ئوك پۈتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ،مىڭشىقا ئامالسىز قالغان. لىن تىيەن باشچىلىقىدىكى ئوڭ قانات ھۇجۇمچى قىسىم سوۋېتنىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قېلىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە قۇربان بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. [60] 8- ئاينىڭ 24-كۈندىن 27-كۈنىگىچە، ياپونىيە 14- پىيادىلەر بىرىگادىسىنى قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە يېتەكلىگەن، لېكىن سوۋېتنىڭ 57- پىيادىلەر دىۋىزىيىسىدىكىلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان. 25-كۈندىن 31- كۈنىگىچە، ياپونىيە ئارمىيىسى قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ياپونىيە ئارمىيىسىگە ئاخىرقى قېتىملىق ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ. ياپونىيە ئارمىيىسىدىن پەقەت 2000دىن كۆپرەك ئەسكەر قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتكەندىن باشقا، بارلىق قىسىم ھالاك بولغان.[61]

ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيە نومغىندا، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جاپالىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقاندا،«مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ دىپلوماتىيە بومبىسى»دەپ ئاتالغان،[62] گېرمان-سوۋېت « ئۆزئارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشماسلىق»

شەرتنامىسى 8- ئاينىڭ 23-كۈنى ئىمزالىنىپ ياپونىيىلىكلەرنى گاڭگىرتىپ قويغان ، بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن،«ياپونىيىنىڭ ياۋرۇپا سىياستىنىڭ پۈتكۈل ئاساسىنى ۋەيران قىلىپ،1936-يىلى ‹كوممۇنىزىمدىن مۇداپىئەلىنىش كېلىشىمنامىسى › تۈزۈلگەندىن بۇيانقى كۈنسىرى قويۇقلىشىۋاتقان گېرمانىيە-ياپونىيە ھەمكارلىقىغا ئاز دېگەندىمۇ ۋاقىتىنچە ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا ئاپىرىپ قويۇپلا قالماستىن، يەنە ياپونىيە سىياستىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان» .[63]

9-ئاينىڭ 3-كۈنى، ياپونىيە قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكىلىرى كانتون ئارمىيىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەسلىدە ياردەمچى قوشۇننى كۈتۈپ، قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى بىكار قىلغان. 9-ئاينىڭ 9-كۈنى، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دوگ شىياگ ماۋدى، موسكۋادا سوۋېت تاشقى ئىشلار بۆلۈمى بىلەن نومغىن ۋەقەسىنى توختىتىش سۆھبىتىنى باشلىغان. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، ياپونىيە - سوۋېت ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان. كېلىشىمگە ئاساسەن ياپونىيە-مانجۇرىيە ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت -موڭغۇلىيە ئارمىيىسى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 2 دە (موسكۋا ۋاقتى) بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختاتقان. موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىينىڭ خالاچىن دەرياسى بويىدىكى رايونىدا چېگرا بەلگىلىنىپ، ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە ھەيئەتلەر بارلىققا كېلىپ ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاش؛ ئۆزئارا زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشماسلىق؛ ياپونىيە تەرەپ موڭغۇلىيىنىڭ نومغىن رايونىغا ئىگىلىك يۈرگۈزۈشىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلارنى بەلگىلىگەن.

ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەر سانى توغرىسىدا، ياپونىيە ئالىمى لىن سەنلاڭ : «كانتون ئارمىيىسى ۋە سوۋېت يىراق شەرق ئارمىيىسى » دېگەن كىتابىدا: «ياپونىيىنىڭ ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكىرى كۈچى 15975 ئادەم، ئۆلگەن ۋە يارادار بولغىنى 12200، بۇنىڭ ئىچىدە 4786 ئادەم ئۆلگەن. 5455 ئادەم يارادار بولغان. 639 ئادەم يوقاپ كەتكەن. ئۆلۈش يارلىنىش نىسبىتى 80% كە يەتكەن» دەپ يازغان. [64] ياپونىيىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلغان ئەسكەر سانى توغرىسىدا، ياپونىيە

ئارمىيىسىدىن 76000 ئادەم جەڭگە قاتناشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇرۇشتا ئۆلگەن- يارىدار بولغانلار 18000 ئادەم دېيىلگەن بولسا، سوۋېتنىڭ ئىلان قىلغان ستاتىستىكىسىدا،پەقەت ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرلا، ئاز دېگەندىمۇ 18300 ئادەم، ئەسىرگە چۈشكەنلەر 464 ئادەم دېيىلگەن. [65] جۇڭگولۇق ئالىملارنىڭ خاتىرىلىشىچە:«ئۇرۇشقا قاتناشقان ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ 6- ھەربىي دوختۇرخانىسىدىكى نومغىن ۋەقەسىدىكى ئۆلۈم-يېتىم ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ياپونىيە ئارمىيىسىدىن 7696 ئادەم ئۆلگەن، 8647 ئادەم يارلانغان، 1021 ئادەم يوقاپ كەتكەن » دەپ خاتىرىلەنگەن. [66] 1966- يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈندىكى ياپونىيە ياسۇكانى بۇزرۇكگاھىنى تاۋاپ قىلىش مۇراسىمدا،«نومغىن ۋەقەسىدە، قۇربان بولغانلارنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش مۇراسىمى» دا: «ياپونىيە ئارمىيسىدىن جەڭدە قۇربان بولغانلار 18000 ئادەم، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياپونىيىنىڭ ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەن - يارىدار بولغانلار 40000 ئادەمدىن ئاشىدۇ » دېيىلگەن. [67] بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرنىڭ ئۆلۈش-يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، ياپونىيە گېزىتىدە :«كۆپ ساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇنداق زور كۆلەمدە، ئۆلۈش-يارىلىنىش ئەھۋالى روسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشتىن كېيىن كۆرۈلۈپ باقمىغان » دەپ ھەسرەتلەنگەن.[68]

سوۋېت ئالىملىرى ئېلان قىلغان قورال- ياراق جەھەتتىكى ئەھۋالى مۇنداق بولۇپ :«ياپونىيە ئايروپىلاندىن 700نى ئېتىپ چۈشۈرگەن، سوۋېت-موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى 200دىن ئارتۇق زەمبىرەك، 340 پىلىمۇت، 1200دىن ئارتۇق مىلتىق ،2مىليون پاي ئوق ئولجا ئېلىنغان » [69] دېيىلگەن بولسا، ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا: « نومغىن ھاۋا ئۇرۇشىدا، سوۋېتنىڭ 400 ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن، ياپونىيە تەرەپتىن پەقەت 162 ئايروپىلان زىيانغا ئۇچرىغان » دېيىلگەن. [70] بۇ ئىككى ستاتىستىكىدا پەرق چوڭ بولۇپ، سوۋېت تەرەپ تامۇسىك ئايرىدۇرومدا قانچىلىك ئايروپىلانىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ستاتىستىكا قىلىشنى ساقىت قىلغان.

## III نومغىن ۋەقەسىنىڭ تەسىرى

ياپونىيىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشى بىر قانچە ئامىلغا مۇناسىۋەتلىك:

بىرىنچىدىن، سوۋېتنى سەل چاغلىغان. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە، ياپونىيە «چوڭ تازلاش» تىن كېيىن سوۋېتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى دەپ ھىساپلاپ، ‹ ياپونىيىنىڭ بىر دىۋىزىيىسى، سوۋېتنىڭ ئۈچ دىۋىزىيىسگە تەڭ كېلەلەيدۇ› دەپ جاكارلىغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە پىسخولوگىيە ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا : « ئوفىستىر ـ ئەسكەرلەرنىڭ 90% تىن كۆپرەكى سوۋېتنىڭ ئەھۋالنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ، ئاساسسىز ھالدا، دۈشمەننى سەل چاغلىغانلىقى» مەلۇم بولغان.[71]

ئىككىنچىدىن، ياپونىيە ھەربىي تەرەپتىكى ئۈتتىپاقسىزلىق. قۇرۇقلۇق ئارمىيسى بىلەن دېڭىز ئارمىيسى ئوتتۇرىسىدا، ئۇزاق مۇددەت زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيسى شىمالغا ئىلگىرلەشنى : دېڭىز ئارمىيسى جەنۇپقا ئىلگىرلەشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ ھالقىلىق ۋاقىتلىرىدا، ئۆزلىنىڭ ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولغان.

ئۈچىنچىدىن، ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىدىكى قوراللىرى ماھىيەت خاراكتېرلىك ياخشىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن. گەرچە قورال-ياراقلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ياپونىيە تەسلىم بولغىچە، ياپونىيىنىڭ ماشىنلىشى، بىرونىۋىكلىشى، ئەسكەرلىرنىڭ قورال-ياراقلىرنىڭ ئاپتوماتلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن سوۋېتتىن ناھايتى تۆۋەن ھالەتتە بولغان. بۇ توغرىسىدا ژۇكوف : «بىزخالخا دەرياسى بويىدا تۇتىشىپ قالغان ياپونىيە ئەسكەرلىرى ياخشى مەشىقلەنگەنكەن، بولۇپمۇ يېقىن ئارلىقتىكى ئۇرۇشتا، ئۇلار ئىنتىزامنى ساقلاپ، بۇيرۇقنى قەتئىيلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. مۇداپىئە جېڭىدە ياپونىيىنىڭ تېخنىكا ئەسلىھەلىرى قالاق ئىكەن. بىزنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيمىز ناھايتى ياخشى جەڭ

قىلدى. تانكا قىسمىمىز ئۆزىنىڭ ناھايىتى مۇنەۋۋەرلىكىنى نامايەن قىلدى. بىزنىڭ زەمبىرەكچىلەر قىسمىمىز ھەر قايسى جەھەتلەردىن ياپونىيىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇردىكەن. بىزنىڭ قىسمىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياپونىيە ئارمىيىسىدىن كۆپ كۈچلۈككەن» دەپ باھا بەرگەن. [72] بۇ توغرىسىدا، ژۇكوفنىڭ تانكا قىسمىنىڭ، «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ياپونىيە تانكا قىسمىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ھەمدە زەمبىرەك ئۇرۇشىدا ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭنى خاتىرىلەپ : «سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ زەربە بېرىش كۈچى ئويلىغىنىمىزدىن زور دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، مەركەزلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان زەمبىرەك ئۇرۇشىنى بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، ئىس-تۈتەك ئۇرۇش مەيدانىنى قاپلاپ، ئىككى- ئۈچ مېتىر ئارىلىقتىكى جاينى ئاران كۆرگىلى بولىدۇ. ئىسنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى كۆرۈش سېزىقىمىزنى توسۇۋالغان، ھەممىلا يەردە يارىلانغانلار، قۇربان بولغانلار ۋە ۋەيران بولۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغان زەمبىرەكلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» [73] دەپ ھەسرەتلىنىشى بۇنى ئىسپاتلىغان.

تۆتىنچىدىن،ئەسكىرى كۈچى يېتەرسىز بولغان.سىستاستىكىغا ئاساسلانغاندا،1937-يىلىدىن 1939-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا،ياپونىيە مانجۇرىيىدىكى ئەسكىرىنى 5 دىۋىزىيىدىن 9 دىۋىزىيىگە كۆپەيتكەن بولسىمۇ،لېكىن سوۋېت يىراق شەرقتىكى قىسمىنى20 دىۋىزىيىدىن 30دىۋىزىيىگە كۆپەيتكەن. [74] ئەسكىرى كۈچتىن ئېيتقاندا،ياپونىيە خېلىلا پاسسىپ ئەھۋالدا چۈشۈپ قالغان.

بەشىنچىدىن،جىددى ۋاقىتتا ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن. ئەيىنى ۋاقىتتا،ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق،ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ۋۇخەن - گۇاڭجۇ ئۇرۇش سېپىدا بولغاچقا،كانتون ئارمىيىسىدىكىلەر جىددى ۋە زۆرۈر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، 1939-يىلى 8 -ئاينىڭ30 -كۈنى نومغىندىكى ياپون ئارمىيىسى يوقىلىش خاراكتېرلىك قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان جىددىي پەيتتە،ياپونىيە باش شتاب بۆلۈم باشلىقى مارشال زەي رىن چىن ۋاڭ،كانتون ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى جىتىيەن چىيەنگە،قۇرۇقلۇق ئامىيىسىنىڭ 343 -نومۇرلۇق بۇيرۇقى يەنى ‹قوماندانلىق شتابىدىكىلەرنىڭ مەقسىتى جۇڭگو توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش،ئىمپېرىيەنىڭ بىر قىسمى

بولغان مانجۇرىيىدە، سوۋېتتىن مۇداپىئەلىنىپ، شىمالنىڭ تىنىچلىقىنى ساقلاش، نومغىن ۋەقەسىنى ئامالنىڭ بارىچە كېڭەيتىۋەتمەسلىك، تېزلىكتە ۋەقەنى ئاخىرلاشتۇرۇش» نى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان. [75]

ئالتىنچى، ئۇرۇشتىكى قوماندانلىق توغرا بولمىغان. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ژوكوف ئالدىن قول سېلىش ئىستىگىراتىيىسى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن پەيتتە، ياپونىيە قوماندانلىرى، قارشى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشى ئۆزلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، مەغلۇبىيەتنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتكەن.

يەتتىنچى، دىپلوماتىيە جەھەتتە مەغلۇب بولغان. «نومغىن ۋەقەسى» ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەندە، 1939-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى «سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان. ئەمەلىيەتتە 1936-يىلى 11-ئاينىڭ25-كۈنى، گېرمانىيە-ياپونىيە مۇددىتى بەش يىل بولغان «خەلقئارا ئىنتېرناتسىونالىزمدىن مۇداپىئەلىنىش كېلىشىمنامىسى» ۋە سوۋېتكە قارىتىلغان «مەخپىي قوشۇمچەكېلىشىم» ئىمزالىغان بولۇپ، ھۆججەتتە: «كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغان مۇددەت ئىچىدە، كېلىشىم تۈزگەن ئىككى دۆلەت قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ، سوۋېت بىلەن مەزكۇر كېلىشىمنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سىياسىي شەرتنامە تۈزۈشكە بولمايدۇ.» [76] دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەسلىدە گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىپ «خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالىزم»نىڭ باش شىتابى بولغان سوۋېتتىن ئورتاق مۇداپىئەلىنىش ئىستىكىدە تۇرغان ياپونىيە ئۈچۈن ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئىش بولۇپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارادا يېتىم قالغان.

سوۋېتنىڭ بۇ قېتىملىق غەلىبىسى ـ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ خىللىقى ۋە كۆپلۈكى، ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى، تەييارلىقىنىڭ پۇختا بولۇشى، يېڭى تېخنىكىنى قوللانغانلىقى، ئارقا سەپ قىسمىدىكىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ياردەم بېرىشى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشى، ژوگوفنىڭ توغرا قوماندانلىقى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى غەلىبىسى قاتارلىق ئامىللارغا باغلاشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ئۇرۇش ئىككى دۆلەتكە چوڭ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

«نومغىن ۋەقەسى»دىكى مەغلۇبىيەت ياپونىيە ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولغان بولۇپ، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت پىيك جاۋ ئىچكى كابىنتىنى كوللىكتىپ ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر قىلىپلا قالماستىن ، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا «ياپونىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى»نى كۆرسىتىپ بەرگەن. [77]كانتون ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى جىتىيەن جىيەنجى ئىستىپا بەرگەن.ئاساسلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان 23-دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى شاۋسۇڭ يۈەن داۋ قوماندانلىقتا خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئارقا سەپكە يۆتكىۋېتىلگەن، كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئوخشاشلا جازاغا ئۇچرىغانلاردىن يەنە ياپونىيە باش شتاب قىسمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇرۇش مىنىستىرى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلار بولغان. [78] «نومغىن ۋەقەسى»دىكى مەغلۇبىيەت ياپونلارنى سوۋېتنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ زورلىقىنى تونۇتقۇزغان بولۇپ، خۇددى ياپونىيە باش ۋەزىرى جىنۋې ۋېنمو :«ياپونىيە نومغىن توقۇنۇشىدىن سوۋېتنىڭ ھەربىي كۈچىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى شۇنداقلا، ياپونىيە تېخنىكا، ھەربىي ئەسلىھە، ماتۇرلىشىش جەھەتلەردە، سوۋېتنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە، ئىككى يىل كېتىدىكەن»دېيىشكە مەجبۇر بولغان . [79] شۇنداقلا، بۇ مەغلۇبىيەت ھەربىي ۋە سىياسىي ساھەدىكىلەرنى«سوۋېت بىلەن تۇتۇشۇش تەۋەككۈلچىلىككەن» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ يۈزى چۈشۈپ، دېڭىز ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ«جەنۇپقا ئىلگىرلەش» ئىستىراتېگىيىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن.

گەرچە بۇ ئۇرۇشتا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ يۈزى چۈشكەن بولسىمۇ،لېكىن ھاۋا ئارمىيىسى يۈز تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 1939 -يىلى 6-ئاينىڭ27-كۈنىدىكى تامۇسك ئايرىدورۇمنى بومباردىمان قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، بۇ قېتىمقى ھاۋا ئۇرۇشىدا، سوۋېتنىڭ 124ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن. پۈتكۈل «نومغىن ۋەقەسى»دە، سوۋېتنىڭ 400ئايروپىلانىنى پاچاقلىۋەتكەن. لېكىن ئۆزلىرىدىن پەقەت 162 ئايروپىلان زىيانغا ئۇچرىغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە، نۇرغۇن كوزىر

ئۇچقۇچىلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: يوۋيېۋەن خوگداۋ 6 ـ ئاينىڭ27 ـ كۈنى، بىر كۈن ئىچىدىلا، ئۆزى يالغۇز سوۋېتنىڭ 11 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ياپونىيىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق كوزىر ئۇچقۇچى بولۇپ قالغان. [80] ياپونىيە ئارمىيىسىدىكى ئۇچىنچى كوزىر ئۇچقۇچىمۇ بۇ ۋەقەدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، ياپونىيە ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى، شەخسىي تېخنىكىغا پىششىقلىقىنى ئىسپاتلىغان. يەنە كېلىپ بۇ ئۇچقۇچىلار « پىيورىل خاربور پورتى»غا ھۇجۇم قىلىپ مۇۋاپىقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئېقتىدارىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان.

سوۋېت نومغىن ۋەقەسىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ قېتىملىق توقۇنۇش ئارقىلىق قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەر خىل يېڭى تېپتىكى قوراللىرىنىڭ قىرغىنچىلىق كۈچىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. «چوڭ تازلاش»تىن كېيىن يېڭى ئۆستۈرگەن ئوفېستىر ـ ئەسكەرلىرىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بولۇپمۇ، بىر ئەۋلاد گېنېرال ژوكوف مەيدانغا چىقىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن سوۋېتنى قوغداش ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان (ھالبۇكى ژوكوفنىڭ نامىنى نومغىن ۋەقەسى چىقارغان).شۇنداقلا،سوۋېت تەرەپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن بارلىق تېخنىكىلارنى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىدا ئۇمۇميۈزلۈك قوللىنىپ،گېرمانلارنى زەربىگە ئۇچۇراتقۇزغان.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ياپونىيە ھەربىي تەرەپ ‹چېگرا رايون ئېھتىيات ئاساسىي نوقتىسى› نى تۈزۈپ چىققان. شۇنداقلا باش شتابنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنماي، چېگرىدىن ئۆتكەن سوۋېت ـ موڭغۇلىيە قىسمىغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان كانتون ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى جى تيەن چىيەنجىنىڭ ئورنىغا، مېيجىن مېيجىلاڭنى تەيىنلىگەن.ئۇ ياپونىيە ـ سوۋېت چېگرىسىدا، قايتىدىن قوراللىق توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېگرىدا،«توقۇنۇشنى پەسەيتىش رايونى»نى قۇرۇپ چىققان.شۇنداق بولغاچقا، ئۇ قوماندان بولغان( 1939 ـ يىلى9 ـ ئايدىن،1944 ـ يىلى ـ 7 ـ ئايغىچە) مەزگىلىدە،چېگرىدا قايتا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن.

نومغىن ۋەقەسى،ياپونىيە ھەربىي تەرەپ ئىستىراتېگىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەچكە،ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ياپونىيە ئابۇ ئىچكى

كابىنىتى باياناـت ئېلان قىلىـپ:«ياـپونىيە ئىمپېرىيىسى ياۋروپا ئۇرۇشـىغا قاتناشمايدۇ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ۋەقەسىنى ھەل قىلىدۇ»دەپ جاكارلىغـان. [81] ئارقىـدىنلا،ئاكتىپ ھالـدا سـوۋېت بىـلەن دىپلوماتىـك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىـپ، 1939ـ يىلى 12ـ ئاينىـڭ 31ـ كـۈنى، ياـپونىيە ـ سـوۋېت ئارىسـىدىكى بېلىقچىلىـق سودىسى مەسىلىسـىدە، سـوۋېتنى قايىـل قىلغان ھەمدە سوۋېتنى بۇ سودىنىڭ ۋاقتىنى 1940ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىشقا ماقۇل قىلغۇزغان. شـۇنداق قىلىـپ، ياـپونىيە ـ سـوۋېت مۇناسىۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلانغان. 1940ـ يىلى 4ـ ئاينىـڭ 19ـ كـۈنى، ياـپونىيە تاشقى ئىشـلار ۋەزىـرى يـوۋتىيەن، سـوۋېتنىڭ ياپونىيـىدە تۇرۇشلۇق تۇلۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سىمانىن بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقتتا، ياپونىيە ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشىلاش ئارزۇسى بارلىقىنى ئاشكارلىغان. شۇ سەۋەپتىن، 1940ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ كېلىشـىمنامە ئىمـزالاپ، موڭغـۇلىيە ۋە مانجۇرىيەنىـڭ نـومىن رايۇنـىدىكى چېگرىسىنى بېكىـتكەن. بـۇ نـومىن ئۇرۇشـىدىكى «كېلىشىم»نىـڭ داۋامـى ئىدى. 1940ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ بېشىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى سوۋېتتا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى دوڭشىياڭ ماۋدى ئـارقىلىق سـوۋېت ئىتتىپاقىغـا «ياـپون ـ سـوۋېت بىتەرەپلىك شەرتنامىسى»تۈزۈش پىكرىـنى ئوتتۇرغـا قويغـان.سـوۋېت تەرەپ ياۋروپا ئۇرۇشـىنىڭ كۈنسـىرى دەھشـەتلىك ئېلىـپ بېرىلىۋاتقـانلىقىنى،ئۇرۇش ئۆزىگە تۇتۇشۇپ كەتسە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆزۈپ يېتىپ بۇ كېلىشىمگە قوشۇلغان. شۇنداق قىلىـپ، 1941 ـ يىلـى 4ـ ئاينىـڭ 13ـ كـۈنى «ياـپون ـ سـوۋېت بىتەرەپلىـك شەرتنامىسـى» ئىمزالانغـان. بـۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، ستالىن شەخسەن ئۆزى پويىز ئىستانسىـىغا بېرىپ،ياـپونىيە تاشـقى ئىشـلار ۋەزىـرى سـوڭگاۋنى ئۇزىتىـپ قويغـان ھەمدە،كىشلەر توپى ئارىسىدىن گېرمانىيىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ياردەمچى ھەربىي ئەمەلدارى ھانس.كىرىسپوسنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىللەن قىزغىن ھالدا قول كۆرۈشكەن ھەمدە،ئۇنىڭغا:«بىز كەلگۈسىدە،دوستقا ئايلىنىمىز»دېگەن. [82] بـۇ سـتالىننىڭ ئېلگىـرى جاكارلىغـان «فاشىسـتلارغا قارشـى تـۇرۇش »توغرىسىدىكى باياناتىغا تۈپتىن خىلاپ بولـۇپ، ئۇنىـڭ ئارقا ـ ئارقىـدىن ئىككـى ئـوق مەركـىزى دۆلىتـى بىـلەن ئىتتىپـاق تۈزۈشـى، «خەلقئـارا

ئىنتېرناتسىئونالىزىم» روھىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولۇپ،بۇ سوۋېتنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ياپونىيىگە يولغا قويغان مادارىچىلىق سىياسىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ،بۇ خۇددى «سوۋېت ـ گېرمان تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» پولتكول ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى تېزلەشتۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇمۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىشىنى ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيانغا قاراپ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.بولۇپمۇ،جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنى تېخىمۇ قىيىنلەشتۈرۈۋەتكەن .بۇ كېلىشىم سەۋەبىدىن سوۋېت ،جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىنى بارا ـ بارا ئازايتقان،ئاخىردا بولسا پۈتۈنلەي توختاتقان. شۇنداقلا، 1937 ـ يىلىدىكى «سوۋېت ـ جۇڭگو ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نىڭ ئىككىنچى ماددىسىدىكى ‹شەرتنامە تۈزۈشكەن ئىككى دۆلەتنىڭ بىرى، بىر ياكى بىر نەچچە ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، شەرتنامە تۈزۈشكەن يەنە بىر دۆلەتنىڭ پۈتكۈل توقۇنۇش مەزگىلىدە، مەزكۇر ئۈچىنچى دۆلەت بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ھەرقانداق شەكىلدە ھەمكارلىشىپ ھەمدە ھەرقانداق ھەرىكەتتە بولۇپ ياكى ھەرقانداق كېلىشىم ئىمزالاپ، مەزكۇر تاجاۋۇزچى دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغۇچى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتكە پايدىسىز ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ› [83]دېگەن روھىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان. شۇنداقلا، خەلقئارا سەھنىدە رۇسلار ئىشەنچىسىز دېگەن ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان.

## خۇلاسە

ئۇمۇملاشتۇرغاندا،نومغىن ۋەقەسى —— سوۋېت ـ ياپون ئىككى دۆلەتنىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى مەنپەئەتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك زىددىيىتى ۋە تىركىشىشىنىڭ بىر قېتىملىق پارتلىشى بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى،ئىككى تەرەپ چېگرا سىزىقىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە كانتون ئارمىيىسىنىڭ مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، چېگرا تالاش ـ تارتىشىغا نىسبەتەن قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن » كېلىپ

چىققان. بۇ ۋەقە جەريانىدا، سوۋېت بىر تەرەپتىن،پۈتۈن دۇنياغا تىنچلىقنى تەرغىب قىلسا،يەنە بىر تەرەپتىن ،ياپونىيىگە سىياسىي ،ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۈزلۈكسىز بېسىم شەكىللەندۈرۈپ ، شەرقىي شىمالىي ئاسىيانىڭ مۇقۇمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى پەيدا قىلغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىككىلىسىلا دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۆز دۆلەت مەنپەئەتىگە ئاساسەن،دۆلەت سىياستىنى تۈزۈپ چىققان.بۇ ۋەقەدىكى مەغلۇبىيەت ياپونىيىگە نىسبەتەن، خۇددى ئەنگىلىيىلىك تەتقىقاتچى.M مانسىيۇ ئېيتقاندەك:«نومغىن ۋەقەسىدە، سوۋېتنىڭ غەلىبە قىلىشى نۇرغۇن تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن،1941-يىلى6-ئايدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېتقا كىرگەندە،ياپونىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىششقا جۈرئەت قىلالماسلىقىمۇ،بۇ ۋەقەنىڭ تەسىردىن بولغان »[84] دېگەندەك بولۇپ،ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ«ياپون-سوۋېت بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» تۈزۈشكە تۈرتكە بولغان.شۇنداقلا، ئىككى دۆلەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئىككىلا دۆلەتنى ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يىراق شەرق سىياسىتى ۋە ئىستىراتىگىيىسىگە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن.بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى ھەتتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، موسكۋا ھەل قىلغۇچ جېڭىدا، سوۋېتنىڭ يىراق شەرقتىكى 20 ئاسىيا دىۋىزىيىسىنى ياۋروپاغا ئۇرۇش مەيدانىغا يۆتكەپ،غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ ،ياۋروپا ئۇرۇشى شۇنداقلا دۇنيا ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن

## ئىزاھاتلار:

[1] [55] [56] [59] [60] [68] [71] [73] [78] سۇڭ بىن ساۋپىڭ (ياپونىيە)،خۇايى، لى تاۋخۇي تەرجىمىسى: «نومغىن- ياپونىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مەغلۇبىيىتى» شەندۇڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 5-ئاي1-نەشرى.

[2] [3] [12] [13] [51] لى فەن : «نومغىن ۋەقەسىنىڭ پارتىلاش

سەۋەبى ۋە ياپون-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» .« تارىخ تەتقىقاتى» ، 2003-يىلى 10-سان، 40-، 41-، 42- بەتلەر.
[4] [36] [39] [41] [48] [52] ۋاڭ چۈن لياڭ : «ياپون- سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى جاڭگۇفېڭ ۋەقەسى ۋە نومىخن ۋەقەسى» توغرىسىدا،« لياۋچېڭ ئونىۋېرستېتى ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى )، 2004-يىل 1-سان 36- ، 38- ، 39- بەتلەر .
[5] [6] ۋاڭ چۈن لياڭ : «يالتا كېلىشىمى مەخپىي تارىخىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە خاراكتېرى» توغرىسىدا، «شەندۇڭ مائارىپ ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1999-يىل 3-سان، 50-بەت.
[7] [11] [18] [35] [38] يۇرىيى مىخايلوۋىچ گالىنوۋىچ : «ئىككى گېنېراللىموس ستالىن ۋە جياڭ جېشى» ئۈيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002-يىل 3-ئاي 1-نەشرى .
[8] ۋاڭ شاۋ جاڭ : «ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سوۋېت - ياپون مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن نېفىت ئامىلى» . «شەرقىي شىمال ئاسىيا مۇنبىرى» ، 2003-يىل 11-ئاي 6-سان.
[9] ئا • ئا • يىگورىن (روسىيە) : « 1921-، 1928-يىللاردىكى سوۋېت نېفىت سانائىتى » ، موسكۋا، روسىيە دۆلەتلىك ئىنسانشۇناسلىق نەشرىياتى، 1999-يىل 110-بەت.
[10] [47] جياڭ جېشى : «سوۋېت روسىيىسى جۇڭگودا» ، فىرانكفورت، 1961-يىل نەشرى، 94-، 96-، 103-، 105-بەتلەر .
[14] چاڭ شيەن بىن : «سوۋېت مۇرەسسەچىلىك سىياستىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاخىرلىششى » .«نەنكاڭ پېداگوكىكا ئونىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2003-يىل 6-سان، 57-بەت .
[15] شى چۈن يەن جىيەن (ياپونىيە) : «ياپونىيە دىپلوماتىيە تارىخى » ، (15-قىسىم) ، توكيو، لۇداۋ تىنچلىق تەتقىقات بۆلۈمى نەشرىياتى، 1970-يىل 128-بەت .
[16] «جۇڭگو شەرقىي شىمالنىڭ 14يىللىق مۇستەملىكىلىنىش تارىخى تېزىسى » ، بېيجىڭ، جۇڭگو چوڭ ئىنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى،1990-يىل، 59-بەت .

[17] جۇخوڭ شىي : «ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنىڭ ھالاكىتىگە نەزەر»، «شەرق ژۇرنىلى»، مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ، 31،(22).
[19] [29] شېن ۋېن يوڭ : «نومغىن ۋەقەسىنىڭ ياپونىيىنىڭ جەنۇب ـ شىمال تەرەپكە ئېلگىرىلەش سىياسىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى»، «تاڭشەن پېداگوكىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىل 11 ـ ئاي، 6 ـ سان 109 ـ ،110 ـ بەتلەر.
[20] [26] [37] [40] [42] [45] [46] [49] [64] لىن سەنلاڭ : « كانتون ئارمىيىسى ۋە سوۋېت يېراق شەرق ئارمىيىسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى،1979 ـ يىل،49 ـ ،60 ـ ،72 ـ ،78 ـ ،80 ـ ، 85 ـ ،94 ـ ،98 ـ ،115 ـ ،123 ـ بەتلەر .
[21] جياۋتيەنگۇ (ياپونىيە) : «ھازىرقى زامان تارىخى ماتېرىياللىرى (10 ـ قىسىم) ياپون ـ جۇڭگو ئۇرۇشى»، ياپونچە نەشرىدىكى ماتېرىياللاردىن چۆشەندۈرۈش، 1973 ـ يىل نەشرى، 16 ـ ،17 ـ بەتلەر.
[22] [23] [24] لى فەن : «ياپون ـ سوۋېت مۇناسىۋەت تارىخى 1917: ـ يىلدىن1991 ـ يىلغىچە» ، بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى،2005 ـ يىل نەشرى، 87 ـ ،88 ـ ،102 ـ بەتلەر .
[25] «دۇنيانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى (كېيىنكى قىسىم ) »، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 7 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
[27] سۇن سۇڭ جۇنفۇ (ياپونىيە) : «ياپونىيە باش قوماندانلىق شتابى» بېيجىڭ، ھەربىي ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى،1985 ـ يىل نەشرى.
[28] فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتى : «1931 ـ 1945 ـ يىلىدىكى ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چەتئەلگە تاجاۋۇز قىلىش تارىخى ماتېرىياللىرى »، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 199 ـ ،200 ـ بەتلەر.
[30] لاۋرېنسكى قاتارلىقلار (سوۋېت) :«ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرنى ئاۋۋال سوتلاش كېرەك»
بېيجىڭ، دۇنيا بىلىم نەشرىياتى،1955 ـ يىل نەشرى، 265 ـ بەت .
[31]تاۋۇنچۇەن قاتارلىقلار:«ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى»، بېيجىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك تارىخى

نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 86 ـ بەت .
[32] [33] [34] جون.ۋ.گارۋېر (ئامېرىكا) : «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار » ، ئۈيغۇرچە، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل12 ـ ئاي1 ـ نەشرى.
[43] لى شيۇ فاڭ، ۋاشمن : « ياپونىيىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىش سەۋەبى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە » ، « خوڭ خې ئىنستىتوتى ژۇرنىلى » ، 2006 ـ يىل 12 ـ ئاي،6 ـ سان، 48 ـ بەت .
[44] « دۇنيا تارىخى » ، بېيجىڭ،1980 ـ يىل4 ـ ئاي نەشرى، 11 ـ بەت.
[50] [74] ياپونىيە دۆلەت مۇداپىئە ئىدارىسى دۆلەت مۇداپىئە ئورنى ئۇرۇش ئىشخانىسى :
«ئۇرۇش توپلىمى، 9 ـ جىلد جىناھ ۋەقەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇرۇشى 3 ـ قىسىم» ، توكيو، 1975 ـ يىل نەشرى، 147 ـ بەت.
[53] [69] سوۋېت ئاكادېمىيىسى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىلىم ـ پەن ھەيئىتى،«موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى» بېيجىڭ، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىل، 324 ـ، 325 ـ بەتلەر.
[54] ستالىن : «پارتىيەنىڭ 18 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى خىزمىتى توغۇرلۇق ئومۇمىي دوكلات ( ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى ئالدىنقى قىسىم)» ، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1962 ـ يىل، 219 ـ بەت .
[58] ت.ئا.دېپلىن : « ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تارىخى » ، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى،1981 ـ يىل،36 ـ بەت.
[61] ھەربىي پەن ـ تېخنىكا ئىنستىتوتى، ۋەزىيەت تارىخ تەتقىقات بۆلۈمى : «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، مەنبەسى ،تەرەققىياتى ۋە ئاقىۋىتى» ، بېيجىڭ، ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، 234 ـ بەت.
[62] ستوئارت، خېيۇس (ئامېرىكا) : «ياۋروپا ھازىرقى زامان تارىخى » ، سودا ئىشلىرى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى،395 ـ بەت.
[63] توينبى (ئەنگلىيە) : «1939 ـ يىلى، دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا » ، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى،1148 ـ بەت.

[65] [84] پاۋىل سلاۋوۋىچ تۈزگەن، جىياتىڭ شىڭگۇاڭ تەرجىمىسى؛ «ياپون- سوۋېت ئۇرۇش يولىغا قاراپ، نومىنھەندىن كوبى ئارىلىغىچە »، توكىيو ئۇرتاق ئالاقە جەمئىيتى،1999-يىل،175-، 179-بەتلەر.
[66] [67] [79] لى چۈن پىڭ قاتارلىقلار: «نومىنھەن ۋەقەسى»، جىلىن مەدەنىيەت تارىخى نەشرىياتى،1988-يىل نەشرى،353-بەت.
[70] كىرىستوف. چات : «ھاۋا ئۇرۇشى تويلىمى»، بېيجىڭ، دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى،84-بەت .
[72] «مارشال ژۇكوفنىڭ ئەسلىمىسى (سوۋېت)»، بېيجىڭ ، جۇڭگو تاشقى تەرجىمە نەشرىيات شىركىتى، 1985-يىل نەشرى، 188-بەت .
[75] ۋۇ يۇ چىن، چې شىسۇڭ : «دۇنيا تارىخى- ھازىرقى زامان تارىخى ( ئالدىنقى قىسىم)»، بېيجىڭ ، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1997-يىل نەشرى،312-بەت.
[76] بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى خەلقئارا سىياسىي فاكولتېتى تۈزگەن : « خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما »( ئالدىنقى قىسىم، ھازىرقى زامان بۆلىكى)، 359-بەت.
[77] تىڭ يۈەن جاڭ :«ياپونىيە يېقىنقى ھازىرقى زامان تارىخى» (ئۈچىنچى قىسىم)، بېيجىڭ، سودا ئىشلىرى نەشرىياتى، 1983-يىل، 37-بەت.
[80] جىياڭ دوڭ: «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كوزىر ئۇچقۇچى»، ھەربىي ئىشلار ماتېرىياللىرى، 1992-يىل 5-سانى،25-بەت.
[81] شىن فۇجىڭ سەنلاڭ (ياپونىيە) : «ياپونىيە دىپلوماتىيە تارىخى (كېيىنكى قىسىم)» ،بېيجىڭ، سودا نەشرىياتى،1992-يىل.
[82] لويىس، فىشىر: «ستالىننىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى »، بېيجىڭ، جۇڭگو سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى،203-بەت.
[83] «جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر ھۆججەتلەر ( 1917-يىلدىن 1957-يىلغىچە)» ، موسكۋا، 1959-يىل نەشرى، 161-، 162-بەتلەر .

# پايدىلانملار:

جون.ۋ.گارۋېر (ئامېرىكا) : «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994-يىل12-ئاي1-نەشرى.
يۇرىيى مىخايلوۋىچ گالىنوۋىچ : «ئىككى گېنىراللىموس ستالىن ۋە جياڭ جېشى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 3-ئاي 1-نەشرى.

# بەشكېرەمنىڭ تارىخ ـــــ جۇغراپىيىسى

مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

بەشكېرەم قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزا مەركىزىنىڭ قەشقەر شەھىرى مەركىزى بىلەن بولغان ئارلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە ئاققاش يېزىسى بىلەن، غەربتە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئايرودۇرۇم بىلەن، جەنۇب تەرەپتە ئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا قۇمالتاغ تىزمىسى ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى شىمالىي تەرىپى ئېگىز، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1298 مېتىر ، يەرقاتلىمى ئاساسەن لاتقا تۇپراق، سۇپىتى ئوتتۇرا ئەت تۇپراق، ئومۇمىي يەر مەيدانى 242.93 كۋادرات كىلومېتىر (364394مو)، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، تۆت پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى℃ 13 ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى℃ 42.3، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن℃ 25.3، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، ھۆل يېغىن مىقدارى 50ـ60 مىللىلىتىر ،كۈننىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2800ـ2900 سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، قىراۋسىز مەزگىلى 220ـ240 كۈنگىچە بولىدۇ. بۈگۈنكى بەشكېرەمنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 55 مىڭ مودىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئاساسلىق سۇ مەنبەسى چاقماق دەرياسى ۋە قىزىل دەرياسىدىن ئىبارەت. قەھرىمان، باتۇر بەشكېرەم خەلقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى چاقماق دەرياسىنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ تاۋلانغان، ئىللىق قۇياش نۇرلىرىدا پاكلانغان «ئەركەك سۇ»لىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلات كۆرەش قىلىش نەتىجىسدە ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمىي ماكان ـ بەشكېرەمنى بەرپا قىلغان.

## 2

بەشكېرەمنىڭ قاچان بىنا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇمات يوق. ئەمما بەشكېرەمگە دائىر رىۋايەتلەر، جۈملىدىن «چاقماق دەرياسى ھەققىدە رىۋايەت»، «ئاپراسىياپ ھەققىدە رىۋايەت»، «خانئۆيى ھەققىدە رىۋايەت»، «خانئۆيى مەلىكىسى ھەققىدە رىۋايەت»، «توققۇز ھۇجرا ھەققىدە رىۋايەت» ۋە «بەشكېرەم سەيلىسى ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق جانلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىكى تارىخىي ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بەشكېرەمنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى V ، VI ئەسىرلەر ئارلىقىدا، ئوردو كەنت ـ خانئۆيگە ياندىش ھالدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، چاقماق دەريا ۋادىسىدا بۇددىزم راسا ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە بەلگىلىك تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى، قارخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ناھايىتى گۈللىنىپ خاقانلارنىڭ باغ سەيلىسى قىلىدىغان بېھىشتەك سەيلىگاھىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## 3

ئەڭ قەدىمكى يۇرت ناملىرىدىن بىرى «بەشكېرەم» ئاتالغۇسى كەڭ ھەم تار مەنىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن تارىخىي ئاتالغۇ بولۇپ، كەڭ مەنىدە غەربىي شىمالدا چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قىيالىققا جايلاشقان ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيى ئالدىدىكى تۈتۈرگىدىن شەرقتە ئاققاش، پەيزاۋاتقىچە، شىمالدا قۇمال تاغ تىزمىسىدىن تارتىپ جەنۇبتا تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان قەدىمكى دەۋرلەردە چاقماق دەريا سۈيى بىلەن ياشنىغان بوستانلىقنىڭ؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا ھازىرقى بەشكېرەم، ئاۋات، قوغان، يېڭىئۆستەڭ، دۆلەتباغ، نەزەرباغ، خاڭدى، ئاققاش قاتارلىق يېزىلارنىڭ دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى «بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكى»نىڭ، تار مەنىدە بۈگۈنكى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نام مەيلى كەڭ مەنىدە ياكى تار مەنىدە قوللىنىلىشتىن

قەتئىنەزەر قەدىمدىن ھازىرغىچە تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرلۈپ كەلدى.

1. «بەشكېرەم» ئەسلى «بېھىشكەرەم» بولۇپ، «جەننەت» مەنىسىدىكى پارىسچە سۆز «بېھىشت»[1] بىلەن «باغ، تال، تەك» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز «كەرەم»[2]نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇ «جەننەت بېغى» ياكى «بېھىشباغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2. «بەشكېرەم» ئەسلى «بېھىشكېرەم» ياكى «بېھىشكىرام» بولۇپ جەننەت مەنىسىدىكى پارىسچە سۆز «بىھىشت» بىلەن «ئۈلۈغ، كاتتا، سىخى، مەرد» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز «كەرەم» ياكى «كىرام»[3]نىڭ بىركىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇ «ئۈلۈغ بېھىشت» ياكى «كاتتا جەننەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. «بەشكېرەم» ئەسلىي «بېھىشكۆرەم» ياكى(«بېھىشكۆرۈم») بولۇپ، «جەننەت» مەنىسىدىكى پارىسچە سۆز «بېھىشت» بىلەن «كۆرۈنۈش» مەنىسىدىكى ئۇيغۇرچە سۆز «كۆرەم» («كۆرۈم»)[4]نىڭ بىركىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇ «بېھىشتەك كۆرۈندىغان ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4. «بەشكېرەم» ئەسلى «بىيىشكەرەم» بولۇپ «تال باراڭ، باراڭ ياغىچى» مەنىسىدىكى پارىسچە سۆز «بېدىش»[5] بىلەن «باغ، تال، تەك(ئۈزۈم)» مەنىسدىكى ئەرەبچە سۆز «كەرەم»نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ «د»تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ، «بىيىشكەرەم» بولغان. (بۇنداق «د» تاۋۇشى بىلەن «ي» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشى قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئورتاق ھادىسە. مەسلەن، ئاداققىچە ـ ئاياققىچە ...) بۇ «بېدىشلىك باغ»، «تال باراڭلىق جاي»، «ئۈزۈمزار ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن باشقا بەزى تەتقىقات ماتىرىياللىرىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا[6]، «بەشكېرەم» دېگەن سۆزنى «بەش» سانى بىلەن «باغ ۋە بېدىشكە ئارتىلغان ئۈزۈم» مەنىسىدىكى «كەرەم» سۆزنىڭ بىركىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يۇرۇتتا «بەشلا باغ بارلىقتا كەلگەندىن كېيىن قويۇلغان» دەپ چۈشەندۈرۈۋگەنلەرمۇ بار ئىكەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخشىتىش، سۈپەتلەش مەنىسدە بولۇپ، ئۇلار خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ

يۈرگەن رىۋايەتلەرگە ۋە باشقا كىشلەرنىڭ ئىلمىي پەرىزىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشقا، بۇ چۈشەندۈرۈشلەردە بەشكېرەمنىڭ «ھەممىلا يېرى باغ بىلەن قاپلانغان مېۋە-چېۋە ماكانى» بولۇشتەك ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى مەركىزى ئورۇنغا قويۇلغان. شۇڭا، خېلى نوپۇزلۇق تەزكىرىلەردىمۇ يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا «بەشكېرەم ئەسلىدە ‹بېھىشكېرەم› دېگەن سۆز بولۇپ، ‹جەننەتكە ئوخشاش مېۋە-چېۋىلەر مول جاي› دېگەن بولىدۇ. بەشكېرەم خەلقى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈپ، باغ بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگۈچىگە، بۇ جايدىكى مېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ھۆل ھەم قۇرۇق مېۋىگە ئىش قوشىدۇ. بۇ جاينىڭ مەنزىرىسىمۇ ناھايىتى گۈزەل، ئۇزاق تارىختىن بېرى كىشلەر بۇ جاينى ‹مېۋە-چېۋە ماكانى› دەپ ئاتاپ كەلگەن. تىل يېزىقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ‹بېھىشكېرەم› دېگەن بۇ سۆز ‹بەشكېرەم› گە ئۆزگىرىپ، شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە، دەپ خاتىرىلەنگەن»[7].

بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك موھىم مەسىلە شۇكى ، يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى بىر ئۇيغۇر يېزىسىنىڭ نامى «شالغۇت بىرىكمە» سۈپىتىدە شەرھىلەنگەن. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى ئومۇميۈزلۈك «ئىسلاملىشىش» تەشەببۇسىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنداق ئىكەن، بۇ قەدىمكى يۇرۇت نامىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تەلەپپۇزى، تىل تەۋەلىكى ۋە مەنىسى قانداق؟

تارىخي خاتىرىلەر ۋە بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا «بەشكېرەم» ھەرگىزمۇ ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەردىن بىرىككەن سۆز بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئەجدادلىرىمىز «بەشكېرەم» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ كەلگەن ئېنىق ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ھىسابلىنىدۇ[8]. كونكرېت ئېيتقاندا «بەشكېرەم»نىڭ ئەسلى «بەشكەرەم» بولۇپ، ئۇ «بەش» بىلەن «كەرەم»دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىركىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۆزنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بەش» دېگەن سۆزنى «ساناقتىكى بەش

سانى»[9] دەپ ئىزاھلىسا، «كەرەم» دېگەن سۆزنى «گەمە» دەپ ئىزاھلىغان[10]. شۇنىڭدەك «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە «كەرەم» دېگەن سۆز «گېرەم»، «گەمە»[11] دەپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى»(«سەئىدىيە خاندانلىق تارىخىغا دائىر ماتىرىياللار »دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىدە[12]، موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن ئەسىرىدە[13] ھەم ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدا[14] ۋە ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرىنىڭ «دىباچە» قىسمىدا[15] بۇ ئەزىز يۇرتنىڭ نامى «بەشكەرەم» شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ تارىخي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «بەشكېرەم» (بەشكەرەم) ھازىرقى تىلىمىزدا «بەش گەمە» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنە يەنە ئۇز نۆۋىتىدە بەشكېرەم خەلقىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائى دەۋرلەردىكى ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

ئەمدى «بەشكېرەم»دىن ئىبارەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ خەلق چۈشەنچىسىدە ئەرەب، پارىس تىللىرىغا مەنسۇپ دەپ قاراپ كېلىنگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئەرەب، پارىس تىللىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا كۆچەپ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن نۇرغۇن ئەرەب، پارىسچە ئاتالغۇلار ئانا تىلىمىزغا ئېقىپ كىرگەن. كىشىلەر ئېڭىدىكى دىنغا بولغان ئېتقاد ۋە ھۆرمەت تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىنى تەدرىجى يوسۇندا ئەرەب، پارىسچە ئاتالغۇلار ئىگىلىگەن ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز ئاتالغۇلار زورلاپ ئەرەب، پارىس تىللىرىغا تەدبىق قىلىنىپ شەرھلەنگەن. يەنە كېلىپ تارىخي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە قارخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بەشكېرەم خانئۆيىدە[16] بولغاچقا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بۇ يۇرتتا تېخىمۇ قويۇق ئىدى. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىسى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم ئۆلىمالار «بەشكېرەم» سۆزىنى خۇداغا تېخىمۇ يېقىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەرەب، پارىس لۇغەتلىرىدىن جاۋاپ

ئىزدىگەن. تاكى XIX ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەردە «بەشكەرەم» تەلەپپۇزى بىلەن خاتىرىلەنگەن «بەشكېرەم» سۆزىنىڭ «بېھىشكەرەم» ، «بېھىشكۆرەم» ، «بېھىشكۆرۈم» ، «بېدىشكەرەم» ياكى «بېھىشكېرەم» قاتارلىق شالغۇت بىرىكمىلەرگە ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغانلىقى يۇقىرىدىكى «ئىزدىنىش»لەرگە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «يول» ئېچىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مېھنەتكەش ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن بۇ يۇرۇتتا مەيدانغا كەلگەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى «بەشكىرەم» سۆزىگە ئەرەب، پارىس تىل تەۋەلىكى بويىچە بېرىلگەن «باغ ۋە باغۋەنچىلىككە دائىر مەنە ۋە شەرھىي»لەرنى نىسبىي تارىخىي ئۇيغۇنلۇققا ئىگە قىلغان. شۇڭا، جەمئىيەت ۋە تىل تەرەققىياتىي نوقتىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-ئېتىقادىنىڭ يېڭىلىنىشى نەتىجىسىدە «بەشكېرەم» سۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا يۇقىرىدىكىدەك يېڭى مەنە ۋە شەرھلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكى بايان ۋە مۇھاكىمىلەردىن، بۇ ئەزىز يۇرتنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى تارىخىي قىسمەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى داۋامىدا «بەشكېرەم» ئاتالغۇسىنىڭ «بەشكەمە» دېگەندىن ئىبارەت ئېتنوگراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمكى مەنىسىدىن باشقا ھازىرقىدەك، كۆپ ئەسىرلىك باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى تارىخىغا ماس كېلىدىغان «بېھىش باغلىرىدەك گۈزەل ماكان» دېگەن ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەش خاراكتېرىدىكى يېڭى مەنىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 4

بەشكېرەم قەشقەر دىيارىدىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس تارىخى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن قەدىمكى يادىكارلىقلارنى بۆگۈنكى دەۋرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۆگۈنكى بەشكېرەم دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن 3-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان لايىلىقتىكى تاش

دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر، يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن مىلادى 13-ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان ھەم 1957-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى، يىل دەۋرى مىلادى 2-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان ھەم 2001-يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان مورا بۇددا مۇنارى خارابىسى، يىل دەۋرى مىلادى 3-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، يىل دەۋرى مىلادى 6-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە توغرا كېلىدىغان تاك-تاك تىم خارابىسى ۋە بۇدخانا خارابىسى، يىل دەۋرى مىلادى 3-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان جاڭگال ئىزى، كارىز ئىزى، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى، قىزىلجى خېنىم مازىرى، سۇلتان مەجىد خوجام مازىرى، بۇئانام مازىرى، تار ھەم ئۇزۇنلۇقتا يىراق-يېقىنغا مەشھۇر تاغ يولى - ئىت يولى بىلەن يىپەك يولىنىڭ قالدۇقى بولغان ئۇلۇغ يول قاتارلىق تارىخىي يادىكارلىقلارنى ساناشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، قەدىمكى بەشكېرەم دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، يەنە ئۇلارغا قوشۇپ، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادى 3-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان دەقيانۇس شەھىرى ئىبادەتخانىسى ۋە دەقيانۇس شەھىرى تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلىرى، ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيى، تۇگمەن خارابىسى، ياۋىلىق ئىزى، قاراخانىيلار دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان ئوسمان بۇغراخان مازىرى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ئابدۇللا بۇغراخان مازىرى، قاراخان پادىشاھىم مازىرى، سىدىق بۇغراخان مازىرى، ھۇسەيىن پەيزۇللا خوجام مازىرى، شام پادىشاھ مازىرى، قارا ساقال ئاتام مازىرى، سۇلتان سىسۇزۇك ۋەلىيۇللا مازىرى، خوجىلار دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان زىلەيخا بېگىم مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى، تۆت ئوغۇل ئاتام مازىرى، يېقىنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغان ياۋىلىق ئۆتەڭ ئىزى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ[17].

## 5

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە سۇلتانلارنىڭ قول ئاستىدا ھاكىم بەگلەر تەيىنلەنگەن[18]. «قورىغار رايونىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ دەۋردە يېڭسار، بارچۇق(مارالبېشى )، پەيزاۋات، قاغىلىق، ئاتۇش، يورۇڭقاش، قارقاش، چىرىيە، كىرىيە قاتارلىق جايلار بىلەن بىر قاتاردا بەشكىرەمگىمۇ ھاكىم بەگ قويغان[19]. بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكىنىڭ مەركىزى قازىرىقتا بولۇپ، ھاكىم بەگ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ دەۋردە بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئارا ياڭاق، تاغ بويى، پايناپ، ئاۋات، قوغان قاتارلىق بەش چوڭ رايوندىن تەشكىل تاپقان. ئارا ياڭاق مەركىزى رايون بولۇپ، ئۇ قازىرىقنى مەركەز قىلغان ھالدا قازىرىق، بۇچى، چۇمبۇس، شامپادىشاھ، قارا ساقال، كىچىك ئېرىق، سوزاق(باش سوزاق، ئاياغ سوزاق، تىل سوزاق)، تۆۋەنكى ھويلا، توقاي قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پايناپ رايونى چاكسا، قۇمپېتىق، يىڭىچكە، يالاڭ، چىتلىق، يامانلا ــ ئامانلا، بويلا، قارلۇق ـ قالۇق، گۇلكەنت ــ كۇكاڭ، يىچا، سىدىر، بەش توغراق، خانئۆي، مىرابلىق قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تاغ بويى رايونى چۆگۆر، ساپئېرىق، ئۆچتالا ـ ئىشچانلا، سايباغ، قۇمباغ، لەڭگەر، بايلا، بەگئېرىق ـ بېغىرىق، ئەسكە ــ يېڭىئاۋات قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاۋات رايونى كۆكچى، باغھويلا، تۆگمەن بېشى، قاتار قىشلاق، غەزنە بويى، چاگاھ، مازار ئالدى، يار بېشى، بوغاش، خاپانلا قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قوغان رايونى قاسساپ مەھەللىسى، قۇتۇبىدىن مازار، موللازادە، موللاخېنىم، قوش كۆل، ياغدۇ ــ ھەزرەت، تاربوغۇز، ئارسلانخان، قەدىم جاي قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھاكىم بەگلىك مەركىزى قازىرىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي رايون تاغ بويى، پايناپ، ئاۋات، قوغان رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ــ ئارىسىغا جايلاشقانلىقتىن «ئارا ياڭاق» دەپ ئاتالغان. سەئىدە خاندانلىقى دەۋردىكى ھاكىم بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا يەنە ھەر بىر رايۇننىڭ مەمەۇرىي ئەمەلدارى،

بەگلەر تۇراتتى[20]. شۇنداق بولغاچقا بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ ئاراياگاق، قوغان، ئاۋات، پايناپ، تاغ بويى رايونلىرىغىمۇ ھاكىم بەگنىڭ قول ئاستىدا ئايرىم-ئايرىم بەگلەر قويۇلغان. بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا ھەر بىر كەنتكە بىردىن يۈز بېشى، ھەر بىر مەھەللىگە ئون بېشى قويۇلغان. سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مىراب بەگ، ئۇنىڭ قول ئاشتىدا ھەر قايسى رايونلارغا كۆك بېشى، مەھەللىلەرگە داققال قويۇلغان. ھاكىم بەگلىكتە ھاكىم بەگدىن باشقا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى بەگ — پاششاپ بەگلەرمۇ قويۇلغان. پاششاپ بەگ قانۇني مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان. ھاكىم بەگلىكتە يەنە مەھكىمەشەرئى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مۇپتى ئاخۇنۇم، ئەلەم ئاخۇنۇم، قازى، رەئىس ئاخۇنۇملار شەرىئەتكە دائىر مەسىلىلەرنى باشقۇرغان. ھاكىم بەگدىن باشقا ئەمەلدارلارنىڭ مەخسۇس ھۆكۈمەت تامغىسى يوق بولۇپ، پەقەت قولىدىكى ئۈزۈكىگە ئويۇلغان شەخسي مۆھۈرى بولغان ...

بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ دائىرىسى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەن ۋە كۆپەيگەن. خوجىلار دەۋرىدىكى ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ، كېڭەيتىپ چېپىلىشى، زوھۇرىدىن ھاكىم قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى كېيىنكى چارىكىدىكى تۈمەن دەريا سۈيىنى بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىنام يەرلەرگە باشلاپ تۈمەن بۈگۈنكى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى[21]، قوغان رايونى قۇتۇبىدىن مازار كەنتىنىڭ غەربىدىكى بوزلۇقتا يەر ئېچىلىشى(شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ نامى «بوز يەر» دېگەن مەنىدە ‹ ‹荒地› › — خاگدى دەپ ئاتىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىر كىچىك يېزىنىڭ نامى بولۇپ قالغان) ۋە خانئۆي قاتارلىق جايلاردا يەر ئېچىشى[22]، شۇنىڭدەك، زوھۇرىدىن ھاكىم بەگنىڭ بەشكېرەمنىڭ قوغان رايونى دۆلەتباغ تەۋەسىگە بىر قىسىم تۇرپانلىقلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشى (بۈگۈنكى دۆلەتباغ تەۋەسىدىكى «تۇرپان كوچىسى» كەنتى شۇ چاغدا پەيدا بولغان[23]) ۋە بىر قىسىم ئاھالىلەرنى يېڭىئۆستەڭگە ھەم ئۇنىڭ ئايىغىدىكى ئاققاشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق بىر قاتار ئىش-پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن

دەرىجىدە كېڭەيگەن. ئەمما زوھۇرىدىن ھاكىم بەگە دەۋرىدىن كېيىنكى ئاخىرقى قېتىملىق خوجىلار ۋەقەسىدىن كېيىن بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكى بۆلۈۋېتىلگەن. شۇڭا ياقۇپ بەگ قورچاق ھاكىمىيىتى دەۋرىگە دائىر تارىخى ماتېرىياللاردا بولسا ئاۋات، قوغان قاتارلىق رايونلارنىڭ بەشكېرەمدىن مۇستەقىل ھالدا تاناپ بېجى تاپشۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[24].

بەشكېرەم ھاكىم بەگلىكى تاكى يۇرتىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان ھەم ئىگىرىكىدەكلا كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. 1954-يىلى كۆكاك، يىچا، سىدىر، مىرابلىق، بويلا، بەشتوغراق، خانئۆي، ساپئېرىق، ئۆچتالا (ئىشچانلا)، چۆگۈر، سايباغ، لەڭگەر، قومباغ، بايلا، بېغرىق، ئەسكە(يېڭى ئاۋات) قاتارلىق 16 كەنت بەشكىرەمگە قالدۇرۇلۇپ، چاكسا، قۇمپىتىق، يالاك، يېڭىچىكە، چىتلىق، يامانلا، قالۇق قاتارلىق يەتتە كەنت ئاۋات يېزىسىغا؛ بۇچا، قازىرىق، چۇمبۇس، شاپادىشاھ، قاراساقال، كىچىك ئېرىق، باش سوزاق، ئاياغ سوزاق، تىل سوزاق، توقاي، تۆەنكى ھويلا، چۆجەباش، ئاچچىق ئۆي قاتارلىق 13 كەنت قوغان يېزىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، بەشكىرەم بەگلىكى بەشكىرەم يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن[25] ھەم يېزا مەركىزى قازىرىقتىن سىدىر كەنتىگە يۆتكەلگەن. 1960-يىلى سىدىر كەنتىدىن ھازىرقى ئورنى بېغرىق كەنتىنىڭ توقاي مەھەللىسىگە يۆتكەلگەن. 1976-يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە بولغان. 1982-يىلى يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىرىش قۇرۇلۇش جەريانىدا، نۇپۇسنىڭ كۆپىيىشى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، 15 كەنتنىڭ بەزىلىرى بۆلۈنگەن ۋە بەزى يېڭى كەنت، مەيدانلار بارلىققا كەلگەن. 1998-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن يېزا بويىچە 26 كەنت، 196 مەھەلە (تەبىئى كەنت) بولۇپ، ئومۇمى ئائىلە 8800 گە، نوپۇس 43892 نەپەرگە يەتكەن.

1998-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەشكېرەم يېزىسىنىڭ كۆكاك، ساي(يۇقىرىقى ساپئېرىق)، ساپئېرىق، ئىشچان، چۆگۈر قاتارلىق بەش كەنتى قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بەشكېرەم باش سېدىر، ئاياغ سىدىر، بويلا، يىچا، قاتارلىق 21-كەنت، مەھەللە، ئائىلە، نوپۇسقا ئىگە يېزىغا ئايلانغان.

2010-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن يېزا بويىچە 21 كەنت، 145 مەھەللە (تەبىئى كەنت) بولۇپ، ئومۇمى ئائىلە 8800 گە، نوپۇس 43892 نەپەرگە يەتكەن.

## 6

بەشكىرەملىكلەر ئېتنىك تەركىب جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى بىلەن قارلۇق قەبىلىسىگە ۋە ئوغۇز قەبىلىسىگە مەنسۇپ. چۈنكى قەدىمكى قەشقەر خانئۆي شەھىرىنى ئوردۇكەنت قىلغان قاراخانىلار خاندانلىقىنى ئۇيغۇر ياغمىلىرى قۇرغان بولۇپ، ئوردۇكەنت-خانئۆيدە ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى بەشكىرەم بوستانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ ئورنى ۋەسالمىقى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى «قەدىمكى قەشقەرنىڭ سەردارلىرى قارلۇقلار ۋە ياغمىلار ئىدى»[26] دېگەن تارىخىي مەلۇماتتىن، قەدىمكى قەشقەر شەھىرىدە ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى يۇرت — بەشكىرەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىرىدىن بولغان «قارلۇق»لارنىڭ نامىدىن كەلگەن، جانلىق تىلىدىكى ئۆزگىرىش ئاساسىدا «قالۇق» ئاتىلىپ كىلىۋاتقان[27] يەر نامىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى مەلۇماتلارنى تارىخىي ئەمەلىيەت ئاساسىغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى تەتقىقات ماتىرىياللىرىدا: «قارلۇقلار سابەگ، تاشلى، بويىلا قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇققا بۆلۈنەتتى»[28] دەپ يېزىلغان بولۇپ، بەشكىرەمدە يەنە قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن بىرى «بويىلا» نامى بىلەن ئاتالغان كەنتنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك «قارلۇق» قەبىلە نامىدىن كەلگەن «قالۇق» دەپ ئاتىلىدىغان كەنت بىلەن تۇتاش(قوشنا) ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلى پاكىت چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى بەشكىرەم بوستانلىقىدا ئۇيغۇر قارلۇق قابىلىسىنىڭمۇ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چاقماق دەريا ۋادىسىدا «ياۋىلىق» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يەر نامى

بولۇپ، بۇ نامىۇ ھەم قەبىلە نامىدۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «yawa» بىلەن «yava» سۆزىگە ئوخشاشلا «ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى»[29] دەپ ئىزاھ بەرگەن. شۇڭا، بىز يۇقىرىدىكى تارىخىي-ئېتنوگرافىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا بەشكېرەم خەلقىنى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادى دەيمىز.

## 7

بەشكېرەم خەلقى ئىلىم-مەرىپەتنى سۆيىدۇ. بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەپ قەدرىنى قىلىدۇ، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا تۆرگە تەكلىپ قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىنى ئىلاجى بار ھۈنەر-كەسىپ ئەھلى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئېلىم-بېرىم، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا توغرا، ئادىل بولۇشنى ياقتۇرىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەقىدە-ئېتىقادنى ئۆلچەم، سەمىمىيلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. دوستلۇقنى قەدىرلەپ، ۋاپادارلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. مۇستەقىل ئىش قىلىشنى ياخشى كورىدۇ. كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا، قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. تۇرلۇك ۋەقە-ھادىسىلەرگە ئۆزىگە لايىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ خۇلاسە چىقىرىش، پۇرسەت تاپسىلا مەلۇم باھانە-سەۋەبلەر بىلەن يىراق-يېقىننى ئايلىنىپ «شەھەر كۆرۈش»، سودا-سېتىق ئىشلىرىغا ماھىر بولۇش بەشكېرەملىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۆزلىرى يولۇقتۇرغان شەيئى-ھادىسىلەرگە خىلى ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا بېرەلەيدۇ. ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، سىنىقىدىن ئۆتمىگەن كىشىگە مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆڭلىدىكىنى ئېيتمايدۇ. كۆرگەنلا كىشىگە دەرد تۆكمەيدۇ. ھەقىقەت ئالدىدا راستچىل، دوستلار ئالدىدا سەمىمىي، دۈشمەن ئالدىدا شەپقەتسىز ۋە قەتئىي بولۇپ، ئاغزى چىڭ، سىر ساقلايدۇ. شۇڭا، «بەشكېرەملىكنىڭ بەش تىلى بار، تىلىنىڭ تېگىدە يەنە تىلى بار» دېگەن ئىدىيوم يىراق-يېقىنغا كەڭ تارقالغان.

* * *

بەشكېرەملىكلەر ناھايىتى مېھماندوست، مېھمان قىچقىرىش («چاقىرىش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئومۇمىيۈزلۈك «قىچقىرىش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ) تىن ئاۋۋال ئۆي ۋە ھويلا-ئارامنى مەھەللىلەرگىچە چىنىدەك تازىلاپ، ئۆزگە يارىشا تەييارلىق قىلىپ ئاندىن قىچقىرىدۇ. مېھمان باشلاشتا ئەر مېھمان بولسا ئۆيدىن ئەر چىقىپ، ئەر-ئايال مېھمان بولسا ئەر-ئايال چىقىپ مەھەللىدە قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلاقلىرىنى (ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنى) قوللىرىدىن ئېلىپ ئوبدان جايلاشتۇرىدۇ.

ئۆيگە ئەرلەرئالدىدا، ئاياللار ئارقىدا كىرىدۇ. مېھمانلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇغقان بولسا بىرئۆيگە باشلىنىپ، ئەرلەر باشتا، ئاياللار ئەرلەردىن كېيىن ئولتۇرىدۇ، بولمىسا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەرگە باشلىنىپ ياش تەرتىپى بويىچە چوڭلار تۆردە، ئاندىن كىچىكلەر ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار فاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرى پەگادا قول باغلاپ تۇرۇپ «تېنىچ كىلىشلىمۇ (كەلدىڭىزمۇ؟)» دەپ ئەھۋال سورايدۇ. مېھمانمۇ يېرىم ئۆرە بولۇپ «تېنچ تۇرۇۋشۇپلا!(تىنىچ تۇرۇۋپسىز!)» دەيدۇ ۋە ئىككى تەرەپ قايتىدىن تېنىچ-ئامانلىق سورىشىدۇ. چوڭلاردىن باشلاپ (ئەر-ئايال بىر ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا ئەرلەردىن باشلاپ) قولىغا ئۈچ قېتىم سۇ بېرىلگەندىن كېيىن داستىخان سېلىنىدۇ. داستىخان ئاۋۋال ئەر مېھمانلارغا، ئاندىن ئايال مېھمانلارغا سېلىنىپ، ئالدى بىلەن خون نان (دەستىلەنگەن چوڭ نان)، ساڭزا-قۇيماق، بوغۇرساق، پىچىنە-باقالى قاتارلىق ئۇن يېمەكلىكلىرى، ھەرخىل مۇراببالار ۋە قېتىق-قايماق، تۇرلۇك مېۋە-چېۋىلەر، قوغۇن-تاۋۇزلار، ئاخىرىدا قەن-گېزەكلەر تەرتىپ بىلەن تىزىلىدۇ. تەييارلانغان نازۇ-نېئمەتلەر تەرتىپ بىلەن ئەكىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ساھىپخان: «خوش، قېنى مەزەگە بېقىشسىلا (بېقىڭلار!)» دەپ مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىدۇ. بەشكېرەملىكلەرنىڭ داستىخاندىكى ئەدەب-ئەخلاق قارىشى نىسبەتەن مۇقىم ، تەلپى قاتتىق بولۇپ، ساھىپخان تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ھېچكىم داستىخانغا قول سۇنمايدۇ. تەكلىپتىن كېيىن تۆردىن — چوڭلاردىن باشلاپ داستىخانغا قول سۇنۇش باشلىنىدۇ. «مەزە»دىن كېيىن تاماق تارتىلىدۇ.

ئاۋۋال «سۈيۈق»(شورپا، ئۇگرە ياكى چۆچۈرە...)، ئاندىن «قويۇق» (پولۇ،مانتا...) ئاش تارتىلغاندىن كېيىن داستىخان ئاخىرلىشىدۇ. بەشكېرەمدە مېھمان قىچقىرغاندا ئومۇمەن تاماق قويۇق-سۈيۈق ئېتىلىدۇ. بىرخىل تاماق ئېتىپ مېھمان چاقىرىش كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. دوست-بۇرادەرلەر، ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيىتىدە بولسا مېھمانلارنىڭ تاۋىغا يارىشا خىلمۇ-خىل تائاملارنى ئېتىپ كۆڭلىنى ئالىدۇ. تاماق تارتىش تەرتىپى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا يەنە سۇ بېرىپ ئۇزىتىش بەشكىرەملىكلەرنىڭ ئورتاق ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، پاكىزلىكنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش روھىنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

بەشكىرەملىكلەر قولۇم -قوشنىلار بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بىر-بىرىگە سەممىي ياردەم قىلىپ، «يىراقنى يىقىن، مۈشكۈلنى ئاسان» قىلىشىدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ھەرقانچە مۇھىم ئىشلىرى بولغان تەقدىردىمۇ قويۇپ تۇرۇپ كېچە-كۈندۈز، ئىسسىق-سوغۇق دېمەستىن بىجانىدىل ياردەم بېرىدۇ. ئۆز ئارا تاماق سۇنۇشۇپ قوشنىدارچىلىقنى كۈچەيتىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، «بارنى ئايىماي، يوققا كايىماي» ئۆزىگە يارىشا تەييارلىق قىلىپ قىچقىرۋېلىشىدۇ. ئۆي-جاي ئىشلىرىغا ئوخشاش چوڭ ئىشلاردا قولۇم-قوشنىلار ئورتاق ھەمكارلىشىدۇ. يەنى تام ئېتىلگەن كۈندە مەھەللىدىكى ئەرلەر تولۇق دېگۈدەك قاتنىشىپ ئەمگەك قىلىشىپ بەرسە، ئاياللار چۈشلۈك تاماققا ئۈلگۈرتۈپ داستىخان راسلاپ (بىرەر لىگەن پولو، مانتا-سامسا، قۇيماق...) كېلىپ ھال سورايدۇ. ياغاچچى، تامچى ئۇستىلارنى سىلىپ ئۆي ياپتۇرۇش، تام سوقۇش ھەم سۇۋاش قاتارلىق ئىشلارغا چۈشكەن كۈنلەردىمۇ قولۇم-قوشنىلار يەنە «لىگەن» ئېتىپ يوقلايدۇ ياكى ئۆي ئىگىلىرى بىلەن ئۇستىلارنى قوشۇپ بىرەر ۋاق تاماققا قىچقىرىۋالىدۇ. بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى، ئۇلاغ-ئۇلمەك(ئات، قېچىر، ئېشەك،...) لىرىنى، قاتناش قۇراللىرىنى (ۋېلسىپىت، ھارۋا....) «سېنىڭ» ، «مېنىڭ» دېمەي ئورتاق ئىشلىتىدۇ. پۇل-پۈچەك، ئوزۇق-تۈلۈك

لازىم بولسا ئۆتنە-يېرىم قىلىشىدۇ. قىسقىسى، بەشكېرەم خەلقى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەپ قاراپ، قولۇم- قوشنىلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

بەشكېرەمدە ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەرگە، ھېيت-ئايەملەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بەشكېرەملىكلەر ئىسلام كالىندارى بويىچە ھەر يىلى شەئبان (8-ئاي )نىڭ 15-كۈنى كەچتە ئايەملىك ياغ پۇرىتىدۇ. ياشلار، باللار قاپاق كۆيدۈرۈپ «ئايەم كەلدى تۈيدۈڭلارمۇ؟ پىترقۇيماق قۇيدىڭلارمۇ؟...» دەپ ۋەششەمسى تووۋلايدۇ. كېچىسى بىر بۆلۈك ئىخلاسمەنلەر ئۆلىمالار ۋە بۈۋىلەرنىڭ باشچىلىقىدا بىرەر يەرگە جەم بولۇپ زىكرى-سۆھبەت قۇرۇپ ئىبادەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدۇ. بۇ «تۈنەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتا-ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. رامىزان كىرگەندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەھلى مەھەللە ئۆزگە يارىشا تەييارلىق قىلىشىپ، بىر-بىرنىڭ ئۆيىدە «ئېغىز ئېچىشىدۇ»(ئىپتار قىلىشىدۇ). ئۇششاق باللار ياش قۇرامى بويىچە ئۇيەر-بۇ يەرگە يىغىلىشىپ ئۆز مەھەللىسىدە «رامىزان ئېيتىش» پائالىيتى قىلىشىدۇ. قول ئىلكىدە بارلار يۇرتتىكى ئىگە چاقىسى يوق، غېرىپ-غۇرۋالارنى پۇل-پۈچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك، ئوتۇن-كۆمۈر دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن يوقلايدۇ. ھەر بىر ئۇرۇق- جەمەتتىكىلەرمۇ ئۆزئىچىدىكى ئىقتىسادى ئەھۋالى تۆۋەن تۇغقانلىرىنى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يوقلاپ ئەھۋال سورايدۇ. رامىزان ئاخىرلىشىدىغان ئاخشىمى ھەممە ئائىلىدە دىگۈدەك ياغ پۇرىتىلىدۇ. ساڭزا، قۇيماق، بوغۇرساق...سېلىنىپ، روزا ھېيت تەييارلىقى قىلىنىدۇ. بۇ كۈنى ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئۆيىدە ئائىلە ئەھۋالىغا يارىشا كاتتا داستىخان تەييارلاپ «تۇز بىلەن ئېغىز ئېچىپ» رامىزاننى ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. روزا ھېيت كۈنى قېرى-ياش، ئەر-ئاياللار ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ. ئاياللار سۈبھى يورۇش بىلەن تەڭ قەبرىستانلىققا چىقىپ ئەرلەر ناماز بامداتتىن قايتقۇچە يېنىپ بولۇشىدۇ. ئەرلەر بولسا مەھەللە ئىمامى ۋە مەزىنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا جامائەت بولۇپ چىقىشىدۇ. روزا ھېيت نامىزىدىن كېيىن ياشلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە، يەنى كىچىك ئائىلىدىكىلەر چوڭ ئائىلىگە يىغىلىپ، ئاتا-

ئانىلىرىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ روزا ھېيتىنى قۇتلۇقلايدۇ. ئاندىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلەپ بېرىشىدۇ. قۇربان ھېيىتتا بولسا ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا يارىشا «قۇربانلىق» قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن تۇغقانلار قۇربانلىق قىلغان تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھېيتلايدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ تەييارلىقى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى ئومومەن روزا ھېيتنىڭ تەييارلىقى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يىراق يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر يەرگە جەم بولغاچقا، پۈتۈن يۇرت شادلىققا چۈمگەن بولىدۇ.

بەشكېرەمدە يەنە ھەرىيلى مەۋلۇت ئېيى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە رەبىئۇل ئەۋۋەل 3-ئاي)دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياد ئېتىپ «مەۋلۇت ئوقۇش» ئادىتى بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەشكېرەملىكلەر ھەرىيلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەپ، ھەر قايسى كەنت، مەھەللە ياكى يېزا بويىچە بىر يەرگە جەم بولۇپ چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. كەچلىكى ھەممە ئۆيدە يېڭى تەرگەن كۆك (بېدە كۆكى) بىلەن «كۆك ئېشى» ئېتىپ ئىچىشىدۇ. قىزلار كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ ئاتا-ئانىلىرىغا ۋە يېقىن هاما-تاغىلىرىغا «يېڭىلىق» تۇتىدۇ. نورۇز بايرىمىدىن كېيىن ئەھلى يۇرت باغ-ۋاران ئىشلىرىغا بىراقلا ئاتلىنىدۇ.

بەشكېرەمدە قىز-يىگىتلەر توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-قىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە «بېشىنى ئوڭلاپ» قويىدۇ. نىكاھ ئىشلىرىدا ئادەمگەرچىلىكنى ئاساس، ئەخلاق -پەزىلەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇلار: «ئادەمگەرچىلىكى بولسىلا قالغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئوغۇل چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىلار ئوغلىنى ئۆيلەشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىغا ياكى مەھەللە-كويىغا «دىققەت قىلىپ» ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كىشى ئىزدەيدۇ. بۇ «لايىق ئىزدەش»دەپ ئاتىلىدۇ. بىرەر «لايىق»نى كۆڭۈلگە پۈككەندىن كېيىن ئوغلىغا كىشى قويۇپ «پىكرى»نى ئالىدۇ. ئاندىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ قۇدا بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ياكى ئۆزلىرىنىڭ بىرەر

تۇغقىننى ياكى شۇ يۇرتتىكى بىرەر «ئىش قاملاشتۇرىدىغان» ئادەمنى قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ «ئەلچى قويۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئەلچىگە قىزنىڭ پىكرىنى ئالغان ئاساستا جاۋاب بېرىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن مەلۇم بىر كۈنى ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى قىز تەرەپنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈەتكەندىن كېيىن ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرىدىن ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئىككى-ئۈچ كىشىنى ئېلىپ، ئۆزىگە يارىشا داستىخان تەييارلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر-ئىككى كىشىنى قوشۇپ چاقىرىپ ئەھۋالغا مۇناسىپ تەييارلىق بىلەن قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. بۇ ئارىدا يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قول باغلاپ «پالانچى گۈل(قىز)نى بالا قىلىۋالايلى، دەپ سوراپ كەپتۇق» دەپ كۆڭۈل قويىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ «ئوبدان بوپتۇ، بالا سىلىدىن ئايلانسۇن! رەھمەت» دېگەندەك گەپلەر بىلەن كۆڭۈل قايتۇرىدۇ. بۇ «قىز سوراش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىدىن بولۇپ 15-20 ئەرنى ۋە 10-15ئايالنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ يېقىنلىرىدىن سەككىز-ئون ئەر-ئايال مېھماننى قوشۇپ چاقىرىپ «قويۇق-سۈيۇق » ئېتىپ قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. مۇشۇ سورۇندا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىدىن بىرى ئورۇندىن تۇرۇپ «جامائەت ھەربىرلىرىگە پالانچى ئاكامنىڭ XXX قىزىنى پۈستانچى ئاكاملارغا (بالا قىلىۋالساق)، ئۆزئارا ئۇرۇق-تۇغقان بولۇپ ئۆتۈشسەك دەيدىغان مەسلىھەتىمىز بار ئىدى› › دېگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ «كۆڭۈل سىناپ ئادەم ئېتىپ كېلىشكەنلىرىگە رەھمەت، ئالدىلىرىغا ئۆز لايىقىدا چىقالمىدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. جامائەتمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ «ئىككى تەرەپ توغرا تېپىشقان، بالىلار رازى بولۇشقان بولسا بىزنىڭ باشقا پىكرىمىز يوق› › دېيىشىدۇ. قىز تەرەپمۇ يەنە «بالىلىرىمىزنىڭ رىسقى پۈتۈلگەن بولسا، ئەھلى جامائەتمۇ توغرا تاپقان بولسا بىزمۇ قوشۇلدۇق» دەپ رازىلىق بېرىدۇ. بۇچاغدا ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاپ «ھەشقالللا» دەيدۇ. ئاخىرىدا جامائەت ئىككى تەرەپنىڭ بەزى تەييارلىقلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن

كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپنى كۆپ چىقىمدار قىلدۇرماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئۈزۈننى كېسىپ، قىسقىسىغا ئۇلاپ»، «كۆپى كېتىدۇ، ئېزى يېتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا يارىشا تويغا كېتەرلىك ئاش-سۇ، كىيىم- كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى بەلگىلەپ بېرىپ قايتىشىدۇ. بۇ «مەسلەھەت چېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ ۋە قىز تەرەپنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا توي بولغان ئۆيگە كېلىپ تەييارلىق قىلىشىپ بېرىدۇ. تويدىن ئىككى كۈن بۇرۇن بولغۇسى توي ئىگىلىرى بامدات نامازدىن يانغان مەھەللە جامائەتلىرىگە «ئىنشائاللاھ، پالانچى كۈنى تويغا قوپۇۋاتىمىز، خەۋەر تېپىپ قىلىشسىلا!» دەپ ئۇمۇمىيۈزلۈك خەۋەرلەندۈرىدۇ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ (باغاق ئەۋەتىدۇ)، قولۇم-قوشنىلار ۋە مەھەللە جامائەتلىرى توي بولىدىغان ئائىلىگە ئىلگىرى ئاخىرى كىرىشىپ «تويغا قوپۇشۇپلا، مۇبارەك بولسۇن!» دەپ ئەھۋال سورىشىدۇ ۋە تەييارلىق ئىشلىرىغا  ياردەملىشىپ بېرىدۇ. «ئەتە توي بولىدۇ» دېگەن كۈنى ئوغۇل تەرەپ ئۈچ-تۆت ئادەمنى بەلگىلەپ بەلگىلىك مىقداردا گۈرۈچ، ياغ، سەۋزە، قوي(كالا) قاتارلىق نەرسىلەرنى قىز تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. بۇ «ئاش سۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ. (بەزى كەنتلەردە «ئاش سۈيى» ئېلىپ بېرىلمايدۇ). قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى «ئاش سۈيى»ئېلىپ بارغانلارنى لايىقىدا كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا «قازان قاينىتىش»نىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرىدۇ. توي كۈنى ھەرئىككى تەرەپتە ئۆزلىرىنىڭ مېھمانلىرىغا يارىشا قازان ئېسىلىپ مېھمان كۈتۈلىدۇ. ئەھلى جامائەت ناماز بامداتتىن كېيىنلا تويغا كېلىشكە باشلايدۇ. جامەئەت ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ئەھلى ئاياللار كېلىشكە باشلايدۇ، بۇ كۈنى ئەتتىگەندىن باشلاپ يىگىتنىڭ دوستلىرى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ناخشا مۇزىكا ساداسى ئىچىدە توي نەغمىسى قىلىشىدۇ. چۈشتىن كېيىن توي بولغان يىگىت دوستلىرى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناخشا-مۇزىكا ساداسى ئىچىدە شادلىق ساماسى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە مەيدان ئۇسۇل، مەشرەپ قىلغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ قىزغىن كۈتىۋېلىنىدۇ. ئۇزاش ئالدىدا فاتىھە(نىكاھ) ئوقۇلىدۇ ۋە چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ. (بەشكىرەمنىڭ بىرنەچچە كەنتتە

قىزلىق تەرەپنىڭ ئۆيىگە «ئاش سۇيى» ئېلىپ بارمايدىغان، قىزنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىلمايدىغان، تويى بولغان يىگىت دوسلىرى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە بارمايدىغان، قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئوقۇلىدىغان ئادەتمۇ بار. لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال). يىگىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئەھلى مەھەلە ئاياللىرىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن «كېلىنچەك»نى ئېلىپ قايتىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئۇرۇق -تۇغقان، ئەھلى مەللە ئاياللىرى ۋە قىزنىڭ دوستلىرىدىن بولۇپ 40 قىز يەڭگىسى(ساق 40 بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ ) نى قوشۇپ، شادلىق يىغىسى بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ «قىزيۆتكەش »(قىز كۆچۈرۈش) دەپ ئاتىلىدۇ. قىز يۆتكىگۈچىلەر ئوغۇل تەرەپنىڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە قۇلۇم -قوشنىلار يولغا تانا تارتىدىغان، گۈلخان ياقىدىغان، ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يەنە كۈۋرۈككە گۈلخان يېقىپ، دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ، قىز يەڭگىسى سۆيۈنچە بەرمىگۈچە يول -كۈۋرۈكتىن ئۆتكۈزمەيدىغان ۋە دەرۋازىدىن كىرگۈزمەيدىغان ئادەت بار. يىگىت دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شادلىق ساماسى بىلەن قىز كۆچۈرگۈچىلەرنى، جۈملىدىن، جورىسىنى قارشى ئالىدۇ. ئۆيگە كىرىش ئالدىدا پاياندار سېلىنىدۇ، بېشىغا چاچقۇ چېچىلىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر «كېلىنچەك»نى ئارىغا ئېلىپ مېھمانخانا ئۆيگە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قىز يەڭگىسى(ئاچىسى ياكى ھامىسى)بىر كىيىملىك رەخت بىلەن كېلىنچەكنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ بوينىغا ئېغىزى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ قويىدۇ. بۇ «قېيىنئانىسىنىڭ كېلىنچەككە قاتتىق يىرىك-گەپ سۆزلەرنى قىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» مەقسىتىدىكى قائىدەبولۇپ «ئېغىز تېڭىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىز تېڭىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسى(شۇ دېمەتلىك تۇغقىنى) ئوتتۇرىغا چىقىپ چىرايلىق ئۇسسۇل ئويناپ(ئۇسسۇل ئويىنغاننى دوراپ پىرقىراپ) كېلىنچەكنىڭ يۈزىدىكى ياپقۇنى ئاچىدۇ. (قىزنىڭ يۈزىگە يېپىلغان رەخت يۈز ئاچقان ھەمشىرىگە تەئەللۇق ـ ئا) سورۇندىكىلەر بىردەك «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ قۇتلۇقلىشىدۇ. بۇ «يۈز ئاچقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. يۈز ئاچقۇدىن كېيىن قولىغا سۇ بېرىلىپ، داستىخان سېلىنىپ، كېلىنچەك يەڭگىللىرى بىلەن قولۇم-

قوشنىلار كۈتۈۋېلىنىدۇ. كۈتۈۋېلىشتىن كېيىن «قىز يۆتكەش»كە قاتناشقان قولۇم-قوشنىلار ۋە بىر قىسىم تۇغقانلار تېنچ-ئامانلىق تىلەپ قايتىشىدۇ. ساھىپخان(يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى)لار «كېلىنچەك» بىلەن قىز يەڭگىللىرىنى يەنە قايتىدىن كوتۈۋالغاندىن كېيىن قىز يەڭگىسى كېلىنچەكنى ئۇغۇلنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويىدۇ..... ئەتىسى ئەتىگەندە قىز تەرەپتىن يېقىن بىر ئايال تۇغقىنى كۈيئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئاش-مانتا(پولۇ ۋە پىتىر مانتا)دىن تەييارلانغان داستىخان ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ‹ ‹ناشتىلىق› › دەپ ئاتىلىدۇ. قىز ئەتتىگەندە ناھايىتى ئۇبدان كۈتۈۋېلىنىدۇ. ئاندىن «قىرىق يەڭگە» ئۈچىدىكى قىز تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچىسى كېلىنچەك بىلەن قېلىپ قالغان يەڭگىلەر ئۇزايدۇ. چۈشتىن كېيىن كېلىنچەكنىڭ دوستلىرى بىلەن ئاتا-ئانىسى تەرەپتىكى ئەھلى مەھەللە ئاياللىرى جەم بولۇپ كۈيئوغۇل تەرەپكە مېھمانغا كېلىدۇ. بۇ «ئىسسقلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئىسسقلىق» نىڭ ئەتىسى ياكى بىرنەچچە كۈن كېيىن كېلىن تەرەپ كۈيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسنى مېھمانغا چاقىرىدۇ. كۈيئوغۇل دوست-بۇرادەلىرى بىلەن، ئاتا-ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن بارىدۇ. كېلىننىڭ ئاتا-ئانىسى مال (قوي) ئۆلتۈرۈپ كاتتا-داستىخان راسلاپ ئوبدان كۈتۈپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ «چىللاق» دەپ ئاتىلىدۇ. چىللاقتا كۈيئوغۇل بىلەن قېيىنئانا ئۆز-ئارا داستىخان (قەن-گىزەك، بىرەر كىيىملىك رەخت) ئالماشتۇرۇپ كۆرۈشىدۇ. بۇ بۇندىن كېيىنكى پات-پات تارتىنماي كۆرۈشۈپ تۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ. «چىللاق»نىڭ ئالدى كەينىدە(كۆپىنچە بۇرۇن) كېلىن تەرەپتىن مەلۇم ئايال ئالايىتەن داستىخان راسلاپ كۈيئوغۇل تەرەپكە كېلىپ ئەھۋال سورايدۇ. بۇ «يوقلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. چىللاقتىن كېيىن (كۆپىنچىسى ئەتە) كېلىنچەكنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كۈيئوغۇل تەرەپنى يەنە مېھمانغا چاقىرىدۇ. كۈيئوغۇل ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئىككى-ئۈچنى ئېلىپ، ئاتا-ئانىسى، ئۆي ئىچىدىكىلەر ۋە يېقىن تۇغقانلاردىن بىر نەچچەيلەن قوشۇلۇپ ئەر-ئايال بىرلىكتە بارىدۇ. ساھىبخانلار بۇلارنى «چىللاق» تىنمۇ كاتتىراق داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ «سالام» دەپ ئاتىلىدۇ. سالام تۈگەپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن كۈيئوغۇل تەرەپ قۇدىلىرىنى(كېلىنچەكنىڭ

ئاتا-ئانىسىنى) «بىر چۆگۈن چىيىمىز بارئىدى، ئىچىپ كېتىشسىلە!» دەپ چىللايدۇ. ئۇلارمۇ ئۇرۇق تۇغقان، قولۇم-قوشنىلاردىن تەركىب تاپقان ئەر-ئايال مېھمانلارنى ئېلىپ بارىدۇ. كۈيئوغۇل تەرەپمۇ كاتتا داستىخان تەييارلاپ، مال(قوي)ئۆلتۈرۈپ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ «قۇدا چىللىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇدا چىللىقى» قىلىشتىكى مەقسەت مۇنداق:

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بەشكېرەمنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرىدە ئومۇمەن ئاساسلىق پائالىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى قىز تەرەپ ئائىلىسىدە بولغاچقا، كېلىنچەكنىڭ ئاز بىرقىسىم تۇغقانلىرى، يەنى «قىز يۆتكەش»، «ناشتىلىق ئېلىپ بىرىش»، «ئىسسىقلىق» ۋە «يوقلاق» قا قاتناشقان ئايال تۇغقانلىرىدىن باشقاتۇغقانلىرى، جۈملىدىن ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى كۈيئوغۇلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك يىراق-يېقىن تۇغقانلىرىنى ئاساسى جەھەتتىن بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بۇندىن كېيىنكى بېرىپ كېلىشىگە «يول ئېچىش»، يېڭى تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق «تۇغقاندارچىلىق»نى كۈچەيتىش زۆرۈر. دەل مۇشۇ زورۇرىيەتتىن «قودا چىللىقى» قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ‹ ‹قۇدا چىللىقى› › دىن كېيىن تويغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەت ۋە ئادەتلەر ئاساسى جەھەتتىن تۈگەيدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يېڭى تويلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆزىگە يارىشا تەييارلىق قىلىپ، ئىككى تەرەپتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە قىچقىرىپ، جەمەتلەر ئارا بېرىش -كېلىشكە ئاساس سالىدىغان، تويدىن كېيىنكى تۇنجى رامىزان ئېيىدا قىز تەرەپ كۈيئوغۇل تەرەپنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى قىچقىرىپ «ئېپتار قىلدۇرۇش»، تۇنجى ھېيتتا خېلى كەڭ كۆلەملىك «ھېيت پەتىسى» قىلدۇرۇش، ئىككىنجى ھېيتتا كىچىكرەك دائىرىدە «ھېيت پەتىسى» قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقاندارچىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆز-ئارا بېرىش كېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، توي باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارلىقتىكى بارلىق «بېرىش-كېلىش»لەردە، مېھماندارچىلىقلاردا ساھىبخان تەرەپ ئاساسلىق مېھمانلارغا ئۆز لايىقىدا رەخت،

كـىيىم ـ كـىـچەك، زىبـۇ ـ زىـنـنـەت بۇيـۇملىرى قاتـارلىقلار ئـارقىلىق «كۆڭـۈل قۇيۇپ» ، ئاندىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ.

* * * * *

تويدىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇنلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولـۇپ، بىـر بىرىنـى قـوللاپ ـ قـۇۋەتلەپ، ئىشـەنچ ۋە مـۇھەببەتنى ئاساس قىلىپ مەڭگۈلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئائىلە ئىشلىرى باغ ـ ۋاران، ئېتىـز ـ ئېرىـق ئىشـلىرىنى بىـرلىكتە قىلىشـىپ تۇرمۇشـىغا يېڭـى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ.

ئېرى ئايالىنى «سەن»، قېيىن ئانىسىنى «ئاچا» ياكى «ئانا»، قېيىنئاتىسىنى «ئاكا» ياكى «دادا» دەيدۇ. ئايالى ئېرىنى ‹ ‹سىز› › ياكى ‹ ‹سىلى› › ، قېيىنئانىسىنى ‹ ‹ئانا› › ياكى ‹ ‹ئاپا› › ، قېيىنئاتىسىنى بولسا ‹ ‹دادا› › دەيدۇ. ئەر ـ ئايال بىلەن قېيىنئانا ۋە قېيىن ئاتا ئوتتۇرىسىدا قـاتتىق پەردە شـەپ(شـەرمى ـ ھايـا) بولـىدۇ. ئـۇلار بىـر بىرىنـى رەنجىتىـپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۆز ـ ھەركەتلىرىـدە ئەدەب ـ قائىـدىگە بەكـمۇ ئېتىبار بېرىدۇ.

بەشـكېرەملىكلەر پەرزەنتىنـى ئـۆرۈق جەمەتنـى مەڭگۈلـۈككە ئـىگە قىلىدىغان «كوچەت» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزكېلىنىنىڭ ئىككى قات بولغانلىقىنى سەزگەن ھامان چەكسىز شادلىق ئىچىدە ئۇنى ياخشى ئارام ئالدۇرۇشقا ۋە ئالاھىدە ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆيىنىڭ ئېغىـر ـ يېنىـك ئىشـلىرىغا قاتنىششـىنى چەكلەيـدۇ. كېلىنچەكنىـڭ تـۇنجى پەرزەنتىنى ئۆزئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىشى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقاندا ئانىسى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلاردىن 10 ـ 12 ئايالنى ھەمراھ قىلىپ كېلىپ، قىزىنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەيدۇ. قېيىنئانىسىمۇ لايىقىدا تەييارلىق قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىن كېلىنچەك كۆزى يورىغىچە ئىككى ئارىدا «بېرىپ ـ كېلىپ» تۇرىدۇ. ساق ـ سالامەت كۆزى يورىغان كۈنى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ دادىسىغا ۋە

چوڭ دادا-چوڭ ئانىسىغا خوش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ماڭدۇرىدۇ. ئۇلارمۇ چەكسىز شادلىق ئىچىدە خەۋەرچىگە سۆيۈنچە بېرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئەتىسى ياكى ئۈچ كۈنى (ئۈچ كۈن ئىچىدە) بوۋاقنىڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەم يېقىن تۇغقانلىرى ئۆزىگە يارىشا سوۋغا-سالام بىلەن كېلىپ، ئەھۋال سوراپ مۇبارەكلەيدۇ. ساھىبخان قۇدىلار خېلى تەييارلىق قىلىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاندىن بوۋاقنىڭ چوڭ دادىلىرى ياكى بىللە كەلگەن ئاقساقاللاردىن بىرەرى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئاۋۋال تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت شۈكۈرى نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن، پاكىز كۆرپىگە زاكىداپ يۆگەلگەن بوۋاقنى «بىسمىللاھىررەخمانىررەھىم» دەپ قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا «ئەزان» ئېيتىپ، سول قۇلىقىغا «تەكبىر» ئېيتىپ: «ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن پالانچى ئاخۇن، (گۈل ياكى خېنىم) بولغاي!» دەپ، بوۋاققا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ جايىنامازدا يۈملىتىدۇ. ئولتۇرغانلار بوۋاقنى ئىسمىنى ئاتاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ قايتىدۇ. ساھىبخان كۈيئوغۇل ۋە قودىلارغا ئۆز لايىقىدا «رەخت» قويۇپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ «ئات تويى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەشكېرەملىكلەر كوپىنچە ھاللاردا پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بويىچە ئىسىم قويىشىدۇ. يەنى ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە ئاللاھنىڭ سۈپەتناملىرى(99 گۈزەل ئىسمى)غا «ئابدۇ»نى قوشۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىسىملارنى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويسا، قىزلارغا ئۇيغۇرچە «خان»(«خېنىم»)، ئەرەبچە «نىسا» ۋە پارسچە «گۈل» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان گۈزەل، مەنىلىك ئىسىملارنى قويۇشىدۇ. «ئات تويى»دىن كېيىن ئۇرۇق -تۇغقان، قولۇم-قوشنا ئاياللار ئۆزىگە يارىشا سوۋغا ۋە داستىخان راسلاپ بېرىپ، بىرەر كىيىملىك رەخت، كىيىم-كېچەك، بىرەر باش ياغلىق چاغلىق نەرسىلەرنى بوۋاقنىڭ يۈزىگە يېپىپ مۇبارەكلەيدۇ. بۇ «تۇغۇت كورۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆرگىلى كەلگەنلەر بوۋاقنىڭ ئوغۇل-قىزلىقىنى توغرىدىن-توغرا سورىماستىن، «بالىڭىز بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئانا بالىسى ئوغۇل بولسا «بۆرە»، قىزبولسا «تۈلكە» دەپ جاۋاب بىرىدۇ. تۇغۇت كورۇشكە كەلگەنلەر

مۇۋاپىق كۆتۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ. (دىققەت! بەشكېرەمدە «تۇغۇت كۆرۈش»كە ئەرلەر قاتناشمايدۇ!).

ئات تويىدىن باشلاپ 40 كۈن ئىچىدە كېلىنچەك ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئوبدان كۈتۈلىدۇ. قېيىنئانىسى داستىخان(ئاش-تاماق،قەن-گىزەك) ئېلىپ بېرىپ پات-پات يوقلايدۇ ۋە شارائىت يار بەرگەن ئاساستا بىر نەچچە كۈن بېقىشىپ بېرىدۇ. ئېرىمۇ(تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ يولدىشى) كاللا-پاقالچاق ۋە گۆش قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەر بىلەن يوقلاپ تۇرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغاندا بوۋاقنىڭ چوڭ ئانىسى(ئانا تەرەپ) 40 نەپەر بالىنى (بەش ياشتىن يۇقىرى 12 ياشتىن تۆۋەن) ئۆيىگە يىغىپ ئۇلارغا داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالىدۇ. ئاندىن بوۋاقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ تەييارلىغان «ئېقىن سۇ»نى، سۆزى شېرىن ۋە تاتلىق بولۇشىنى تىلەپ تەييارلىغان «ناۋات سۈيى»نى، ئەھلى ئىمانلىق بولۇشىنى تىلەپ تەييارلىغان «سورەھ فاتىھەدېمىدىسى»نى، ئەھلى ناماز، ئەھلى جامائەت بولۇشىنى تىلەپ مەسچىتنىڭ كاكۈلى(سۇۋاق لاي) قوشۇپ تەييارلىغان «كاكۈل سۈيى»نى، ئاچچىقى يامان، غورۇر- ۋىجدانلىق بولۇشىنى تىلەپ شاپتۇل مېغىزىنى قوشۇپ تەييارلىغان «مېغىز سۈيى»نى، پۇلدار، باي، دۆلەتمەن بولۇشىنى تىلەپ تەييارلىغان «ئالتۇن سۈيى» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خۇشبۇي تەنلىك بولۇشىنى تىلەپ تەييارلىغان «ئارچا(ئادىراسمان)سۈيى»نى قوشۇپ تەييارلىغان «قىرىق سۈيى» بىلەن بوۋاقنى يۇيىدۇ. (غۇسلى-تاھارەت ئالدۇردۇ). دىققەت قىلىشقا ئەرزىدىغىنى شۇكى، «قىرىق سۈيى» قۇيۇشقا ئۆمرىدە پەقەت بىر نىكاھلىق بولۇپ، كۆپ پەرزەنت كۆرگەن ھەم پەرزەنتلىرى ھايات بولغان، ئاغزىدا ئىلمى بار(ئوقۇمۇشلۇق) بىرەر مۆمىن مۇسۇلمان ئايال تەكلىپ قىلىنىدۇ. قىرىق سۈيى قۇيۇلۇپ بوۋاق يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان قىرىق توقاچنى ھېلىقى قىرىق بالىغا بىرمۇ-بىر تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ«قىرقىنى چىقىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

بوۋاقنىڭ قىرىقى چىقىرىلغاندىن كېيىن كېلىنچەكنىڭ قېيىنئانىسى ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئورۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلاردىن بولۇپ 40 ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا تەييارلانغان كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت جاپدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئۆز لايىقىدا داستىخان قىلىپ «قىزى» («كېلىن

بالىسى») بىلەن «نەۋرىسى»نى يۆتكىگىلى بارىدۇ. ساھىبخان قودىلارمۇ ئۆزىگە يارىشا كاتتا تەييارلىق قىلىپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. مېھمانلار ئۈزاش ئالدىدا ئۇلار يەنە ئۆزلىرى تەييارلىغان قىزى بىلەن نەۋرىسىنىڭ ئۈستىباش، زىبۇ-زىننەتلىرىنى قوشۇپ، نەۋرىسى ئۇچۇن ئالاھىدە بۆشۈك چاپدۇپ چىرايلىق ئۈزىتىپ قويىدۇ. بۇ «بۆشۈك تويى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇل پەرزەنتلەرنى ئارزۇلاپ كىچىككىنە سېكىلەك(چاچ) قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەرمۇ قىسمەن ساقلانغان. قىزلار يەتتە ياشقىچە بولغان ئارلىقتا قۇلىقى تەشتۈرۈلىدۇ. ئوغۇللار يەتتە ياشقا كىرگەندە «سۈننەت تويى» قىلىنىپ، يۇرتقا ئاش تارتىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە قولۇم-قوشنىلار ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا سوۋغا-سالام بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ.

* * *

بەشكېرەملىكلەرنىڭ ئادىتىدە ئوغۇللار ئۆيلىنىپ بىرەر پەرزەنت كۆرگۈچە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر قورۇدا تۇرۇپ، ئاش-تاماق ۋە ئىش-ئەمگەكتە بىللە بولىدۇ. پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن چوڭ ئۆيدىكىلەر مەلۇم ئورۇنغا بىر يۇرۇش قورۇ-جاي سېلىپ بېرىپ، مۇۋاپىق پەيتتە ئەھۋالىغا يارىشا ئائىلە جابدۇقلىرى ۋە ئۆي سايمانلىرى بىلەن ئۆي ئايرىپ بېرىدۇ(ئەگەر يالغۇز ئوغۇل بولسا ئۆي ئايرىماي، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر قورۇدا تۇرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېغىرىنى يېنىك، يىرىقنى يېقىن قىلىدۇ. بارلىق باردى-كەلدىسىگە ئىگە بولىدۇ). بۇ «بۆلەك قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۆلەك قىلىنغان ياش ئەر-خوتۇنلار چوڭ-چوڭ ئىشلاردا چوڭ ئائىلىنىڭ ھىماتى ئاستىدا ئاتا-ئانا، بىرتۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلسا، ئادەتتىكى ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ ۋە ھالال ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەر-ئايال ئىككى تەرەپتىكى چوڭ ئائىلە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ قاراپ تۇرماي، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بەلگىلىك مىقداردا كىگىز-كىچەك، ئورۇن-كۆرپە، چىنە-قاچا، قازان-قومۇچ ۋە باشقا ئائىلە سايمانلىرىنى تاييارلىشىپ، خاسىيەتلىك بىركۈننى تاللاپ «بۆلەك قىلىنغان»لارنىڭ يېڭى ئۆيىگە بارىدۇ ھەم «ئاز

بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، ئۆيۈڭلارنى جاپدۇۋېلىڭلار!...» دېيىشىپ كۆڭۈل قويىدۇ. ساھىبخانىلارمۇ ئاتا-ئانىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ «ئۆي مۇبارەكلەش» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ئۆي خېلىلا كۆركەملىشىپ، ئۆي سايمانلىرى ۋە ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ خىجالىتىنى تارتمايدىغان بولىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ «يېڭى ئۆي» تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ.

بەشكېرەمدە قورۇ جاي، هويلا -ئارام ۋە باغ- ۋارانلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىر يۈرۈش ئۆي دېگەندە ئاساسەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي كۆزدە تۇتۇلۇپ (يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر يۈرۈش ئۆي دېگەندە بەش ئېغىز ئۆي كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى)، ئوتتۇرىسىغا دالان(«دەلىزە»)دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بىر تەرەپكە مېھمان ئۆيى، يەنە بىر تەرەپكە تۇرمۇش ئۆيى(ئاشخانا) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تېمى لاي كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستى ئومۇمەن باسما كەۋزىلىك، ۋاسسا جۇپ يېپىلىدۇ. دالان ۋە مېھمانخانا ئۆيگە نەپىس گۈل نەققىشلەر ئويۇلۇپ كۆركەم بوياق بېرىلىدۇ، تام-تورۇسلار ناھايىتى سىپتا گەجلىنىدۇ. كۆپۈنچە ئۆيلەرگە سۇپا باغلىنىپ سەرەمجانلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆي سەرەمجانلىرى نىسبەتەن ئاددى-ساددا بولسىمۇ، چوڭ سۇپەت، ئارتۇقچە ھەشەم-دەرەم جابدۇقلار يوق بولۇپ، كىرگەن كىشىگە بىر خىل ئازادە كەيپىيات بەخش ئېتىدۇ. هويلىغىمۇ سۇپا باغلىنىپ، ھەيۋەتلىك پېشايۋان يېپىلىدۇ. هويلا مەراسى كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ئالدىغا تال(ئۈزۈم) قويۇلىدۇ. تال ئارتىلىدىغان باراڭ(بېدىش) پېشايۋانغا تۇتاش ياسالغاچقا، ياز كۈنلىرى هويلىغا ئاپتاپ چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن هويلا ئارامنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى سالقىن بولىدۇ. مۇشۇنداق گۈزەل مۇھىتنى ئىزچىل كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە باشقا ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بەشكېرەملىكلەر ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئايااللار ئۆي ۋە هويلا-ئارامنىڭ تازلىقىنى قىلسا، ئەرلەر باغ-ۋاراننىڭ ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

باغ-ۋاران پەرپا قىلىش بەشكېرەمنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق باغۋەنچىلىك تارىخىنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

بەشكېرەمدە ھەرقاندا بىر ئائىلە يىگىدىن پەيدا بولغاندا ئالدى بىلەن ھويلىسىغا تال(ئۈزۈم)قويۇپ، باغ ئەھيا قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچىدۇ. ئاندىن تالنىڭ كەينىگە ئانار، ئەنجۈر ياكى ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنى قويۇش ئارقىلىق بىر كىچىك مېۋىزارلىق بەرپا قىلىدۇ. بارا-بارا ئۆز ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ تەبىئي تۇپراق ئەھۋالى ۋە سۇ شارائىتىغا ئاساسەن بولغۇسى باغ قوشنىلىرىنىڭ باغ قورۇلۇشىغا ماسلاشقان ھالدا(ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق قىشتا كۆمۈلىدىغان مېۋىلەرنى ئۆرۈك، شاپتۇل، بىھە ياكى ئالما، ئامۇت قاتارلىق قىشتا كۆمۈلمەيدىغان ئۆرە مېۋىلەر بىلەن كىرىشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، باغۋەنلەر باغ ئەھيا قىلىشتىن ئىلگىرى بولغۇسى باغ خوشنىلىرى بىلەن قانداق مېۋىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئالدىن مەسلىھەتلىشىدۇ ياكى نىسبەتەن بۇرۇنراق باغ قىلىش قەدىمىنى باسقان قوشنىلار قانداق مېۋە قويغان بولسا، كېيىنرەك باغ قىلماقچى بولغان خوشنا شۇنداق مېۋىلەرنى قويىدۇ ياكى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ قويۇشلىرى شەرت. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مېۋىلەردىن مول-ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ-ئاپتۇر) ھويلىسىدىكى باغ-ۋاراننى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، مېۋە تۈرلىرىنى كۆپەيتىدۇ، كۆلەملەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى 6-ئايدىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»دىن باشلىنىپ، ئۆز ئارا ئۇلىنىپ داۋاملىشىدىغان «شاپتۇل سەيلىسى»، «ئەنجۈر سەيلىسى»، «ئانار-ئۈزۈم سەيلىسى» قاتارلىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە «بەشكېرەم سەيلىسى»گە ئاساس سېلىنىدۇ. چۈنكى «بەشكېرەم سەيلىسى» ماھىيەتتە مېۋە سەيلىسى بولۇپ، مېۋە-چېۋىلەر مەي باغلىغان مەزگىللەردە باغ- ۋارانلار يىراق-يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىدۇ.

* * *

يۇرتتا بىرەر كىشى تۇگەپ كەتسە، ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلارغا ۋە يۇرتنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى قاتارلىق ئاقساقاللارغا خەۋەر قىلىنىدۇ. يۇرت ئاقساقاللىرى خەۋەر تاپقان ھامان كېچە-كۈندۈز، ئىسسىق-سوغۇق دېمەستىن ئۆلۈم بولغان ئۆيگە كېلىپ، مۇسىبەتدارلارغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن

مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرنى تەييارلايدۇ. بىر قىسىم ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە يىراق-يېقىندىكى تۇغقانلار ۋە يۇرت جامائەتلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلىرى «ھازا ئاچىدۇ». جامائەتلەر بولسا بىر-بىرلەپ كېلىشىپ، ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ، مەرھۇمنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىدۇ. مېيىتنى دەپنە قىلىشقا يىراقتىن كەلگەن جامائەتلەر قايتىپ كەتسىمۇ، ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-خوشنا، ئەھلى مەھەللە دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. مېيىتنى مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى(ئوغۇللىرى ياكى بىر تۇغقانلىرى)دىن بىرى يەرلىككە ئەكىرىدۇ. يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت مەرھۇمغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. مېيىت ئۈزنىتىلىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار ۋە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىنلىرى مۇسىبەتدار ئائىلىگە يىغىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆلىمالار قۇرئان تىلاۋەت، ئەمرى-مەرۇپ قىلىشىپ ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىدۇ. ئۈچ كۈنگىچە مۇسىبەتلىك ئۆيدە قازان ئېسىلمايدۇ. قولۇم-قوشنىلار ھازىدارلارغا تاماق ئېتىپ ئەكىرىدۇ ياكى ئۆيىگە قىچقىرىۋالىدۇ. مېيىت ئۈزنىتىلىپ يەتتە كۈن ئىچىدە چوڭ تەييارلىق بىلەن «يەتتە نەزىرىسى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان ھازىدارلارنى ئۆلارنىڭ قولۇم-قوشنىلىرى ۋە مەھەللە جامائەتلىرى «يۆتكەپ» قويۇشىدۇ.(ئەرلەرنى ئەرلەر، ئاياللارنى ئاياللار ئۆزلىرى يۆتكەيدۇ). مەرھۇمنىڭ قېرىنداشلىرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرى 40 كۈنگىچە ماتەم تۇتىدۇ. (بۇ جەرياندا ئۆز ئۆيلىرىگە بېرىپ-كېلىپ تۇرۇشىدۇ). ھەر پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن «ئازنا ئاخشىمى» قىلىنىدۇ. ئۇرۇق -تۇغقانلار، مەھەللە جامائەتلىرى كېلىپ قاتنىشىدۇ. ئالتە «ئازنا ئاخشىمى » ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يەنى مەرھۇم يەرلىكىدە ياتقىنىغا دەل 40 كۈن بولغاندا (بەزى ھاللاردا بىر ئىككى كۈن كەم قالسا مەيلى، ئەمما ئېشىپ كەتمەيدۇ). مەرھۇمنىڭ «40نەزىرىسى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. چوڭ ھازىدارلارنىڭ «قارىسى ئۆشتۈلۈپ» ، يۆتكەپ قويۇلىدۇ. 40 كۈن ئىچىدە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئەرلەر، شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاياللار تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىپ قايتىدۇ. ئەمما قەبرىستانلىقتا يىغلاش قەتئىي

چەكلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا «چۈشكە كىرىپ قالغان كۈن»لەردە، ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ زىيارەت قىلىدۇ، قەبرىگە دان (بۇغداي، قوناق، تېرىق ...) چېچىلىدۇ. بىرىلىدىن كېيىن «يىل نەزىرسى» قىلىنىدۇ.

* * *

بەشكېرەم خەلقى گەرچە ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك ئىتقاد ئادەتلىرى ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىكرەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «كۆك مۇقەددەسلىكى» ئادىتى ساقلانغان. مەسلەن: «كۆك(ئاسمان)كە قاراپ تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دەپ قاراش؛ «كۆك تۇرۇپتۇ»، «ئاي تۇرۇپتۇ» دەپ كۈن بىلەن ئاينى گۇۋاھلىققا تارتىپ قەسەم قىلىش؛ قۇرغاقچىلىق بولغان كۈنلەردە زاراخەتمە قىلىپ كۆكتىن يامغۇر تىلەش ...

2. «سۇنى ئۇلۇغلاش» ئادىتى ساقلانغان. مەسلەن: «سۇنى ئىسراپ قىلسا، سۇغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ» دەپ قاراش. سۇنى قەدىرلەش توغرىسىدا ئاتا بوۋىلىرىمىز «بەشكېرەمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆت» دېگەن ماقالنى مىراس قالدۇرۇشقان.

3. «ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش» ئادىتى ساقلانغان. مەسلەن: يېڭىدىن ياسالغان قورۇ ـ جاي، ھەددىدىن زىيادە بولۇق ھەم ئوخشىغان مېۋىلەرگە «كۆز تەگمىسۇن» دەپ ئادىراسمان ئېسىپ قويۇش؛ سودا ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەپ ئارچا ياغىچى، ئالما قېقى ياكى ئادراسمان قاتارلىقلاردا ئىسرىق سېلىش ...

4. «ئوتنى ئۇلۇغلاش » ئادىتى ساقلانغان .مەسلەن: «ئوتقا تۈكۈرسە، كۈلگە تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ» دەپ قاراش؛ شۇنىڭدەك ئايەم كېچىسى قاپاق كۆيدۈرۈپ «ۋەششەمسى» توۋلاش؛ ئاغرىق ـ سىلاقلارغا ئاتاپ «ئوت كۆچۈرۈش»، «ئوتلاپ قېقىش»، «نوكچا قويۇش» ۋە مېيىت جان ئۈزگەن

ئۆيگە «چىراغ يېقىش» ›  ....

5. «تۇتېم مەدەنىيىتى»نىڭ تەسىرى ساقلانغان .مەسىلەن: «بۆرە ھوشۇقىنى ئېسىۋالغان ئادەمنى قارا باسمايدۇ» دەپ قاراش؛ تۇغۇتلۇق ئايالدىن «بالىڭىز بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ؟»(ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟) دەپ سوراش؛ «بۆرە ھوشۇقىنى ساقلىغان ئادەم ئامەتلىك بولىدۇ» دەپ قاراش؛ ھەتتا «بۆرە ھوشۇقىدا قىمار ئوينىغان ئادەم ئۇتۇۋالىدۇ» دەپ قاراش؛ «يەرنى يوغان بىر ئۆكۈز مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرارمىش، بىر مۈڭگۈزى تېلىپ كېتىپ، يەنە بىر مۈڭگۈزىگە ئالغۇچە بولغان ئارلىقتا يەر تەۋرەپ كېتەرمىش...» دەپ قاراش ۋە «يىلان مۈڭگۈزى تېپىۋالغان كىشى مەرتىۋىلىك(پادىشاھ) بولىدۇ» دەپ قاراش ...

6. «تۇپراقنى ئۇلۇغلاش» ئادىتى ساقلانغان. مەسىلەن: قىلغان سۆزىدىن يېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن تۇپراقنى گۇۋاھلىققا تارتىش، يەنى قوللىرىنى يەرگە سۈۋاپ ئاندىن قول بېرىشىش؛ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغاندا «مەن ئۇ ياكى بۇ ئىشنى قىلسام (قىلمىسام) مېنى يەر يۇتسۇن» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىش ...

7. «تۇز بىلەن ناننى ئۇلۇغلاش» ئادىتى ساقلانغان. مەسىلەن: نىكاھ فاتىھەسى ئوقۇلغاندا كۆڭۈل رىشتىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك چېگىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، بىر بۇردا ناننى تۇزغا مىلەپ، ئاندىن ئىككىگە بۆلۈپ نىكاھلانغۇچىلارغا يېگۈزۈش؛ «تۇز تۇرۇپتۇ»، «نان تۇرۇپتۇ» دەپ نان بىلەن تۇزنى گۇۋاھلىققا تارتىش ...

8. «تاق ساننى ئۇلۇغلاش» ئادىتى ساقلانغان. مەسىلەن: مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇش؛ ئۆي ياپقاندا سالغان ياغاچلىرى سانى تاق بولۇش (5، 7، 9، 11 ...)؛ بوۋاقنىڭ «قىرىقىنى چىقىرىش» ئۈچۈن تەييارلىغان «قىرىق سۈيى»گە سېلىنغان نەرسىلەرنىڭ سانى تاق بولۇش ...

9. «قىرىق مۇقەددەسلىك» ئادىتى ساقلانغان. مەسىلەن: پەرزەنت تۇغۇلۇپ، قىرقىنچى كۈنى «قىرىق سۈيى» قۇيۇپ، «قىرىقىنى چىقىرىش»؛ تويدا «قىز يۆتكەش»كە كەلگەندە قىزنىڭ ئانىسى «قىرىق يەڭگە» › ئەۋەتىش؛ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن «قىرىق كۈن ماتەم تۇتۇش»

ۋە قىرىق كۈندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ «قىرىق نەزىرىسى»نى قىلىش ...

## ئىزاھاتلار:

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» 73ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986ـ يىل نەشرى.
[2] «مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەپچە ئۇيغۇرچە قىسقىچە لوغەت » 311ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992ـ يىل نەشرى.
[3] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» 489ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986ـ يىل نەشرى.
[4] «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 351 ـ بەت. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989ـ يىل نەشرى.
[5] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» 74ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986ـ يىل نەشرى.
[6] سۇلتان ماھمۇت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» 49ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999ـ يىل نەشرى.
[7] «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرسى» 277ـ بەت.
[8] سۇلتان ماھمۇت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» 50ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999ـ يىل نەشرى.
[9] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1ـ توم 420ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981ـ يىل نەشرى.
[10] يۇقىرىقى ئەسەر، 3ـ توم 172ـ بەت.
[11] ‹ ‹قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى› › 338ـ بەت. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989ـ يىل نەشرى.
[12] شاھ مەھمۇد جوراس: ‹ ‹سەئىيدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار› › 42ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل نەشرى.
[13] موللا مىرسالىھ قەشقەرى: ‹ ‹چىڭگىزنامە› › 112ـ بەت. قەشقەر

ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.
[14] مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: ‹‹دىۋان زەلىلى›› 599 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.
[15] ئابدۇرېھىم نىزارى: ‹‹نىزارى داستانلىرى›› 75 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.
[16] مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق: ‹‹خانئۆي ـــ قەدىمكى قەشقەرنىڭ مەركىزى››، ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى›› 2002 ـ يىل 5 ـ سان.
[17] مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق: ‹‹چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى››، ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى›› 2003 ـ يىل 4 ـ سان.
[18] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: ‹‹شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى›› 1010 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.
[19] ‹‹قورىغار رايونىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى›› 39 ـ جىلد.
[20] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: ‹‹شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى›› 1010 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.
[21] غەيرەتجان ئوسمان: ‹‹يۇرت شەجەرىسى ـــ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا بولۇشى››، ‹‹كوناشەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى›› دا ئېلان قىلىنغان.
[22] ئىبراھىم نىياز: ‹‹تارىختىن قىسقىچە بايانلار›› بەت.
[23] ‹‹قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى››
[24] ئا. ن كوروۋپاتكىن: ‹‹قەشقەرىيە›› ـ بەت.
[25] ‹‹قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى›› گە قاراڭ.
[26] ‹‹ھۇدۇدۇلئالەم›› 95 ـ، 96 ـ بەت. لوندون 1970 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى. ۋېي لياڭتاۋ: ‹‹قاراخانىلار تارىخىدىن بايان›› ناملىق كىتابنىڭ 68 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[27] ئۇيغۇر تىلىدا بەزى بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن ‹‹ر›› تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز جەريانىدا چۈشۈپ

قېلىشى نورمال ھادىسە. مەسىلەن: ئانارلىق ــ ئانا:لىق، ئوغۇرلۇق ــ ئوغۇ:لۇق، قارلۇق ــ قا:لۇق..... دېگەنلەرگە ئوخشاش ــ ئاپتور.

[28] شەرىپىدىن ئۆمەر: ‹ ‹ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار› › 300ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981ـ يىل نەشرى.

[29] مەھمۇد قەشقەرى: ‹ ‹تۈركى تىللار دىۋانى› › 3ـتوم، 30 بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984ـ يىل نەشرى.

[30] ئابدۇكېرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: ‹ ‹ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى› › . شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

«چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى» ناملىق كىتابتىن

ئاپتۇر: قەشقەر شەھەرلىك بەشكېرەم ئوتتۇرا مەكتەپتىن
مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

# چوقان ۋەلىخانوپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە

(ھەبىبۇللا ئېلى)

15-16-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋلىيائى-ئەززەم، مازايى ماشايىقلارغا بولغان ئېتىقاد ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كەتتى، ھەتتا ئايرىم شەخسلەرگە، ئۇلارنىڭ قەبرە-مەقبەلىرىگە چوقۇنۇپ سەجدە قىلىش، ئۇلار يولىدا قۇربان بولۇشنى قانداقتۇر «شەرەپ» بىلىشتەك ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەر يېڭى-يېڭى شەكىللەردە مەيدانغا چىقتى، بەلكى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. بۇھال تەبىئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغىمۇ قىسىلىپ سىڭىپ كىرىپ يېيىلىشقا باشلىدى.

ئىمام رىزا (ئەرەپ) نەسلىدىن دەپ ئاتالغان غوجا مەخدۇم (مەخدۇم ئەززەم) ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ۋە ئۆلىمالىق شۆھرىتىنى بۇخارادا قازانغان ئىدى. ئۇ 15-ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەرگە كېلىپ، خانلار ۋە خان جەمەتىنىڭ چەكسىز ئىززەت ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى. خەلق ئۇنى ئەۋلىيا دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئېھتىرام بىلدۈردى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئات، ئەھلى-ئەھيانلىرىغا نۇرغۇن-نۇرغۇن مال-مۈلۈك، يەرجاي، پۇل-پۇچەك سوۋغا قىلدى. بۇ ھاپىز دۇنيانىڭ كۈچىدە غوجا (غوجام)نىڭ ئىجدىمائىيەتتە تۇتقان ئورنى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادى تەسىرى قەۋەتلا مۇستەھكەملەندى... غوجا مەخدۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى-غوجا ئىمامى كالان بىلەن غوجا ئىسھاق ۋەلى ئاتىسىنىڭ تەسىرىدە يۈز تاپتى. ئۇلار تەسەۋۋۇپ (سوپىزىم) تەلىماتى ۋە ئۆزلىرىنى ياقلايدىغان دىنى ئەقىدىلەرنى كەڭ دائىرىدە تارقىتىش مەقسىتىدە ھەرقايسىسى ئۆز ئەتراپىغا

مۇرت، دەرۋىش، مۇجتەھىد ۋە سوپىلارنى توپلىدى. كېيىنچە بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ داھىيسى بولۇپ قالدى. ئىمامى كالان بىلەن ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توپلىغان تەرەپدارلىرى كۆپىيىپ، بارا-بارا بۇلار ئىككى سىياسى گورۇھ بولۇپ ئايرىلدى. ئىمامى كالان باش بولغان مەزھەپ «ئاق تاغلىقلار» (قەشقەردە)، ئىسھاق ۋەلى باش بولغان مەزھەپ «قارا تاغلىقلار» (يەكەندە) دەپ ئاتالدى. (بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ھۆكۈمران دائىرلىرى ئالدى بىلەن باش بولۇپ قوشۇلۇپ، كۆپچىلىك، ئاۋام-خەلقنىڭ ئەنە ئاشۇ ئىككى غوجام ئەتراپىغا بۆلۈنۈپ گورۇھلىششىغا تۈرتكە بولدى) تەبىئىيكى غوجاملارنىڭ« ئۇلۇغۋار» ناملىرى جەمئىيەت، ئىدارە، مەمۇرى ۋە سىياسى ئىشلارنىڭ ھەممىسگە بېرىپ چېتىلدى.چۈنكى جامائەت ئىشلىرى پۈتۈنلەي دىگۈدەك شەرىئەت ئاساسىدا ماڭغاچقا، ھەرقانداق بىر مەسىلىنى غوجاملارنىڭ ھۆكۈمى ۋە ئەمرى بىلەن بىرياقلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ غوجا ئەۋلاتلىرى ھەم دىنىي ھەم مۈلكى ئىدارىلەر (ئورگانلار)نىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك باشلىقلىرى بولۇشقا تايىن تاپتى.

كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئۆزئارا جەڭگى جىدەل، پىتنە ئىغۋا، دىنىي تەسىردائىرەتالىشىش نەتىجىسىدە پۈتكۈل جەنۇبى شىنجاڭ سۈنئىي رەۋىشتە ئەنە شۇنداق ئىككى سىياسى گورۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى، نادان خەلق كىم بەختلىك ھايات ۋە سائادەتلىك ئاخىرەتنى ۋەدە قىلسا شۇنىڭ كەيىگە خۇددى بىر قوتان قوي پادىسىدەك ئەگىشىپ كىرىپ كېتىۋېرەتتى، ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. لېكىن ھاكىمدارلار، مۇستەبىت يۇقىرى تەبىقە كىشلىرى خلقنىڭ ئازادلىق، بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىدىن ناھايىتى ئەپلىك چارىلەر بىلەن ئۆزمەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىناتتى. شۇڭا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان پاراكەندىچىلىك ھېچبىر مەسلەكسىز ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەس تالاش-تارتىش، جاڭجاللار ئاقىۋەت چوڭ سىياسى غەۋغاغا ئايلىنىپ، ئالتە شەھەر دائىرسىدە زور قان تۆكۈلۈش باشلىنىپ كەتتى. بۇ توختاۋسىز ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خەلقنىڭ ئىقتىسادى تۇرمىشى زەئىپلەشتى، تۈرلۈك-تۈمەن جاھالەتلىك ئۆرۈپ ئادەتلەر ۋە مۇستەبىت ئىدارە تەرتىۋىدە ئۇيغۇر مەدىنىيىتى زەئىپلىككە

ئۆچرىدى. ئىچكى تاشقى ۋەزىيەت مۇرەككەپلەشتى، ئەمەلىي كۈچ خورىدى. بارا-بارا ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بۇئىككى دىنىي ۋە سىياسى گورۇھ ئىدارىسىدىكى خەلقلەر بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپ كىشىلىرى ئالاھىدە رەڭلىك ۋە شەكىللىك كىيىم كىيىدىغان بولدى. (مەسىلەن: قەشقەردىكى ئىمامى كالان ئاھالىسى ئاق قالپاق كىيسە، يەكەندىكى ئىسھاق ۋەلى ئاھالىسى قارا قالپاق كىيىدى.) مانا شۇ سەۋەپتىن قەشقەرۋە يەكەن ئەتراپىدىكى تاغلارياكى يەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاراپ، بۇئىككى تەرەپ كىشىلىرى «ئاق تاغلىق»(ئىشقىيەچىلەر)، «قارا تاغلىق» (ئىسھاقىيەچىلەر) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئەنە شۇ «ئاق تاغلىق» «قارا تاغلىق» گورۇھلىرى ئوتتۇرسىدىكى قانلىق پاجىئەلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقەددەس تارىخىغا چۈشكەن ئەڭ ھاقارەتلىك قارا داغلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىچكى غەۋغالاردىن پايدىلانغان جۇڭغارلار[ئۇيرات مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى، 17-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيراتلار يەنە ھەركەتلەندى. گەنسۇ ئەتراپلىرىدا، قارا ئېرتىشتا، شەمەي ئەتراپىدا چېچىلىپ، كۆچۈپ يۈرگەن ئۇيراتلارنىڭ چورۇس، تورغائۇت (تۇرغۇت)، غوشۇت قەبىلىلىرى قۇنتەيجى (كۆنتەيجى، قونتاجى) باشچىلىقىدا تىبەتكە توپلاندى. شىمالىي ياقتا قالغان مۇڭغۇل قەبىلىرىنى باتۇرخارتەيجى بىرلەشتۈردى. 1659-يىلى بۇقەبىلىلەر دىنى باتۇر سەنگە سۆيكەر دېگەن كىشىلەر باشچىلىقىدا جۇڭغارىيەنى- شىمالىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلدى. بۇقۇردا كۆرسىتىلگەن تۆت قەبىلىنىڭ ئومۇمىي نامى «ئۇيراتلار»؛ ئىلى (ئالمالىق)، ئۈرۈمچى، بارىكۆل، ئىمىل(تارباغىتاي) ۋە قورقارا ئۇس قاتارلىق جايلار «جۇڭغارىيە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.] شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىنى نىسبەتەن ئوڭاي ئىشغال قىلدى. دەرۋەقە جەنۇبى شىنجاڭنى غوجاملارنىڭ بىر گورۇھ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى. لېكىن شۇنىڭلىق بىلەنمۇ خەلقنىڭ غوجاملارغا بولغان ئىشتىياقى ئۆچمىدى. چۈنكى نادان ئاۋام- خەلق يۇقىرى ھۆكۈمران قاتلاملارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن پەقەت غوجاملارلا ھەقىقى بەخت ئېلىپ كەلگۈچى نىجادلىق كۈچ دەپ قارايتتى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر ھاكىمدارى ئىسمائىل (قارا تاغلىق تەرەپدارى) ئاق تاغلىق غوجا نەسلىدىن (ئىشان كالاننىڭ ئوغلى) بولغان ھىدايىتوللا (ئاپپاق غوجا) بىلەن ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ ئىككى ئوتتۇرىدا مۇجادىلە كۈچەيدى. ئىسمائىل ئاپپاق غوجىنى يەڭدى. ئاپپاق غوجا 1678 ـ يىلى كەشمىر ئەرقىلىق تىببەتكە بېرىپ، مۇڭغۇل دالاي لاماسىغا ئەرز سۇنۇپ ياردەم سورىدى. دالاي لاما ئىلىدا (غۇلجىدا) تۇرغان جۇڭغار ھاكىمدارى قونتەيجى غالدانغا قارىتىپ بۇيرۇق يېزىپ بەردى. ئاپپاق غوجا بۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ ئىلىغا كەلدى ھەم غالداننىڭ قوشۇپ بەرگەن ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبى شىنجاڭغا يول ئالدى. يول بويى تۇرپان ھاكىمدارلىرى خانلار نەسلىدىن بولغان ئابدۇرېشىت ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ جۇڭغارلارغا قوشۇلدى. قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن يەكەندە تۇرغان قارا تاغلىقلار (قارا تاغلىق غوجىلار) كەشمىرگە قاچتى. قەشقەر خانى ئىسمائىل ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەسىرگە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ غوجاملارنىڭ بىر گورۇھىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭغارلار جەنۇبى شىنجاڭغا بېسىپ كىردى. جۇڭغارلار ئاپپاق غوجىنى قەشقەرگە، ئابدۇرېشىتنى يەكەنگە ھاكىمدار قىلىپ قويۇپ، نۇرغۇن ئولجىلارنى، قەشقەرخانىنى ئائىلىسى بىلەن ئېلىپ ئىلىغا يېنىپ كەتتى. ئالتە شەھەر خەلقى غالدانغا سېلىق (يىلىغا 400مىڭ تەڭگە ۋە باشقا نەرسىلەر) تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئىدارە تەرتىپلىرى ۋە ئاپپاراتلار ئىلگىركى ھالىتىدە تۇرىۋەردى. جۇڭغارلار سېلىق ئېلىشتىن باشقا ئىچكى ئىشلارغا كۆپ ئارلاشمىدى.

ئاپپاق غوجا ئابدۇرەشىتتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى پۈتۈن ئالتە شەھەرگە خان دەپ ئېلان قىلدى. كۆپ ئۆتمەي خەلق ئارىسىدا «جۇڭغارلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، خەلقنى ئازاپقا دۇچار قىلدى.» دېگەندەك ئاپپاق غوجىغا قارشى نارازىلىق كۈچەيدى. شۇڭا ئاپپاق غوجا دۆلەت ئىشىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆزى ئۇستىدە پەقەت دىنى ـ روھانىيلىق ۋەزىپىنىلا قالدۇردى. ئىسمايىل خانىنىڭ ئۈچ تۇرپاندىكى ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنى چاقىرىپ ئۆزئورنىغا خان قىلىپ قويىدى. ۋە ئاپپاق خوجا مۇھەممەت ئىمىننى جۇڭغارلارغا قارشى غازات قىلىشقا دەۋەت قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن ئەسكەر تىوپلاپ جۇڭغارلار ئىگەللەپ ياتقان تېكەس، يۇلتۇز ئەتراپىغا

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ھالاكەتكە ئۇچراتتى.نۇرغۇن ئۇلجارمى 30 مىڭ مۇڭغۇللىنى ئەسىر ئېلىپ ياندى.لېكىن بىرتەرەپتىن ئوردا ئىچىدىكى ئاق تاغلىق جوجىلارنىڭ پىتنە پاساتلىدى،ئىككىنچى تەرەپتىن جۇڭغارلارنىڭ ئۈچ ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىق خەۋىرى مۇھەممەت ئىمىننى تاققا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئۆز ئادەملىرنىڭ بىرى تەرىپىدىن (ئەلۋەتتە قارشى تەرەپنىڭ تاپشۇرقى بىلەن) قەتلى قىلىندى. بۇھال شۇنى كۆرستىدىكى ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى بېسىقتۇرۇش ئۇچۇن مانا مۇشۇنداق سىياسى تاكتىكا قوللانغان. مۇھەممەت ئىمىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنى 1680 ـ يىللاردا ئاپپاق خوجا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ئۆزىنى يەنە خان دەپ ئېلان قىلدى. ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن 1710 ـ يىللىرى خوجاملار نەسلىدىن بىر ئايال(خانىم پادشاھ)خانلىق تالاشتى. مۇرتلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوغلى مەھدىگە خانلىق ئېلىش مەقستىدە ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيانى قەتلى قىلدۇردى. ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەت خوجا تاققا قىچىپ قۇتۇلدى. ئاندىن خانىم پادشاھمۇ شۇ مۇرىتلارنىڭ بىر گورۇھىنىڭ قولىدا قەتلى قىلىندى. پۇرسەتىن پايدىلانغان مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت مومىن (ئاق باش خان ياكى ئىسمائىل خاننىڭ يەنە بىر ئىنىسى) ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، ئاق باش خان خوجەنتتە قاچقۇندا يۈرگەن قارا تاغلىق خوجلاردىن بولغان دانىيال خوجىنى چاقىرتۋالدى. قەشقەرخەلقى ئاپپاق خوجىنى ئومۇمەن ئىمامى كالان نەسلىنى كۆپ ھۆرمەت قىلاتتى، شۇڭلاشقا ئەھمەت خوجىنى خان قىلىپ تىكلىدى. قەشقەر ۋە يەكەن ئوتتۇرسىدا يەنە قانلىق پاجىئەلەر ئەۋجىئالدى. ئاق تاغلىق خان تەرەپدارلىرى قىرغىزلاربىلەن ئىتتپاق تۈزۈپ، يەكەننى مۇھاسىرە قىلدى. ئاق باش خان خوجامەھدى بىلەن ھىندىستىنغا قاچتى، يەكەنگە قىرغىز ھاشىم ھاكىم بولدى. ھاشىم باشلىق قىرغىزلار ئەمدىلىكتە قارا تاغلىقلارغا (دانىيال خوجغا) يان باستى، ئۇزاق مۇدەتلىك قانلىق پاجىئەلەردىن كېيىن دانىيال خوجا بارلىق يەكەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىگە ئىگە بولۇپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن باشلىق قەشقەرلىكلەرنىڭ جۇڭغارلارغا بەرگەن قاتتىق زەبىسگە جاۋابەن ئۈچ ئېلىش مەقسىدىدە جۇڭغار ھاكىمدارلىرى ئالتە شەھەرگە قاراپ ماڭدى. دانىيال خوجا باشلىق قارا تاغلىق

گورۇھىنىڭ ھاكىمدارلىرىنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ، ئۇلار بىرلىشىپ قەشقەرگە ھوجۇم قىلدى. قەشقەر خەلقى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆزشەھەرنى ھىمايە قىلدى. ئۇزۇن مۇدەتلىك جەڭلەردىن مۇھاسىردىن كېيىن قەشقەر ئاخىرى تەسلىم بولىدى. جۇڭغارلار قوزغىلاڭغا پاتال قاتناشقانلارنى قاتتىق جازالىدى. ئەمدى جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن قارا تاغلىق خوجىلار ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. جۇڭغارلار ئولجا ئېلىپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ ، مال دۇنياغا غەرىق بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خان ( خوجىلىرنى ) ئائىلىرى بىلەن ئىلىغا ئېلىپ كەتتى بۇنىڭدىن مەقسەت بىرىنچىدىن خوجىلارنى گۆرۈرە تۇتۇپ، خەلقنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلماسلىقىنى تەمىن ئېتىش. ئىككىنچىدىن ئالتە شەھەرنى ئۆزلىرىگە تېخمۇ ئىتائەت قىلدۇرۇش ئىدى.غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا سابان ئارابتان ھاكىمدار بولدى. ھەم 1720ـ يىلى دانىيال خوجىنى پۈتۈن ئالتە شەھەرگە ھاكىمدار قىلىپ ئەۋەتتى دانىيال خوجا يەكەننى پايتەخت قىلىپ ئالتە شەھەرگە ھەممە جايلىرىغا ئۆز تەرەپدارلىرىدىن ھاكىم ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىدى. دانىيال خوجا ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغار ھاكىمدارنى خالدان دانىيالنىڭ تۆت ئوغلىنى تۆت شەھەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ( يەكەنگە خوجا جاھان، ئاقسۇغا ئايۇپ خوجا، قەشقەرگە يۇسۇپ خوجا، خوتەنگە ئابدۇللا خوجا، ھاكىم بولۇشتى. ) شۇ كۈنلەردە ( 1750ـ يىللىرى ) بىر تەرەپتىن جۇڭغالار ئارىسىدا خانلىق تالىشش ئاساسىدا ئىچكى ماجىرالار كۆچەيدى. جۇڭغارلارنىڭ بىر تەرەپى (ئامۇر سانلىق باشلىق ) مانجۇ خانى بۇغدا خاندىن ياردەم سورىدى. ئىككىنچى تەرەپتىن خەلىق ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقلار، جۇڭغارلارنىڭ ئېلىق ـ سېلىق ئاخىرقى چەككە يەتتى...

قەشقەر ھاكىمدارى يۇسۇپ خوجا باشلىق خانلىق دۆلىتى قۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى. ھەربى ئىستىھكاملار قورۇلۇپ ئەسكىرى كۈچلەر تەييارلاندى. بۇ ھەركەتكە يەكەن ھاكىمدارى (خوجى ) قوشۇلدى. ئاقسۇ چوڭلىرىدىن ئابدۇللا ۋاھاپ، ۋە ئۈچ تۇرپان ھاكىمى خوجا سىدىق ئاسلىق قىلدى. بۇلار جۇڭغار ھاكىمدارلىرىغا قەشقەر ھاكىمدارى باشلىق بولىۋاتقان تەييارلىق پىلاننى مەلۇم قىلدى. جۇڭغارلارنىڭ يول يورىغى بىلەن يەنە شۇلار قەشقەر ئىشىك ئاغىسى ( مۇئاۋىن ھاكىم )خۇدا يار بەرگىنى ۋە ئاتۇش بېگى

ئابدۇساتتارنى دەي- دەيگە سېلىپ يۈسۈپ خوجىنى قەتلى قىلىش يولىغا چۈشۈردى. بۇ سۇيىقەستلىك پىلان قەشقەر ھۆكۈمىتىگە مەلۇم بولۇپ قېلىپ خۇدا يار بەگ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. ئابدۇساتتار بولسا قېچىپ قۇتۇلۇپ ئىلىغا كېلىپ جۇڭغارلارغا ئەھۋالنى ئېيتتى. جۇڭغارلار ئالتە شەھەرگە نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتمەيلا ( ئۇ كۈنلەردە جۇڭغار ھاكىملىرى ئۆز ئىچىدە ئىتىپاقسىزلىق ۋە جېدەل غوۋغالار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانىنى باسقۇدەك كۈچكە مالىك ئەمەس ئىدى. ) بىر ئاز ساقچى بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ۋەكىللەرگە جۇڭغارلارغا ئىشەنچلىك كىشىلەر ياردىمى بىلەن خوجىلارنى تۇتۇش، قالغان سىپلىقلارنى يىغىش تاپشۇرۇلغاندى. ۋەكىللەر كۇچا ئارقىلىق يەكەنگە باردى، ھەم ھاكىم ئەزىز بەگنىڭ ياردىمى بىلەن جاھان خوجىنى تۇتۇپ باغلىۋالدى، شۇ ئارىدا يۈسۈپ خوجىنىڭ مۇراجىتى بىلەن قەشقەر ۋە خوتەن خەلقى قوزغىلاڭغا ئاتلاندى. جۇڭغار ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ سېتىلغانلارنى گۇمران قىلىپ جاھان خوجىنى بوشىتىۋالدى. جاھان خوجىنىڭ مۆمىن، كۆڭۈل چەكلىكىدىن ئەزىز بەگكە ئوخشاش كىشىلەر بەنىلا جازالانماي قالدى. ۋەھالەنكى خەلىق بۇلارنى جازالاشنى قاتتىق تەلەپ قىلغانىدى. شۇ چاغلاردا مانجۇلار (چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيى ) شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا پائال ئارلىشىپ، بەنە مۇرەسسە يۇرگۇزۇشكە باشلىغانىدى. « ئۇنىغانىغا يونىغان» دىگەندەك، جۇڭغارىيەدە يېڭى ھادىسلەر پەيدا بولدى. جۇڭغار ھاكىمدارلىقىدىن خانلىق تالاشقان ئامور سانا بېيجىڭغا بېرىپ بۇغدا خاندىن ياردەم سوراپ، مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلىغا ئېلىپ كەلدى ۋە 1750 - يىللىرى بولغان جەڭلەر نەتىجىسدە ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئالتە شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھەركەت قوللاندى. ئەھمەد خوجىنىڭ تۇتقۇنىدىكى ئوغۇللىرى بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجىلىرىنى ئىلغار( ئىرەن قابۇرغىدىن ) كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ھاكىمدارلىقنى ۋەدە قىلىپ ئۆزىگە مايىل قىلدى. مۇڭغۇل، مانجۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن ئەسكەر يىغىپ بۇرھانىدىن بىلەن (ئۈچاغىدا ئىنىسى گۆرەگە ئېلىپ قېلىپ ) ئالتە شەھەرگە ئاتلاندۇردى. ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان ھاكىمدارلىرى بۇرھانىدىنغا قوشۇلدى. قارا تاغلىق خوجلار يەكەن، قەشقەر، خوتەن خەلقىدىن ھەم قىرغىزلاردىن ئەسكىرى كۈچ توپلاپ

بۇرھاندىنغا قارشى ئاتلاندى. قىرغىزلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ بىر قىسمى خائىنلىق قىلىپ بۇرھاندىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇرۇشتا جۇڭغارلارغا ۋە مانجۇلارغا قول چوماق بولغان بۇرھاندىن ۋە باشقا ھۆكۈمران قاتلاملارنىڭ كۈچى غالىپ كېلىپ، قارا تاغلىقلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇكۇنلەردە ۋاپات بولغان يۇسۇپ خوجا ئورنىغا ئابدۇللاخوجا ھاكىمدار بولغان ۋە بوخوجا ئۆز ئىنىسى مولان خوجا باشچىلىقىدا ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئاقسۇدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن مولان خوجا، يەكيا خوجا (جاھان خوجىنىڭ ئوغلى ) بىرلىكتە قوقانغا قاچتى. يەكەن خەلقى جاھان خوجا رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار بۇرھاندىن خوجىنى قورچاق قىلىپ كەلگەن مانجۇ ۋە جۇڭغار ئەسكەرلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. بۇرھاندىن خوجا مانجۇ ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ تەلۋىپ بىلەن جاھان خوجىسىغا خەت يېزىپ، مانجۇلارغا تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. جاھان خوجا خەلقىنىڭ قەتئىي تەلىپى بىلەن بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. ۋە «ئاخىرقى تامچە قېنىمىز قالغىچە جەڭ قىلىمىز»دەپ جاۋاپ قايتۇردى .

يەنە شۇ يەكەن ھاكىمى ئەزىزبەگ ئىشىك ئاغا نىياز بەگلەر تېخىمۇ چوڭ مەنسەپ ۋە ئىنئام ئېلىش ئۈمىدى بىلەن (ئۇلارغا مانجۇلار تەرىپىدىن شۇنداق مەنسەپلەر ۋەدە قىلىنغان ئىدى) دۈشمەن تەرەپكە سېتىلدى. بۇلار جەڭلەر راسا قىزىپ، دۈشمەنلەر ھالاكەتكە ئۇچراپ چېكىنىشكە ئاز قالغان ھالقىلىق پەيتتە جەڭچىلەر ئارىسىدا ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئارقىسىغا بىر توپ تۇراقسىز ،مەھسىلەتسىز كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ قاچتى، ھەم شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. نەتىجىدە مانجۇ ۋە جۇڭغار ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىگە سەلدەك ئېلىپ كەلدى .

يول باشچىسىز قالغان جەڭچىلەر تېرى-پېرەڭ بولۇپ پېتىراپ كەتتى يەكەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ 1755 - يىللىرى يەنە ئاق تاغلىق خوجىلارنى ۋاستە قىلىپ، ئالتە شەھەرنى مانجۇ، جۇڭغارلار ئىشغال قىلدى، شۇ چاغلاردا يەنە جۇڭغارلار بىلەن مانجۇلارنىڭ ئارىسىمۇ بۇزۇلدى. ئامۇرسانا مانجۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ھاكىمىيەتكە ئىگە بولىۋېلىپ ئۆزىگە كۈچ توپلىدى ۋە مانجۇ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلدى. مانجۇ خانلىقى جۇڭغارلاردىن ئىنتىقام ئېلىش باھانىسى بىلەن ناھايىتى كۆپ، خىل قوراللانغان

ئەسكەرلەرنى ئەۋەتتى. جۇڭغار خانلىقى بىر تەرەپتىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرى سەۋەبتىن بەكلا زەئىپلەشكەندى، پۈرسەتتىن پايدىلانغان مانجۇ قوشۇنلىرى جۇڭغارىيە زېمىنىغا بېسىپ كىردى. جۇڭغار (موڭغۇل)لارنى قىرغىن قىلدى. ئامۇرسانا ئۆز يېقىنلىرى بىلەن روسىيەگە قاچتى قېچىپ ئۈلگۈرەلمىگەن موڭغۇللار قىرىپ تاشلاندى. (شۇ قېتىمدا بىر مىليوندىن ئوشۇق موڭغۇل قىرغىن قىلىنغان)

شىنجاڭ خەلقى مانجۇ - موڭغۇللار ئىشغالىيىتىگە قاتتىق نارازى بولدى ۋە بۇرھانىدىن باشلىق خوجىلارنى ئۆزلىرىنىڭ مانجۇ پەرەسلىك سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى

1756 - يىللىرىدىن باشلاپ بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار باشچىلىقىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى باشلاندى، ئۈچ يىل داۋام قىلغان كۆرەش نەتىجىسىدە مانجۇ باسقۇنچىلىرى بىر قانچە قېتىم يېڭىلىپ چېكىندى ۋە جەنۇبى شىنجاڭ خەلقى ئازادلىق تۇغىنى قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالىي شىنجاڭنى ھەم ئازاد قىلىشقا ھەركەتلەندى. لېكىن، بىر تەرەپتىن خوجاملارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئىدارە تەرتىپسىزلىكى گورۇھۋازلىق كۆرەشلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۈسىدىكى ئېغىرچىلىقلارنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى كۆرەش ئىرادىنىڭ بوشىشىپ زەئىپلىشىشكە سەۋەب بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مانجۇ مۇستەملىكچىلىرى كەڭ كۆلەمدە ھەربىي كۈچ توپلىدى. ۋە ھەر قاچان تەييار تۇرغانلاردىن پايدىلاندى، نەتىجدە 1758- يىلى مانجۇ گېنىرالى جاۋخۇي مۇئاۋىن گېنىرال فۇدى باشچىلىقىدا بېسىپ كىرگەن زور قوشۇن شىنجاڭنى ھېچ كۈچىمەيلا ئىگەللىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلقى 78 يىل ھوكۇم سۈرگەن جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇپ مانجۇ ھوكۇمرانلىقىغا تۇتۇلدى .

مەغلۇبىيەتكە ئۇچىراپ قاچقان شىنجاڭدىكى خوجا ئەۋلاتلىرىدىن بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار باشچىلىقىدىكى تۆت خوجا بەدەخشانغا باردى. ئۇ يەرنىڭ ھاكىمدارى سۇلتان شاھ مانجۇلارغا خوشامەت قىلىپ ھەم ئۆز تەسەردار ئىزىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە خوجىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ئارقىلىرىدىن قوغلاپ كەلگەن مانجۇلارغا تەقدىم قىلدى.

قالغان تۆت خوجا جەڭلەردە شەھىد بولدى. ئاپپاق خوجا نەسلىدىن بولغان بۇرھانىدىننىڭ ياش ئوغلى سامساق خوجا قېچىپ قۇتۇلۇپ ئائىلە ۋە يېقىنلىرى بىلەن قوقان خاندانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە يېرىۋالىدى. «19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوقان ۋە مەرغىلانغا قېچىپ بارغان قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى 800كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.» («ۋەلىغا بوپ ئەسەرلىرى 1958- يىل ئالمۇتا بەشرى. 52بەت ) مانجۇ ھاكىمدارلىرى قوزغىلاڭغا قاتقاشقانلارغا قاتتىق جازا چارىلىرىنى قولاندى. خەلق ئۇستىدىكى ئېلىق- سېلىق، ئالۋان ياساق ھەددىدىن ئاشتى ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىدا جان پىدالىق كۆرسەتلەنلەرنى مانجۇلار ئېنىقلاپ چىقىپ «خەتەرلىك ئۇنسۇرلار» تىزىملىكىگە ئالدى...

مانجۇ زالىملىرىنىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان شىنجاڭ خەلقى يەنە قوزغىلىپ، جەڭ مەيدانلىرىغا مۇقەددەس قانلىرىنى تۆكۈشنى داۋام ئەتكۈزدى. 1765- يىللىرى ئۇچتۇرپان خەلقى ئازادلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى، ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ شەھەر ۋە پۇتۇن ناھىينى ئازات قىلدى. ئاقسۇ ۋە كۇچادىن ئەۋەتىلگەن مانجۇ ئەسكەرلىرىمۇ يېڭىلىپ قاچتى. ئەمما بۇ قوزغىلاڭغا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرى بىردەك ئىشتراك قىلالماي قىلدى، چۈنكى قوزغىلاڭنىڭ تەشكىلى رەھبەرلىكى ۋە ئېنىق پروگراممىسى يوق ئىدى. شۇڭا مۇزارتنى ئېشىپ ئۆتكەن 10 مىڭ مانجۇ ئەسكەرى ئۇچتۇرپاننى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇچتۇرپان خەلقى قەھرىمانلارچە مۇداپىيە تۇزۇمىنى داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ئاي مۇھاسىرىدىن كېيىن ئاچ يالاڭغاچلىققا دۇچاربولغان شەھەر يېڭىلىدى. شەھەرگە بېسىپ كىرگەن باسقۇنچىلار بىلەن خەلق ئاخىرقى مىنۇتىغىچە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلدى. چىڭ ھۆكىمىتىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇلارنىڭ ئورنىغا ھەر قايسى جايلاردىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ جايلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن 60 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا كەڭ مىقياسدا ئازادلىق ھەرىكىتى بولمىغىنى بىلەن ئۇششاق- چۈشەك، ئۇ يەر- بۇ يەرلەردە قوزغىلاڭلار بولۇپ تۇردى. مانجۇ ھاكىمىيىتى بارغانسىرى قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزدى، خەلقنىڭ ئىقدىسادى ۋە جىسمانىي كۈچى بىلەن سېپىل ئىستىھكاملارنى كۆپەيتىپ، خەلق ئۈستىدىكى سېلىق،

ئالۋاڭ ياساقلارنى كۆچەيتتى. خەلقنىڭ ئىقدىسادى تۇرمۇشى كۈندىن كۈنگە يامانلاشتى. ھەر يىلى يۈزلىگەن، مىڭلىغان كەمبەغەل مەدىكارلار ئوقەت ئىزلەپ جان باقماق ئۈچۈن ئوتتورا ئاسىياغا ئېقىشقا باشلىدى. گۆدەك سامساق خوجا چوڭ بولدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش نىيىتىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ كۈچ يىغدى. ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ خوجاملىرىغا بولغان ئېتقادى تېخى ساقلانغان ئىدى، بولۇپمۇ كېيىنكى جەڭلەردە قۇربان بولغان خوجاملارنىڭ خاتىرىسى خەلقتىكى بۇ ئىدىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندى، شۇڭلاشقا خەلق خوجاملارنىڭ كېلىشىنى ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى كۈتەتتى. 1816 ـ يىلى قارا تاغلىق زىياۋۇدۇن باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى قوزغىلاڭغا قوشۇلدى. قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. زىياۋۇدۇن جەڭدە شەھىد بولدى. ئۇنىڭ بىر گۆدەك ئوغلىنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىپ بالاغەتكە يەتكەندە دارغا ئاستى. بۇ ۋەقە خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت ئوتىنى لاۋۇلداتتى. قەشقەرىيە خەلقى تاقەتسىزلىك بىلەن ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى، سامساق خوجىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى، 1820 ـ يىلى سامساق خوجا ۋاپات بولدى. (شۇ يىلى قوقان خانى ئۆمەربۇ ۋاپات بولغاندى.) سامساق خوجىنىڭ مەديۇسۇپ خوجا، باھاۋۇدۇن خوجاۋە جاھانگىر خوجا دېگەن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، جاھانگىر خوجا زەردىلىك، زېرەك، قابىل ۋە تەشكىلاتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلارغا ـ مەدىكار، ئوقەتچىلەرگە، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ ياردىمى ۋە تىلەك داشلىقىغا تايانغان جاھانگىر خوجا قوقان خانىنىڭ روخستىسىز تەگرى تېغىغا قېچىپ چىقتى. (چۈنكى ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ بىلەن ئوتتورا ئاسىيا ئارىسىدا قىززىق كېتىۋاتقان سودا ئالاقىسى ئۈزۈۋشلار نەتىجىسىدە سۇسلاشقاندى. قوقان خانلىقى شىنجاڭ ئارقىلىق مانجۇ خانلىقى بىلەن كەڭ كۆلەمدە سودا ئالاقىسى ۋۇرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. مانجۇلار بولسا بۇنداق سودىدىن مەنپەئەتدار بولۇشتىن باشقا جوجاملارنىڭ خەتەرلىك كۈچ ئىكەنلىگىنى بىلەتتى ۋە بۇ كۈچنى پەقەت قوقان خانلىرى ئوتتۇرسىدا پۈتۈم ھاسىل قىلىنىغانىدى. بۇ كېلىشىمدە قوقان خانى ئۆمەر خوجىلارنى بوجى قىلىپ ئۆز پايدىسىنى تەمىن ئەتتى، كېلىشىم

بويىچە خوجا ئەۋلاتلىرىنى دائىملىق تەقىپ ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش بەدىلىگە مانجۇ خانلىقى ھەر يىلى 200 يامبۇ تۆلەپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن قوقان ھۆكۈمىتى. خوجىلارنى قەشقەرىيەگە ئەۋەتمەي، تېخىمۇ چىڭ تۇتىدىغان بولغاندى.)ھەم شۇ يەردە كۈچ توپلىدى. قوقان خانلىرى مانجۇ تەرەپتە بولسىمۇ، خەلق قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە بولغاچقا، خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن قورقۇپ جاھانگىر خوجىغا قارشى قاتتىق ۋە قەتئىي چارە كۆرەلمىدى، جاھانگىر خوجا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىزلاردىن كۈچ توپلاپ 1825 ـ يىلى قەشقەرگە بىرىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. لېكىن جاھانگىر خوجىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، مانجۇلارنىڭ ئايغاقچىلار ئارقىلىق ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىشى نەتىجىسىدە قەشقەرنى ئالالمىدى. جاھانگىر خوجا تەگرى تېغىغا چېكىنىپ، قايتىدىن كۈچ توپلاشقا كىرىشتى. قەشقەر ئەتراپىدا قوزغالغان خەلقتىن يېڭى كۈچلەر قوشۇلدى. مانجۇ ھاكىمىيىتى قوغلاشقا ئەۋەتكەن 500 ئەسكەر بىر تاغ قىسلىچىلىقىدا جاھانگىر خوجا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىندى ھەم تامام قىرىپ تاشلاندى. بۇلارنىڭ قورallىرى بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ھەسسىلەپ ئاشتى،پۇختىنا تەييارلىقتىن كېيىن1826 ـ يىلى ئەتىيازدا جاھانگىر خوجا يەنە لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە يەنە ئاتلاندى شۇ چاغدىكى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەربى ۋە دۆلەت ھاكىمدارى (جاڭجۈن) نىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا قوزغىلاڭچىلارغا قارشى مانجۇ ئەسكەرلىرى چىقتى، قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن مانجۇ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى ۋە گۈلباغ (يېڭى شەھەر) سېپىلىغا بېكىنىۋالدى.قەشقەر ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ جاھانگىر خوجا سېپىگە قوشۇلدى، تېخى تەجرىبىسىز، يۇمشاق كۆڭۈل، تەقۋادار ۋە ياۋاش جاھانگىر خوجا مانجۇچە رەسلەرگە نىسبەتەن قاتتىق سىياسەت قوللانمىدى، شۇنداقلا پۈتۈن ئالتە شەھەرنى ئازات قىلىش يولىدا قەتئىي ۋە تېز چارە كۆرمىدى. جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدا قەشقەر ئازات قىلىنغاندىن كېيىن قوقان خانى «ياردەم بېرىمىز دەپ» 15مىڭ ئەسكەر ئەۋەتتى. قوقان خانىنىڭ مەقسىدى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن مانجۇلار بەرىبىر ئۆزلىرىگە ئىلگىرىكىدەك مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بولار ئىش بولغاندىن كېيىن ئالتە شەھەرنى ئۆز تەسىرىدە تۇتۇش ۋە

ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئەپكارى ئومۇمىيەسىنى خاتىرجەملەندۈرۈش يۈزىسىدىن قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتكەندى، لېكىن قوقان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئولجا ئېلىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك تەرتىپسىزلىكلەر بىلەن مەشغۇل بولغاچقا خەلق نارازى بولدى. شۇڭلاشقا قوقان ئەسكەرلىرى ئاران 12كۈن تۇرۇپلا 70 كۈن مۇھاسىرىدە تۇرغان مانجۇ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغانلىرى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتتى. يوقۇردا كۆرستىپ ئۆتۈلگەن تارىخى ۋەقەلەرگە، بولۇپمۇ 1750-يىللىرىدىن كېيىنكى (مانجۇلار ئىستىلاسىدىن كېيىنكى) دەۋرلەرگە توختىلىپ قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق يەنە شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ قالىدۇكى مانجۇ خانلىقى شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن يەنە قانائەت قىلماي، غەرپكە قاراپ كېڭەيتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيىتى بۇنىڭغا زادىلا يار بەرمەيتتى. توختاۋسىز رەۋشتە، ئۇيەر-بۇيەرلەردە بولۇپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرى مانجۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمىلى كۈچىنى خىلىلا خورىتىۋەتكەندى. مەسىلەن:1825-1827-يىللىرىدىكى جاھانگىر غوجا باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر خەلق قوزغىلىڭى بۇنىڭغا دالىل.بۇنىڭغا چوقان مۇنداق دەپ يازغان:«جاھانگىرغوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن شۇڭغىچە ئاسىيا خەلقى ئالدىدا ‹يېڭىلمەس كۈچ› بولۇپ كەلگەن مانجۇلارنىڭ كارامىتى ئاشكارا بولۇپ قالدى،قەشقەر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ،ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا يېڭىدىن-يېڭى ئىشەنچ پەيدا قىلدى.»جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن قوقان خانلىقى بىلەن مانجۇلار ئوتتۇرسىدىكى شەرتنامە بۇزۇلۇپ،قوقانلىقلار شىنجاڭدىكى مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ قالدى.قەشقەر خەلقىنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرىدىن پايدىلانغان قوقان خانى-مەدەلى خان(مۇھەممەت ئېلى خان)جاھانگىرغوجامنىڭ ئاكىسى مەديۈسۈپنى خان قىلىپ تىكلەش مەقسىتىدىن 1830-يىلى مانجۇلارغا قارشى«غازات»ئېلان قىلدى.بۇقېتىم قوزغىلاڭچىلار غالىپ كىلىپ مانجۇلار ھالاكەتكە ئۇچرىدى.لىكىن شۇچاغدىكى بۇخارا ۋەقوقان خانلىرى

ئارىسىدىكى ئاداۋەت،زىممىسىدىن زۇلۇم ۋە ئېغىرچىلىق چۈشمىگەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوقان ھاكىمىيىتىگە سەمىمىي ئىتائەت قىلماي قويغانلىقى سەۋەبلىك قوقان خانلىقى مانجۇلار بىلەن يەنە(قايتا) يۈتۈمگە كەلدى.

1846-يىلى قوقاندا باشلانغان ئىچكى غەۋغا دىن پايدىلانغان غوجا ئەۋلاتلىرى 1847-يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەر شەھىرىنى ئىگىلىدى.بۇماجرا شىنجاڭ تارىخىدا«يەتتە غوجا يېغىلىقى»دەپ ئاتالدى.لىكىن،غوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ ھۆكمىرانلىقى ئۇزاققا بارمىدى.سەۋەبى غوجا ئەۋلاتلىرى خەلققە زىمىن ئىگىلىرىگە يان بېسىش ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كىتىپ،خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ،ئىشەنچىدىن قالغانىدى.شۇنىڭ بىلەن ئاقىۋەت ھالاكەتكە ئۇچرىدى.

چۇقان شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەر تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگەيەنە1857-يىلقى ۋەقەنىمۇ تولۇق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى تارىخى ئەسەرلىرىدە شىنجاڭدىكى سىياسى،ئىجتىمائى ھەركەتلەرنىڭ دىنى ھەركەتلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ ئۆتكەن.لىكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كىرەككى،چوقان شىنجاڭنىڭ شۇ زامانلاردىكى سىياسى تۇرمۇشىداغوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ تۇتقان ئو رنىنى كۆرسەتكەندە،بۇمەسىلىنى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسى كۈچى بولغان خەلقتىن ئايرىۋەتمەيدۇ،ئەكسىچە غوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيتىنى تىكلەش يولىدىكى ھەركەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبىدادىدىن قۇتۇلۇش يولىدا باشلىغان ھەركىتى بىلەن توغرا كىلىپ قالدى دەپ چۈشەندۈرىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەرگە قىلغان ساياھىتىدىن كىيىن يازغان ماقالىلىرىدە ۋە رەسمىي ھۆججەتلىرىدە شىنجاڭدىكى تارىخى ۋەقەلەرنى ئەنە شۇنداق تەھلىل قىلىدۇ.چوقان شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇ قوزغىلاڭلىرىنى قانداقتۇر«غەۋغا»ئەمەس،بەلكى ئېزىلگەن مىللەت ۋە ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەزگۈچى ھاكىم مىللەتكە قارشى ھەقىقىي ئازاتلىق كۆرىشى دەپ قارايدۇ.

چوقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە قېرىنداشلارچە سەمىمىي ھېسداشلىق قىلىدۇ.شۇڭلاشقا ئۇ:«قەشقەر خەلقىنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى- ئۇلارنىڭ

ۋەتەنپەرۋەرلىكىدە»دەپ يازىدۇ.

چۇقـان 1864-يىلـى يازغـان بىـر ماقالىسـىدە يەنە مۇنـداق دەيدۇ:«قانداقلا بولمىسۇن ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز يولىدا تەرەققىي ئېتىشى ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسە- ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ....»

17-ئەسىرنىڭ يېرىمىغا كەلگەنـدە مـانجۇلار پۈتـۈن جۇڭگـودا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ غەربىي دىيارغا كۆز تىكىدۇ.ئەنە شۇ سىياسەت تۈرتكىسـىدە ئـۇلار 1757-يىلـى مۇڭغۇللارنىـڭ كـۆپچىلىكىنى قىرىـپ تاشلاپ،جۇڭغارىيىنى بېسىۋالىدۇ ۋەشۇيىلى شـىنجاڭنىڭ جەنۇبىـدىكى كەڭ رايونلارنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي ھەرىكەت باشلايدۇ،لىكىن ئۇيغۇر خەلقى مانجۇلارغا قارشى ئىككى يىلغىچە قاتتىق تىركىشىپ كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ،ئوتتۇرىدىكى ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق زور بولغاچقا مانجۇلار 1759-يىلى شـىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىمۇ ئـاخىرى ئـۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالىدۇ.

مانجۇلارنىڭ جۇڭغارىيە بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى شۇنچە تېز ئىشغال قىلالىشىغا ئۇلارنىڭ قانداقتۇر «كۈچلۈك»بولغانلىقىدىن ئەمەس،بەلكى شۇ چاغـدا شـىنجاڭدا مەركەزلەشـكەن قۇدرەتلىـك ھاكىمىيەتنىـڭ بولمىغانلىقى،ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ بىر نەچچە چوڭ كىچىك ۋىلايەتلەرگە بۆلۈنۈپ پارچە-پارچە ئۇششاق يەرلىك بەگلىك ھالىتىدە تۇرغانلىقى سەۋەپ بولغانىدى. بۇ بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئـارا ئىتتىپاقسىزلىق، مەسلەكسىز، ئايىغى چىقماس جەڭگى-جېدەللەر بۇلۇپ تۇراتتى. جۇڭغارىيە ياكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا مەركەزلەشكەن خەلق ھاكىمىيىتى ياكى خەلق ئۆملىكى يوق ئىدى.

مانجۇ خانلىقى ئىدارىسىدىكى جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ياشاپ،ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا ئارقىدا قالغانىدى. شۇڭا بۇ ئەلدە ئەكسىل ھەركەتلىك، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتچىلىك چوڭ ئورۇن ئېلىپ كەلدى. مانجۇ ھاكىمدارلىرى ئۆزلىرىنى قانداقتۇر «غوجا» ۋە «ئالى دەرىجىلىك» مىللەت دەپ، شىنجاڭدىكى كەڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنى

«قۇل» ھېساپلاپ كەلدى. مانجۇ ھۆكمرانلىرىنىڭ ئېزىش شەكىللىرى تۈرلۈك-تۈمەن يوللار بىلەن ماڭدى. پەقەت سودا-سېتىق ئىشلىرىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، مانجۇ خانلىقى مانجۇ سودىگەرلىرىگە كەڭ ھوقۇقلارنى بېرىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان سودىگەرلەرگە ئەركىنلىك بىلەن سودا-سېتىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.... مانجۇ مەنساپدارلىرىنىڭ چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىسى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۈششاق ۋە ئوتتۇرھال سودىگەرلىرىنى بۇلاپ-تالاپ،يالماپ يۇتۇپ كەلدى.ھەربىر مانجۇ ئەمەلدارلىرى ھەرقانداق يەردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرىدىن مال ئالسا ھەقسىز تارتىۋېلىشقا ياكى ئاشخانىلىرىدىن تاماق يېسە ھەقسىز يېيىشكە ئۆزلىرىنى تولۇق ھوقۇقلۇق دەپ ھېسابلايتتى. بۇھەقتە مەشھۇر سەيياھ ۋە ئالىم چوقان ۋەلىخانوپ مۇنداق يازىدۇ: «مانجۇ مەمۇرلىرى خەلقنى تالايدۇ، ماللىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە ھاقارەت قىلىدۇ... دۇكانلاردىن ماللارنى ھەق تۆلىمەي ئالىدۇ ۋە ئاشپۇزۇللاردا ھەق تۆلىمەي تاماق يەيدۇ...». شۇنىڭ بىلەن بىللە مانجۇ ھاكىمدارلىرى ئەشەددى پارىخورلار بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى پارىسىز قىلمايدۇ. بۇ پارىخورچىلىقتىن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى تولىمۇ خورلۇق كۆرەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پارە بېرىشكە چېغى يەتمەيتتى ۋە ئۇزىنىڭ ھەقلىق سۆزىنى ھېچيەردە ئۆتكۈزەلمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «بېگىڭگە يەتكىچە بېلىڭ ئۈشتۈلار» دىگەن ماقالى ئەنە شۇنداق ئېغىر تۇرمۇشنى ئىپادىلەيدۇ. شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي مانجۇ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ھەربىر مەنسەپ ئورنىنى پارىسىز بەرمەيتتى. كىمنىڭ پۇلى كۆپ بولسا مەيلى ئۇ قانداق ئادەم بولسۇن مەنسەپنى شۇنىڭغا سېتىپ بىرەتتى. بۇھەقتە موللا موسا سايرامى مۇنداق دەپ يازىدۇ:«قەيەردە بى نام، بى نىشان ئوغرى قىمارۋاز ۋە سەرگەردانلار بولسىلەرمۇ پۇل بەرسىلا مەنسەپ بەردىلەر... خوتەنلىك رۇستەم بەگدىن ئىككى مىڭ يامبۇ ئالىپ يار كەنتكە ھاكىم قىلدى، سايىت بەگ بىرمىڭ بەشيۈز يامبۇ بېرىپ ئاقسۇغا ھاكىم بولدى...»

(«تارىخىي ئەمىنىيە» 42-43-بەتلەر)

ئۇيغۇر خۇيزۇ ۋە باشقا ئېزىلگەن خەلقلەر مانجۇ مەمۇرلىرى تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك خورلۇقلارنى كۆرەتتى. بىرەر مانجۇ ھاكىمدارى كېلىۋاتقان بولسا،ئولتۇرغان بولساڭ ئورنىڭدىن تۇرۇپ،ئاتلىق بولساڭ ئاتتىن چۈشۈپ تازىم قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەر سەۋەپ بىلەن ئۇنداق قىلالمىساڭ مانجۇ سېنى خالايىق ئوتتۇرىسىدا ھاقارەت قىلىپ قامچا ئاستىغا ئالاتتى. «ئەگەر ئاتلىق كېتىپ بارغان ئۇيغۇر مانجۇنى كۆرگەندە ئاتتىن چۈشمىسە مانجۇ ئۇنى ئۇرۇشقا ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايدۇ»(ۋەلىخانوپ ئەسەرلىرى. 353-بەت) بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر خورلاش شۇ بولدىكى، ئەگەر مانجۇغا ئۇيغۇت ياكى خۇيزۇنىڭ قىزى ۋە خوتۇنى يېقىپ قالسا، ئۇ مانجۇ شۇ زامات زورلۇق بىلەن تارتىۋالاتتى. بۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنىڭ مىسالى ئاز بولمىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى مانجۇ مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر قەدەملىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە دىنى ئېتىقادىنى بۇزۇپ ئاياق ئاستى قىلىپ كەلدى. بۇ مىللىي ئېزىشلەرنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك شەكلى ئىدى. بۇتوغۇرلىق ۋەلىخانوپ مۇنداق يازىدۇ:«مانجۇلار...شەھەرلەرنى تالايدۇ،ئاتلىرى بىلەن ئاشلىقلارنى چەيلەيدۇ، مەسچىت ۋە مازارلارنى بۇزىدۇ. خوتۇن قىزلارغا زورلۇق قىلىدۇ.»(ۋەلىخانوپ ئەسەرلىرى.44-بەت).

مانجۇ مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭمۇ مىللىي تەرتىپلىرىنى بۇزۇپ، خورلاپ كەلدى. خۇيزۇلارنى ئۇزۇن چاچ قويۇشقا قىزلىرىنى مانجۇلارغا ئەرگە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇمۇمەن مانجۇلار شىنجاڭنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلمىدى. شۇنداق قىلىشنى ھېچقاچان ئويلاپمۇ باقمىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيىتىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى«مەڭگۈ» ساقلاپ قېلىش مەقسىدى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېزىلگۈچى خەلقلەرنى نادانلىقتا، قاراڭغۇلۇقتا تۇتۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مەكتەپلىرى، مەتبۇئاتى ۋە سەنئىتى بولمىدى. ئۇيغۇرلارنى مانجۇ تىلىدا سۆزلەشكە، باللىرىنى مانجۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا مەجبۇر قىلدى. مانجۇ خانلىقىنىڭ مۇستەبىت سىياستى ئاستىدا شىنجاڭدا ھەرتۈرلۈ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت

خەلقلىرى ھېساپسىز ئۆلۈم يېتىملارغا دۇچار بولدى. خۇسۇسەن ياش ئۆسمۈر باللارنىڭ ئۆلۈم يېتىملىرى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە كۆپ بولدى. خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان دوختۇرخانىلار(شىپاخانىلار)، كېسەلخانىغا ئوخشاش مۇئەسسەسىلەر تەسىس قىلىنمىدى. دېمەك، ئومۇمەن شىنجاڭ خەلقى ئەڭ ۋەھشىيانە ۋە ئەشەددى مىللىي ئېزىلىشلەر ئاستىدا يەنجىلىپ ياشاپ كەلدى. مانا بۇ ئېزىلىشلەرگە ھەمىشە قەھرىمانلارچە مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى بىلەن جاۋاب بېرىپ كەلدى. لېكىن كۆپىنچە مەقسەت ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. بۇنىڭغا ئىچكى-تاشقى ئامىللار سەۋەپ بولدى. ئىچكى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن بەزىبىر چوڭ ئۇيغۇر ھاكىملىرى مانجۇ خانلىقى تەرىپىدە تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرىگە قارشى كۆرەش ئېلىپ باردى. مانجۇ ھۆكۈمەتلىرى مانا شۇ سېتىلغان يەرلىك بەگ-ھاكىملارغا تايىنىپ، ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى باستۇردى.بۇ ھەقتە ۋەلىخانوپ مۇنداق دەيدۇ : «مانجۇلار پەقەت خەلقتىن يىراق بولغان ۋە ئۇنى سېتىپ كەلگەن يەرلىك بەگلەرگىلا ئىشىنىدۇ.مانجۇلار مانا شۇ يەرلىك بەگلەرنىڭ مەنپەتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەتىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىدۇ،چۈكى بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ قورقۇنچ تۇغۇلغان بولار ئىدى.» ئىككىنچىدىن، ئازاتلىق ھەركەتلىرى كېيىنۋاتقان ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق»دېگەن ئىككى سىياسىي، دىنى گورۇھقا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا جەڭگى - جېدەل قىلىپ كەلدى. مانجۇ مۇستەبىتلىرى بىرلىك بولمىغانلىقىدىن ئوبدان پايدىلاندى. ئۈچىنچىدىن، مانجۇ خانلىقى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئېزىلگەن خەلقلەر ئوتتۇرسىدا مىللىي ۋە مەھەللىۋى زىتلىق سىياستى يۈرگۈزۈپ كەلدى.ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرسىدا سۈنئىي رەۋىشتە مىللىي زىتلىق تۇغدۇرۇپ ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەپتىن قوزغىلاڭ پەيتىدە ئېزىلگەن خەلقلەر ئوتتۇرسىدا بىلىك بولمىدى.

مانجۇ خانلىقىنىڭ ۋەھشىيانە مىللىي مۇستەملىكىچىلىك سىياستى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي بايلىقى تامامەن ۋەيران قىلىنىپ، تەرەققىياتى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. ئۆتكەن زامانلاردا شەرق خەلقلىرى ئىچىدە باي يۇقىرى مەدەنىيەتلىك بۇلۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى

ئەمدىلىكتە ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى تولىمۇ ئارقىدا قالغان بىچارە خەلققە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىنلا ئەمەس بەلكى سىياسى جەھەتتىمۇ ئارقىدا قالدى. مانجۇ مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان «...ئەشەددى ئېلىق- سېلىقلار، باشباشتاقلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە قاتتىق جازالار خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى، ئىچكى تۇرمۇشىنى ۋە مەنىۋى تەرتىپلىرىنى بۇزۇپ، ۋەيران قىلىپ كەلدى. خەلقنىڭ تەرەققىي قىلىش ھىممىتى ۋە غەيرىتىنى مانجۇ ئەجدىھالىرىنىڭ تىمساھلىرى بوغۇپ تاشلىدى...»(د.فېدروف «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي ستاتىستىكىسىنى تەرىپلەش تەجرىبىسى»). چوقان ۋەلىخانوپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىن ئارقىدا قېلىش سەۋەپلىرىگە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:«خەلق كەمبەغەل ياشىماقتا، يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتماقتا ۋە ھەممىشە ئەمگەك قىلماقتا. ئەگەر شەرق تۈركىستان خەلقى ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ پايدىسىنى ئۆزى كۆرسە ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ،ئىلگىرى قانداق باي خەلق بولغان بولسا شەرق خەلقلىرى ئىچىدە شۇنداق باي بىر خەلق بولغان بولار ئىدى.» مانجۇ خانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەملىكىچىلىكى بىر يېرىم ئەسىر داۋام قىلدى. مانا شۇ ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە بولغان مىللىي مۇستەبىتلىك ئېزىشلەر شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەپ بولدى. مانجۇلار شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولدىن كېيىن بۇدىياردا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكمىرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە ھەركەت قىلدۇ ۋە جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىگە قاتناشقانلارنى تۇتقۇن ۋە سۈرگۈن قىلىشقا كىرىشىدۇ. مانجۇلار جۇڭغارىيىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا مۇداخىلە يۈرگۈزۈشكە شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن 40مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ. مانا بۇ ئەسكەرلەرنى بۇرۇن ئورنىشىۋالغان مانجۇشىبەلەردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەرنى بېقىش،ئۇلار ئۈچۈن قەلئە قورغان سېلىش، ئۆي ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشچى كۈچى كېرەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇلار ئۇيغۇرلارنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن جۇڭغارىيەنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە مەجبۇرى ھالدا كۆچۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈش 1760-يىلىدىن باشلىنىدۇ ۋە شۇ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدىن 300 ئادەم كوچۈرىلىدۇ. ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن 1767-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ چتۇرپان،ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، يەكەن قۇمۇل ۋەباشقا شەھەر لەردىن 6000 تۈ تۈ ن ئىلىغا كۆچۈ رىلىدۇ. ‹‹بۇ كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر لار ئىلىنىڭ قايىنۇق، قاش ،بولابورغۇس،جىرغىلاڭ ،تاشئۆستەڭ ،بايتوقاي،غونوغاي،دارولدامتۇ،ئارا ئۇستەڭ،دىگەن جايلىرىغا جەمى 1000 تۈتۈن ئاھالە ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.›› رلدۇمان : ‹‹چىن ھۆكۈ مىتىنىڭ 18-ئەسىر نىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى شەرقى تۈ ركىستانداتۇتقان ئۇيغۇر لار ئاگدارسىياستى›› ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈ رۈ لۈ شى چىيەنلۇڭ خان دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ تۇرپانلىق ئىمىن ۋاڭ بۇ قېتىمقى ئاھالە كۆچۈ رۈشتە مانجۇ ھۆكۈ مىتىگە جان جەھلى بىلەن ئىشلەپ چوڭ ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى موسا مانجۇلارغا خۇددى ئۈز ئاتىسىغا ئوخشاش ئىشلەپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىلىدا ئۇيغۇر لارغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

كىيىن بۇ 1000ئائىلە ئۇيغۇر لار دىن باشقا يەنە 2000 ئۆيلۈك ئادەم ئىلىنىڭ نىلقا ،توققۇزتارا ۋەباشقا جايلىرىغا كۆچۈرۈلۈپ، جەنۇبىي ۋە شەرقى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىغا كۆچۈ رۈ لگەن ئا ئىلە جەمى 8000 غا يىتىدۇ.دىمەك ھازىرقى ئىلى ئۇيغۇرلىرى 18-ئەسىردە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقى رايونلىرىدىن مەجبۇرى كۆچۈ رۈ لگەن ئۇيغۇر لار دۇر.

ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن بۇ ئۇيغۇرلا ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن مانجۇ ئەسكەرلىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ.بۇ ئۇيغۇرلار مانجۇ مۇستەبىت ھاكىمىيتى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلغانلىقتىن ئۇلار بۇلارنى ‹‹تارانجى›› دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھوقوقسىز ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان ھوسۇلىنىڭ تولىسىنى مانجۇ ھاكىمىيىتىگە تاپشۇرۇپ ئاچ-يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئىلىدىكى شەھەرلەر،قەلئەلەر،ئۆستەڭلەر،يوللارنىڭ ھەممىسى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېنى ۋە ماگلىيىدىن ئاققان ئىسسىق تەرلىرى بىلەن قۇرۇلغاندۇر.بۇ ھەقتە فىدروف ‹‹ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربى ئىستاتىستىكا

تەرتىپى›› دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ ؛ ‹‹ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇلار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىمارەتلەر، قەلئەلەرسېلىش ئۆستەڭلەر چېپىش ۋە يول ياساش، كۆۋرۈك ياساش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشچى كۈچىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مانجۇلار قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىدىن 8ـ10 مىليونغا يېقىن ئائىلە ئىلىغا كۆچۈرىلىدۇ .بۇلار ‹‹تارانچىلار›› دەپ ئاتىلىدۇ.›› .

مانجۇ قەبىلىلىرىدىن بولغان ئىلى شىبەلىرىدىن بىرى 1864ـ يىلى ئىلىدا بولغان خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇر قوزغىلىڭى ھەققىدە مانجۇ تىلىدا خاتىرە يېزىپ قالدۇرىدۇ .بۇ خاتىرىنى غۇلجا شەھىرىدە ياشاپ كەلگەن دىتالوف روس تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ. شىبە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹مانجۇلار بىر ئەسىر بويى تارانچىلارنىڭ نېنىنى يەپ، دۆلەتتىن ياشى ئايلىق ئېلىپ، شەھەرلەردە غەمسىز ،بۇزۇقچىلىق قىلىپ ياشاپ كەلدى......››

چوقان ۋە لىخانوپ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كورەشلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ .

19ـ ئەسىرنىڭ 40ـ يىللىرىدا مانجۇلارغا ۋە چەتئەل جاھانگىرلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلابى تۇرۇتكىسى ئارقىسىدا ھەر قايسى جايلاردىمۇ ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئېزىلگەن خەلقنىڭ مانجۇ ئىستىدات ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللى ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرى باشلىنىدۇ .1862ـ يىلى خۇيزۇ خەلقى ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرىغا ئاتلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئۇرۇنچى ـ ماناس خۇيزۇلىرىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ.

1863ـ يىلى ئازاتلىق قوزغىلاڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا باشلىنىپ دەسلەپ راشىدىن ھاجىم (راشىدىن خوجام)باشچىلىقىدا كۇچا خەلقى مىللى ئازاتلىق تۇغىنى كۆتىرىپ چىقىدۇ .1864ـ يىلى ئازاتلىق قوزغىلىڭى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىرىغا كېڭىيىدۇ. شۇ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارمۇ قوزغىلاڭغا ئاتلىنىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدە شۇ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمى مىرزەمزات ۋە ئۇنىڭ مۇئا ۋىنى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىدى. ئىلى جاڭجۇنى چاڭ چىڭ مىرزەمزاتتىن قوشۇمچە سېلىق تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ ھاكىم مىرزەمزات بۇ قوشۇمچە سېلىقنى تۆلەش ئىمكانىيىتى يوق دەپ جاۋاپ قايتۇرۇش بىلەن جياڭجۇن گۇنى زىندانغا تاشلاپ ئورنىغا ئابدۇرۇسۇل

بەگنى ھاكىم قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جىياڭجۈننىڭ خۇيزۇلارنى يوقۇتۇش مەقسىتىدە يوشۇرۇن تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى خۇيزۇلارغا مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. خۇيزۇلا تەييارلىقسىز تەخىرسىزلا قوزغىلاڭ باشلىۋېتىدۇ. لېكىن بۇ قوزغىلاڭ تېزلا باستۇرىلىدۇ. ئۇنىڭ يولباشچىلىرىدىن يەن سن فى تا لار دار غا ئېسىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خۇيزۇلانىڭ چوڭلىرىدىن ئاشۇر ئاخۇن، غەنجە ئاخۇن، ئىسمايىل ئاخۇن، ۋە ياقۇپ ئاخۇن يەنە بىر ئىسمى (ماۋەنشىن )لار ئابدۇرۇسۇل ھاكىمغا مۇراجەت ياردەم سورايدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگ قازى نەسىردىن ئاخۇنۇم ۋە باشقا يۇرت چوڭلىرى بىلەن كېڭەش. نەسىردىن ئاخۇنۇم ئابدۇرۇسۇل بەگكە :« خۇيزۇلارغا ياردەم بىرىش ۋە ئىسلام ئۈچۈن قوراللىق كۆرەش قىلىش كېرەك » دىگەن مەسلھەتنى بىرىدۇ. بۇ كېڭەشكە ئىشتىراك قىلغۇچىلار خۇيزۇلار بىلەن بىرلىشىش ئازاتلىق ئۈچۈن قوراللىق كۆرەشنى باشلىۋېتىش ھەققىدە پىكىر بىرلىككە كېلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىلەن خۇيزۇلانىڭ بىرلەشمە قوراللىق قوزغىلىڭى باشلىنىپ كېتىدۇ.

ئابدۇرۇسۇل بەگ تەييارلىقنى تېزلا پۈتتۈرۈپ تاشئۆستەڭ، ئارا ئۆستەڭ، ئۇلاستاي، دادامتۇ كەتمەن، غالجات، غونۇغاي، توققۇز تارا ۋە باشقا يېزىلىرىدىن ئەسكەر ئالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئىلى جىياڭجۈننىڭ بۇيرىقى بويىچە تۇرغۇتلاردىن بىرمىڭ ئىككى يۈز ئات ئېلىپ كۈرەگە كېتىپ بارغان ساغالداي بىلەن ۋۇدارىن ئاتلىرى بىلەن قولغا چۈشىدۇ. مانا بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى شىبەلەرنىڭ سومونلىرىغا، ئىككىنچى قىسمى تېكەست تەرەپتىن كېلىپ مانجۇلارغا ياردەم بېرىدىغان مۇڭغۇللارغا قارشى تۇرۇشقا، ئۈچىنچى قىسمى مانجۇلارنىڭ كۈچلۈك قەلئەسى بولغان بايانداينى ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. ئاساسلىق كۈچ باياندا قەلئەسىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ، قوزغىلاڭچى جەڭچىلەر ناھايىتى تېزلىكتە باياداي قەلئەسىنى قورشىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جىياڭجۈن چاڭچىڭ قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش پىلانى تۈزىدۇ. شۇ مەقسەد بىلەن جىياڭجۈن زىندانىدا ياتقان مەامزاتنى بوشىتىپ ئۇنىڭغا: «ئۇيغۇرلار ئۆستىدىكى قوشۇمچە سېلىقنى ئېلىپ تاشلاي، سېنىڭ ھاكىملىق مەنسىپىڭنى قايتۇرۇپ بېرەي، ئۇرغۇرلار قوزغىلاڭنى توختاتسۇن، ئۇيغۇرلار

تۇڭگانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلسا، مەن ئۇلار ئۈچۈن كەڭچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىمەن ... » دەپ مەزامزاتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. جىياڭجۇننىڭ بۇ تەكلىپى مەزامزاتقا پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جىياڭجۇننىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا رايى بارمايدۇ. چۈنكى قوزغىلاڭ ئۈچاغدا ئومۇمى خەلق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا مەزانزات قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن چوڭلار يەنە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قوزغىلاڭنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ۋە ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۈچلۈك بىر رەھبەرلىك ئاپپاراتى-ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ. ھەمدە بۇ قەھەتتە پىكىر بىردەكلىكى ھاسىل قىلىنىدۇ. چوڭلار كېڭەشىنىڭ قارارى بويىچە قازى نەسىردىن ئاخۇن قازى كالان، مەزامزات سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر، موللا شەۋكەت ئاخۇن قازى موفتى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

ئېلىدا كۆتىرىلگەن قوزغىلاڭ جەريانىدا چوڭلار ئوتتۇرسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت پەرەسلىك، بىر-بىرىنى كۆرەلمەسلىك كۈچلۈك بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇچاغدا ئەخمەتخان دېگەن بىر غوجا (غوجىلار نەسلىدىن) پەيدا بولۇپ، بۇقېتىمقى قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز شەخسى غەرىزىنى ئەمەلگە  ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. نادان خەلق ئەخمەتخاننىڭ غوجىلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا ئۇ مەزامزاتنىمۇ ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان ئىدى. مەزامزات بولسا ئۆزىنىڭ شەخسى غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەخمەتخان غوجىدىن ياردەم ئېلىشقا تولۇق كۆزى يېتەتتى. سۇلتان مەزامزات شەخسى مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، قوزغىلاڭدا ياخشى ئىشتىراك قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى ئەخمەت غەزىنچى بەگنىڭ ئابرويلۇق بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ئۇ مەنسەپ ۋە ئابرويدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قېيىن ئاتا-كۈيئوغۇل ئىككەيلەننى يوقىتىش سۈيقەيستىنى پىلانلايدۇ. مانا بۇ قارانىيەت مەزامزات پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەخمەتخان غوجا بىلەن بىللە (ئۇلار يېقىن دوست بولۇپ قالغان ئىدى) ھەرىكەت باشلايدۇ. نەتىجىدە  ئەخمەتخان غوجا غەزىنچى بەگنى ئۆلتۈرىدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگ بۇنىڭدىن قاتتىق

غەزەپلىنىدۇ، لېكىن ئەخمەت غوجىغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. مەزامزات بىلەن ئەخمەت غوجا ئەخمەت غەزىنىچى بەگنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلار ئابدۇرۇسۇل بەگنى، ئىسھاق بەگنى، قازى نەسىردىن ئاخۇننى يوقىتىش چارىلىرىنى تېپىشقا كىرىشىدۇ.

شۇ پەيتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان جىددى ۋەزىپە كۆچلۈك دۈشمەن يوشۇرۇنغان باياندىي قەلئەسىنى ئېلىش ئىدى. باياندىي قەلئەسىنى ئېلىشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن كىشى - مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىسى سادىر پالۋان بولىدۇ. سادىر پالۋان بۇ ئازادلىق قوزغىلاڭغا ئاددى خەلق يول باشچىسى سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ. ئۇ باياندىي قەلئەسىنىڭ ئېگىز ھەم قېلىن سېپىلىنى دورا كۆچى بىلەن پارتىلىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئومۇمى ھۇجۇم باشلىشىغا ئوڭايلىق شارائىت تۇغدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەڭچىلەر سادىر پالۋان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ۋە باشقىلارنىڭ باشچىلىقىدا 1866 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باياندىي قەلئەسىنى ئىشغال قىلىدۇ.

باياداي قەلئەسىنى ئېلىشتا ئومۇمى جەھەتتىن ھەربىي رەھبەرلىك قىلغان كىشى ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىدى. قەلئە ئېلىنغاندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا يۇقىرى كۆتىرلىپ كېتىدۇ، خەلق ئارىسىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئابرويلۇق بولۇپ كېتىشى سۇلتان مەزامزات ئۈچۈن تولىمۇ قايغۇلۇق ئىش بولىدۇ. چۈنكى مەنسەپ پەرەس مەزامزات سۇلتانلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرگەن ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلايتتى. ئۇشۇنچىلىك قارانىيەت ئىدىكى، سۇلتانلىق مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قوزغىلاڭدا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەتكە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى يوقىتىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ. شۇ مەقسەت بىلەن ئۇ ھىيلىقى ئەخمەت غوجىغا ئابدۇرۇسۇل بەگنى ۋە ئۇنىڭ دوستى ئىسھاق بەگنى قەتلە قىلىشنى تاپشۇرىدۇ. ئەخمەتخان غوجا سۇلتاننىڭ بۇ تەكلىپىنى چىن دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا:«ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى قارىلايدىغان بىر پارچە يالغان ھۆججەت توغرىلاش لازىم. چۈنكى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئابرويى كۆچلۈك، بولمىسا ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مانجۇ تىلىدا بىر

پارچە ھۆججەت تەييارلاپ، تۆھمەت بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ سۈيىقەستلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ ئەخمەتخان غوجا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەخمەتخان غوجا ئۆز شايكىلىرى بىلەن ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدە تۇيۇقسىزلا خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن يەنە ئىسھاق بەگنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان خەلق ئارىسىدا ئىززەتلىك ھېسابلانغان قازى نەسىردىن ئاخۇنۇمنى قازى كالانلىق مەنسىۋىدىن ئېلىپ تاشلاپ زىندانغا سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەزامزات بىلەن ئەخمەتخان غوجا ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە ئىككىسى ئېلىنى ئوگچە سورىماقچى بولىدۇ.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن غۇلجىدا پوچى مەھمۇد («قېرى غوجا»، يەنە بەزى مەنبەلەردە «ئاففانىستانلىق مەھمۇد ئەھمەدخان» دېيىلگەن) دېگەن بىر كىشى پەيدا بولىدۇ. بۇ كىشى ئۆزىنى غوجاملار نەسلىدىن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. نادان خەلق ئۇنى «غوجا» دەپ ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر-چىراغلار بېرىدۇ. مەھمۇد ئۆزىنىڭ ياغاچتىن زەمبىرەك ياسىيالايدىغانلىقىنى خەلققە جاكار قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بار ھۈنەر ۋە ھىيلىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، نادان خەلقنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدى بۇ ئىنقىلابتىن پايدىلىنىپ مەنسەپ ئورنىغا ئىگە بولۇش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرىنچى بولۇپ مۆجىزە يارىتىپ، ياغاچتىن زەمبىرەك (پو) ياساپ بولۇۋاتقان جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ. شۇڭا خەلق ئۇنىڭغا «پوچى مەھمۇد» دېگەن لەقەمنى بېرىدۇ. ئۇ بارا-بارا ئۆز ئەتراپىغا بىر قىسىم ئادەملەرنى توپلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ياسىغان ياغاچ زەمبىرەكلىرى بىر قېتىم ئېتىش بىلەنلا پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. مەھمۇد بۇنىڭ بىلەن كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، باشقا بىر چارە ئىزلەيدۇ. ئۇ ئاخىر زىنداندا ياتقان قازى نەسىردىن ئاخۇننى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ نەسىردىن ئاخۇنۇمنى قۇتقۇزىشتىكى مەقسىدى- ئۇنىڭ ئابرويى بىلەن خەلقنىڭ راينى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، چوڭ مەنسەپكە- سۇلتانلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى.

پوچى مەھمۇد ئۆز ئادەملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نەسىردىن ئاخۇنۇمنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. سۇلتان مەزامزات پوچى مەھمۇدنىڭ بۇ

ئىشىغا ھەيران بولۇپ، نەسىردىن ئاخۇنۇمنى يوقىتىش كويىغا كىرىدۇ. شۇ ئەسنادا ئەخمەتخان غوجا پوچى مەھمۇد بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ. سۇلتان مەزامزات نەسىردىن ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولغان بولسا، پوچى مەھمۇد بىلەن ئەخمەتخان غوجا سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان مەزامزات نەسىردىن ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرىدۇ. پوچى مەھمۇد بىلەن ئەخمەتخان غوجا بىرلىشىپ سۇلتاننى ئۆلتۈرۈش قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پوچى مەھمۇد ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئېلىدا بىر مەھەل «قېرى غوجا»نىڭ سۇلتانلىقى باشلىنىدۇ. لېكىن پوچى مەھمۇد ۋە ئەخمەتخان غوجا ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھەركەت قىلغانلىقلىرى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ قارا نىيەتلىك بولىشى كۆپچىلىك خەلققە ئوپ-ئوچۇق بولىدۇ.شۇڭا ئەينى دەۋرنىڭ ئابرويلۇق كىشىللىرىدىن بولغان شەمسىددىن خەلپەم يول باشچىلىقى بىلەن ئىنقىلابنىڭ مۇىسىنى تارتىۋالغان بۇ بىر توپ بۇزۇقلارغا قارشى كۆرەش باشلىنىدۇ.بۇكۆرەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلار ئارا ئۆستەڭلىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئارانلا 36 كۈن سۇلتان بولغان پوچى مەھمۇدنى سۇلتانلىقتىن چۈشۈرىدۇ. پوچى مەھمۇدقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئەخمەتخان خوجا جازادىن قورقۇپ سۇيدۇڭگە قېچىپ قۇتۇلىدۇ. پوچى مەھمۇدنىڭ سۇلتانلىغى يوق قىلىنغاندىن كېيىن موللا شەۋكەت ئاخۇن سۇلتان، ئەلا پالۋان(ئەلاخان) ئەسىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلار نىڭ ئالدىدا مانجۇلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ قەلئەسى كۈرەنى ئېلىش ئىشى تۇراتتى . ئۇلار قىسقا ۋەقىت ئىچىدە جىددى تەييارلىق قىلىپ، كۈرەنى ئېلىشقا كىرىشىدۇ. كۈرەنى ئېلىشتا ئومۇمى جەھەتتىن يول باشچىلىقنى (قوماندانلىقنى) ئەمىر ئەلاخان ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن كۈرەنى تېزلا ئالالمايدۇ. كۈرەنى ئېلىش يەنە خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋانغا تاپشۇرىلىدۇ. سادىر پالۋان كۈرە قەلئەسىنىڭ سېپىلى ئاستىدىن ئۇزۇن لەخمە كېلاپ، ئۇنىغا دورا قويۇپ پارتىلىتىپ، سېپىلنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. كۈرە قەلئەسىدىكى مانجۇ ھاكىمدارلىرى ئومۇميۈزلۈك تەسلىم بولىدۇ. كۈرە قەلئەسى تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئەلاخاننىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرويى يۈكسەك دەرىجىدە كۆتىرلىدۇ. سۇلتان شەۋكەت ئاخۇن بۇھالدىن خاۋاتىرلىنىپ،

قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ، ئەلاخاننى ئىشىدىن بوشىتىش چارىسىنى ئىپىشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق مەنسىۋىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى. چۈنكى سۇلتان شەۋكەت ئاخۇن ئەمىر ئەلاخانغا قارىغاندا تەدبىرسىز، پاراسەتسىز ئادەم ئىدى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى تۆۋەنرەك ئىدى. بىراق سۇلتان شەۋكەت ئاخۇن ئەمىر ئەلاخاننى ئىشتىن بوشىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەپ تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئەمىرلىك مەنسىۋىدىن ئېلىپ تاشلىدى. كۆپچىلىك خەلق بۇنىڭغا ھەيران بولدى. خەلقنىڭ ئابرويلۇق ھۆرمەتلىك ئادەملىرى يىغىلىپ، سۇلتان شەۋكەت ئاخۇندىن «ئەلاخاننىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى قايتۇرۇپ بېرىلسۇن» دەپ قاتتىق تەلەپ قىلدى. سۇلتان بۇنىڭغا كۆنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك خەلق قوزغىلىپ:«شەۋكەت ئاخۇن سۇلتانلىقتىن چۈشسۇن،بىز ئەلا خاننى سۇلتان قىلىپ كۆتۈردۇق.»دەپ جاكارلىدى. شەۋكەت ئاخۇن كۆپچىلىك خەلققە قارشى تۇرالمىدى، ئاخىرى سۇلتانلىق تەختىدىن چۈشتى.1867ـيىلى ئەلا خان ئىلىغا سۇلتان بولۇپ كۆتۈرۈلدى.توختاخۇن ئەمىر بولۇپ بەلگىلەندى.

قوزغىلاڭ تامام بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىرپەيتتە خۇيزۇلارنىڭ يولباشچىسى ياگور ئاخۇن ئۇيغۇر-خۇيزۇ خەلقلىرىنىڭ بىرلىگىنى تېخمۇ كۈچەيتىشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە يول تۇتۇپ، سۇلتانلىقنى تالىشىپ، پۈتۈپ بولغان ئىشنى بۇزۇۋشقا ھەركەت قىلىدۇ.بۇھەركەتكە ئەخمەتجان خوجا بىلەن شەۋكەت ئاخۇن قوشۇلۇپ خۇيزۇلارنى ئەلا خاننىڭ سۇلتانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قۇتۇرىتىدۇ. شۇۋاقىتتا ئەمىرلىك مەنسىپىگە رازى بولماي سۇلتانلىقنى تەمە قىلىپ يۈرگەن ئەمىر توختاخۇن ھىيلىقى بىر توپ تەرەپكە ئۆتۈپ كىتىدۇ.ياگور ئاخۇننىڭ مەنسەپپەرەسلىكى، ئەخمەتجان خوجا، شەۋكەت ئاخۇن، توختاخۇنلارنىڭ ھەركىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر لار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرسىدا قانلىق قىرغىن باشلىنىپ كىتىدۇ. لىكىن ئاز سانغا ئىگە بولغان ئۇيغۇرلار بۇ ئۇرۇشتا زور تالاپەت تارتىپ يېڭىلىدۇ. ياگۇر ئاخۇن ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەپچىلىرى بولغان ئەخمەتجان خوجا، توختاخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. شەۋكەت ئاخۇننى بولسا قاپقا سېلىپ ئىلىدەرياسىغا تىرىك تاشلاپ سۇغا غەرق قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**تامام**

## بوستان ژورنىلى 1995 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سان

# ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق دوكتور يېتەكچىسى،تۈركىيە ۋە ئاۋستىرالىيەلەردىكى كۆرۈنگەن ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى،ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى غەيۋەتشۇناسلىق متودى بويىچە ئەمەس،جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى ئۇسۇلى بويىچە دىققىتىمىزگە سۇنۇپ كەلمەكتە.

## 1.يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئىنسانىيەت دۇنياسى غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان سانائەتلىشىش ـ زامانىۋىلىشىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا ياكى تېز سۈرئەتتە ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش شەكلىدىن سانائەتلەشكەن، زامانىۋىلاشقان يېڭىچە جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئالدىن تەرەققىي قىلغان غەربنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە بېسىمى تەسىرىدە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئۆرنەك قىلىپ تەرەققىي قىلغان چار روسىيەگە ئوخشاش دۆلەت ـ ئىمپېرىيىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچار بولغان مەركىزىي ياۋرو ـ ئاسىيالىقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا مۇنقەرز بولۇپ

قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سوتسىئال ـ كۈلتۈرەل قۇرۇلمىسىدا ئىسلاھاتلارنى باشلايدۇ. چېچىلاڭغۇ، تەشكىلاتسىز، چۈككەن ئىقتىسادىي سېستىمىسى ۋە دوگمىلىشىپ دەۋر تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشتىن ئۇزاق قالغان مائارىپ سېستىمىسىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىدىن تەشكىللەش، غەربىتىكى مەنىدە يېڭىدىن مىللەت يارىتىش مەقسىتىدە جەدىتچىلىك دەپ ئاتالغان ھەرىكەتنى باشلايدۇ. قىرىم ـ قازان ـ ئىستانبول ئۈچبۇلۇڭىدا تەرەققىي قىلغان بۇ ھەرىكەت تېز سۈرئەتتە پەرغانە، تارىم ۋادىلىرىغا، قىپچاق دالالىرىغا كېڭىيىدۇ. پەقەت رۇسىيەدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ سول قانىتى مەلۇم مەزگىل ئاكتىپ بولغان بولسىمۇ، ستالىننىڭ بولشىۋىكلار پارتىيىسىدە تامامەن كاتتىباش بولۇشى بىلەن پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈلۈپ ئاقىۋەتتە يوق قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەرىكەت تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ زامانىۋى مىللەت بولۇش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ ئېسىگە ئۆچمەس تامغا شەكلىدە ئورناپ قالغان بولىدۇ. لېنىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ستالىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئىدېئولوگىيىسى رامكىسىدا مەركىزىي ئاسىيالىق ئاھالىلەر يېڭىدىن مىللەتلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇ جەرياندا، تامامەن رۇس مۇستەملىكىسىدە بولمىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسىرىدە قالغان تەڭرىتاغلىقلارمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قوشۇمچە تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلغان يەرلىك خەلق 1920 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىچە مىللەت يارىتىش دۇلقۇنىنىڭ تەسىرى ۋە رۇس تۈركولوگ، ئىدېئولوگلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركىي تىللىقلارنىڭ تارىخىدىكى تارىخىي نام «ئۇيغۇر» نامى بىلەن يېڭىدىن زامانىۋى مىللەت بولۇش يولىغا ماڭغان. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك، ياۋرۇ ـ ئاسىيا جۇغراپىيىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئەسلى ئۆزلىرىدە بار بولغان، پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ ئۈممەت ـ مىللەت قارىشىنىڭ تەسىرىدە سۇسلىشىپ ئاجىزلىغان «بۇدۇن» ياكى «ئۇلۇس» ئېڭى ئاساسىدا ئوخشاش تىل ۋە كۈلتۈر سېستىمىسىدىكى ياۋرۇ ـ ئاسىيا جۇغراپىيىسىدە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىللىقلاردىن زامانىۋى «تۈرك» مىللىتى يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ جۇغراپىيىدە

ئوتتۇرىغا چىققان باشقا ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئىدى. لېكىن، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ناھايىتتى چوڭ بولغان. چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى يەنە شۇ يىللاردا بۇ رايونىدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ كىملىك ئىدراكىدا ئاۋام (ئاساسەن) دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ماكانداشلىقنى ئاساس قىلغان كىملىك كۆز قارىشىنى ياكى «ئۇممەتىي مۇسلىم» دۇنيا قارشى بويىچە ئۆزلىرىنى «كاشغەرلىك»، «ئاقسۇلۇق»، «ئەندىجانلىق»، «تۇرپانلىق»، «خوتەنلىك» ...ياكى «مۇسۇلمان» شەكلىدە تەرىپلىشەر ئىدى. پەقەت بۇ يۇرتلارنىڭ تولغان زىيالىرى تەرىپىدىن «تۈرك» شەكلىدە ئىدراك قىلىنغانلىقى، باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن بولسا «چەنتۇ» دەپ ئاتالغانلىقى تارىخي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم.

غەربتە باشلانغان سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان باشقا ھەرخىل ئىدىئولوگىيىلىك ئىنقىلابلار تېز سۈرئەتتە شەرققە يامرىغان. غەربنىڭ ياكى زامانىۋى مەنىدىكى «مىللەتلىشىش» دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ياۋرو - ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈرك تىللىقلارنىڭ زىيالىيلىرىمۇ يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «جەدىتچىلىك» نامىدىكى زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىنى باشلىتىپ، ئالدىن سانائەتلىشىپ تەرەققىي قىلغان «زامانىۋى مىللەتلەر كارۋىنى»غا قېتىلىشقا تىرىشقان. پەقەت تۈركىي تىللىقلارنىڭ ئەڭ شەرقىدە قالغان تەگرىتاغلىقلارنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 18 - ئەسىردە باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە ھالسىرىغان، قانسىرىغان بۇ ئاھالە رايونىنىڭ غەربىدىكى قېرىنداشلىرى، دىنداشلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان مۇسبەت ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلاردىن ئىلھام ئېلىپ ئېنىرگىيە توپلاشقا غەيرەت قىلغانلىقى، غەربىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈنسايىن زورايغان «جەدىتچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە، مائارىپ سىستېمىسىنى يېڭىلاشقا، يېڭى نەسىللەرنى ئەسىرنىڭ تەرەققىي ئىلىملىرى بىلەن سۇغۇرۇشقا، تاۋلاشقا تىرىشقانلىقى، مۇسابىي پەرزەنتلىرىدەك سۆدىگەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ‹‹ ئال- ساتچىلىق ›› نى ‹‹ ئىشلە/ياسا/سات›› ئەندىزىسىدىكى سانائەتچىلىككە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرخىللىشىش ۋە سەرخىللىشىشىغا تۆھپىسىنى قوشقانلىقى بىلىنىدۇ. يەنە

مەسئۇد سەبىرىدەك چەت ئەللەردە يىللارچە ھىجرەتتە تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ۋەتەنگە قايتقان يۇرت ئوغلانلىرىنىڭ خەلقنىڭ يارىسىغا داۋا، دەردىگە شىپا بولۇش ئۈچۈن «كەسىپ ئۆزگەرتىش» كە مەجبۇر بولۇپ، كۈلتۈر ۋە سىياسەت سەھنىسىدە ئاكتىپ بولغانلىقى ھەم مەلۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە زامانىۋى مىللەت بولۇش، جاھان مىللەتلىرىنىڭ كەينىدە قالماسلىق ئىزتىراپلىرىنىڭ ياكى شانلىق تارىخىدىن ئالغان ئىلھام، مەسئۇلىيەت- ئەجدادىغا لايىق ئەۋلاد، ئەۋلادىغا لايىق ئەجداد بولۇش قايغۇسى ئىتتىرگۈچ ئېنىرگىيە بولغان. بۇلاردىن باشقا، رايۇننىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئوتتۇرىغا چىققان، چىقىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرمۇ بۇ جەمئىيەتكە سىرتتىن ھەرخىل شەكىللەردە تەسىر قىلىپ تۇرغانلىقى ئاشكارا ئىدى.

قىسقىسى، ئۆتمۈشتە شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان تارىملىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇشبۇ يىللاردا ئۆز ئورىيېنتىسىدا مىللىي ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ مىللەتلىشىشكە شۇ قەدەر تېرىشقان بولسىمۇ، ئەسىرلەر مابەينىدە داۋام قىلغان جەڭگى-جېدەللەر (ئىچكى- تاشقى ئۇرۇشلار) جەريانىدا ۋەيران بولغان ئىقتىساد، گۇمران بولغان كۈلتۈر- مائارىپ سىستېمىسى ۋە جاھالەت؛ ئوچۇق دېڭىزدىن ئۇزاق جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ياۋۇز كۈچلەرنىڭ كۆزلىرىنى قىزارتىدىغان ستىراتېگىيىلىك ئورنى ۋە پوتەمس يەر ئۈستى- ئاستى بايلىقلىرى؛ مەدەنىي مىللەتلەر بىلەن قوشنا بولالمىغانلىقىدەك ... رېئاللىقى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە داغ، كۆزلىرىگە قان ۋە ياشنى، قەلبىگە ئاچچىق نەپرەتنى بەخشەندە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە «چالا ئۆلۈك» مىللەت قىلىپ قويغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتى زامانىۋى مەنىدىكى «مىللەتلىشىش» نى تاماملىيالمىغانلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ مىللىي ئورىيېنتىسىغا مۇناسىپ «زامانىۋىلىشىش» نى تاماملىيالماستىنلا ج ك پ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دەۋرگە كىرىپ كەلگەن. يېڭى دەۋردە گەرچە ئاپتونومىيىسى بار بولغان بىر مىللەت بولغان بولالىغان بولسىمۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، زاماندىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش زامانىۋى «مىللەت» بولۇش ئويى ۋە نىشانىدىن خېلىلا ئۇزاقتا قالغان مىللەتلىشىش جەريانى بولۇپ قالغانىدى.

كېيىنكى يىللاردىكى، خۇسۇسەن كوئىمىزدە مەملىكەت مىقياسىدا كوئنسايىن كوئچەپ ئىجرا بولۇۋاتقان سوتسىئال ـكوئلتۇرەل پوئتوئنلىشىش جەريانىدا، بىر قىسىم يېتەكچى ئېقىم زىيالىيلىرى ‹‹ مىللەت / 民族 ›› ئاتالغۇسى ۋە ئىپادە قىلغان ياكى قىلىشى كېرەك بولغان مەنىسىنى مۇنازىرىگە ئېچىپ، بۇ خىل ‹‹ مىللەت / 民族 ›› ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇرچە ياكى غەرپ تىللىرىدىكى ‹‹ مىللەت / Nationality›› مەنىسىدە ئەمەس، ئەكسىچە غەرپ تىللىرىدىكى ‹‹/ Ethnic Group ئېتنىك گۇرۇپپا›› ①بولۇشى كېرەكلىكىنى، بۇنى خەنزۇ تىلىدا ‹‹ /族群ئېتنىك گۇرۇپپا ›› دەپ ئاتاشنى، ‹‹ /少数民族ئاز سانلىق مىللەتلەر ›› نىڭ ‹‹ /少数族群 ئاز سانلىق ئېتنىك گۇرۇپپا ›› دەپ ئاتىلىشىنىڭ شەرتلىكىنى كوئچەپ ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.②

بۇ مەنىدىكى ‹‹ مىللەت ›› بىلەن كوئىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ئىدراك قىلىۋاتقان ‹‹ مىللەت ›› بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان مەزمۇن ۋە ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېتەكچى جەمئىيەتتىكى كۆپسانلىق زىيالىيلارنىڭ كوئتۈشىدە، ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەر نىسبەتەن ئۆزىگە خاس، ئۆزگىچە مۇكەممەل سوتسىئال ـ كوئلتۇرەل قۇرۇلمىسى بولغان بىر ‹‹ مىللەت ›› ـ ‹‹ جەمئىيەت ›› ئالاھىدىلىكىدە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقنى ئاستا-ئاستا ياكى تېز سۈرئەتتە يوق قىلىپ، يېتەكچى جەمئىيەت سوتسىئال-كوئلتۇر سىستېمىسىغا ئائىت قىممەتلەرنى كوئلتۇر ئەندىزلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلانغان ‹‹ ئېتنىك گۇرۇپپا ›› يۆنىلىشىدە تەرەققىي قىلىشتۇر. كۆپسانلىق ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ كوئتۈش ياكى ئارزۇسى بولسا خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان كۆپكوئلتۇرچى ( / Multicultur 多元文化)

ئوتتۇرا توئزلەڭلىكتە قۇرۇلغان سۇلالە، خانلىق ۋە ئىمپېراتورلۇقلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە نەتىجىسىدىن قارايدىغان بولساق، ھەقىقەتەنمۇ تاق خىللىشىش، خۇاشىيا مەركەزچىلىكىدە پوئتوئنلىشىش جەريانى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. كېيىنكى 60 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى، خۇسۇسەن بازار ئىقتىسادى دەۋرىگە كىرىلگەن 20 يىللىق

جەريانىدا مەملىكەت مىقياسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بارغانسېرى « ئېتنىك گۇرۇپپا » كىملىكى يۇنىلىشىدە ئىلگىرلەۋاتقانلىقى ياكى بۇ يۆنىلىشكىلا يېشىل چىراغ يېقىلغانلىق رېئاللىقى ناھايىتى رۇشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. كۆپ مىللەتلىك ئەنئەنىسىگە ماس كۆپكۇلتۇرچىلىكنىڭ ( 多元文化 / / Multicultur ) ۋاز كېچىلىۋاتقانلىقى، يەنى مىللىي كىملىكلەرنىڭ ئېرىش، كىچىكلەش، ئورۇقلاش ۋە ياكى قېتىلىپ كېتىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلۇۋاتقانلىقى رۇشەنلىشىپ بارماقتا. ئەگەر بۇ خىل تەرەققىيات داۋام قىلىدىغان بولسا، ئاقىۋەتتە ئەسلىدە « مىللەت » سۈپىتى ۋە دەرىجىسى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېقىن كېلەچەكتە « جۇڭخۇا مىللىتى » ③ تەركىبىدە، بەزى كۇلتۇرەل پەرقلىرى تۈپەيلى ئاساسىي يېتەكچى مىللەتتىن مەلۇم جەھەتلەردە ( ئېھتىمال پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە، كۇلتۇر، قىسمى ئۆرپ- ئادەتلەر ) پەرقى بولغان مەنىسىگە ماس « ئېتنىك گۇرۇپپا » بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. كۆنمىزدە، جۇڭگودىكى ئاساسلىق چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسەتلەر ۋە يۆنىلىشلەر نەتىجىسىدە بۇ جەرياننىڭ سىرتىدا قالالمايدىغانلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقىۋاتقان سوتسىئال- كۇلتۇرەل ئۆزگىرىشلەردىن مەلۇمدۇر.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مىللىي ئورىبتىسىدىن ئۇزاقلاشمىغان، مىللىي ئەنئەنىگە باپ كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسى يۇقىرىدا توختالغان سەۋەبلەر تۈپەيلى كامالىغا يەتمەستىن توختاپ قالغان. لېكىن، جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش، پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈش ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. پەقەت پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە كېڭەيگەن ۋە جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە كېڭەيگەن ۋە مەلۇم بىر خىل ئىدېئولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر تۇتاش ئۆزگەرتىش ياكى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش پەقەتلا 1955- يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە بۇ رايون مىقياسىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان رەسمىي ئىدېئولوگىيەنىڭ ئىجرائاتلىرى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتى خېلى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن كېيىن تۇنجى قېتىم بىر خىل يېتەكچى ئىدىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر تۇتاش ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، تارىختا يېگىچە بىر سەھىپە

ئېچىلغان ياكى ئېچىشقا داۋام قىلىنغان. بۇ خىل ئۆزگىرىش ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان ئۆزگەرتىش قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى ھەم ئېھتىمال. مانا مۇشۇ جەرياندا كۆتۈلگەن ھەرخىل سىياسەت ۋە ئىجرائاتلار نەتىجىسىدە، جەمئىيەتتە كۆرۈلمىگەن يېڭىچە گورۇپپىلار، تەبىقىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر تەرەپتىن گۈللەپ- ياشناش باسقۇچىغا كىرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جەريان يەنىلا كامالىغا يېتەلمىگەن . 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان ھەر ساھەدىكى گۈللەپ- ياشناشنىڭ ئورنىنى 1990-يىللاردا باشلانغان چېكىنىشلەر ئالغان. سوتسىئال- كۈلتۈرەل قۇرۇلما، رادىكال قارارلار رامكىسىدا قوپاللىق بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە باشلانغان. ماقالىمىزدا توختالماقچى بولغان كۈلتۈرەل ئۈزۈكلۈكمۇ مۇشۇنداق ئۆزگىرەش ياكى ئۆزگەرتىشلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان

## 2.كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى ۋە ئۆزگىرىش ئەسناسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرخىل ئىجتىمائىي گورۇپپىلارنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بىلىم - جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، مەۋجۇت ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇ بىلىم تەتقىق قىلىدىغان ساناقسىز خام ماتېرىيال مەنبەسىنى تەمىنلىمەكتە، پەقەت بۇ مىللەت ئىچىدىن يېتىشكەن زىيالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق نازۇك پەنلەردە ئەمەسلىكى بولسا بۇ خىل بايلىقنىڭ قېزىلىشىدا ياكى ئىشلىتىلىشىدە، تېخىدىنمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا، بۇ ھادىسىلەرنى ئۇشبۇ بىلىملەرنىڭ مېتودولوگىيىسى بىلەن تەكشۈرۈپ، نەزەرىيە رامكىلىرى ئىچىدە تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ ئەڭ توغرا يەكۈن چىقىرىلمىغانلىقى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك قارار مېخانىزملىرىغا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئوبيېكتىپ مەسلىھەت - تەكلىپلەر بېرىلمىگەنلىكى تۈپەيلى،

مەسىلىلەر يېشىلمىگىچە تەس تۈگىنەك ـ توقۇناقلىرىغا، ھەتتا جان ئالغۇچى مىكرۇپلارغا ئايلىنىپ بارماقتا.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ياكى چىققان رادىكال ئۆزگىرىشلەر ئەسناسىدا، مىللىي كۇلتۇرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە ئىزچىللىقى ھەمدە كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزۈلۈشى جىددىي خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە كۆنىمىزدە خەنتىللىق ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىسى ۋە يېڭى نەسىللەردە روشەنلىشىپ بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ـ كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك (文化断层) ھادىسىسىدۇر. ئوتتۇرىغا چىققان ئۇشبۇ كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسىگە قارىتا زىيالىلار ئەستايىدىللىق بىلەن دىئاگنوز قويۇپ تىزگىنلىمەيدىغان بولسا، بۇ ھادىسە ئىزچىل زورىيىپ ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىشى ۋە شۇنداقلا سوتسىئال ـ كۇلتۇرەل قۇرۇلمىنى يىمىرىشى ھەم تامامەن مۇمكىن. ماقالىمىزنىڭ تۆۋەندىكى بۆلۈمىدە كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن شەرھىلىگەندىن كېيىن كۆنىمىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆنسايىن كېڭىيىۋاتقان كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئېدۋارد تايلور (Edward Taylor) كۇلتۇرنى شۇ شەكىلدە ئىزاھلىغان ئىدى: ئىنسان بالىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بىلگۈلەر/

كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك تەبئىي سەۋەبلەر ياكى سۈنئىي، ئىنسانغا باغلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، مەلۇم گۇرۇپپىنىڭ، مىللەت ياكى قەۋمنىڭ كۇلتۇرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنىڭ ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى، كېيىنكى نەسىللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلەلمەسلىكىنى كۆرزدە تۇتىدۇ. بۇ خىل جەريان ئادەتتە ئۆزىنىڭكىدىن ۋاز كېچىش ياكى ئۆزىنىڭ ئورنىغا يات مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرىنى تامامەن قوبۇل قىلىش جەرياندا ئەڭ روشەنلىشىپ بارىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈكنى جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى، ئۈزۈلۈشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشىنى، ئۈزۈلۈشىنى بولسا جەمئىيەتنىڭ تەبىقىلىشىشى ۋە بۆلۈنۈشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەبىقىلىشىشى ۋە بۆلۈنۈشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولسا ئۇشبۇ

جەمئىيەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەر، ئىسلاھاتلار،ئۆزگەرتىشلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر كىملىكىدىكى شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلاردا كۆرۈلۈۋاتقان كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ۋە كۇلتۇرەل ياتلىشىش ھادىسىسى (Cultural Alienation文化疏离)④ نىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى، دۆلەت مىقياسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان تاق كۇلتۇرلەشتۇرۇشتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىپ تەكىتلەنگىنى بىلەن،رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋە ئىجرائاتتا بولسا بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇۋاتقانلىقى تۈپەيلى، ھەتتا يېتەكچى مىللەتنىڭ ئاستى كۇلتۇرلىرى (Subculture \亚文化)⑤ مۇ مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇشتا چارىسىز قالماقتا. ئاز سانلىق مىللەتلەر كۇلتۇرلىرىدە كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ۋە كۇلتۇرەل ياتلىشىش ھادىسىسى كۇنسايىن «نورمال ھادىسە» تۈسىنى ئېلىۋاتقان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كۇلتۇرلىرىدە يولىنى داۋام قىلىشنى خالىغانلار «ياقا گۇرۇپپىلار» (marginal group\边缘群体 ) ياكى سەھرالىق تومپايلار شەكلىدە ئىدراك قىلىنماقتا.

قىسقىسى، كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇكنىڭ يىلتىزى ياكى مەنبەسى ئۇشبۇ كۇلتۇر تەۋە بولغان جەمئىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان قاتلاملار ئارا ئۇزۇكلۇك ۋە پارچىلىنىشتا. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمى پارچىلىنىشقا، بۆلۈنۈشكە باشلىغىنىدا، بولۇپمۇ سىرتقى تەسىرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ياكى رەھبەرلىكىدە بۆلۈنۈشكە باشلىغىنىدا، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى تەبىقىلەرنىڭ ئوخشىمىغان كۇلتۇر ئاڭقىرىشى شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇلار ماھىيەتتە يەنىلا سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى سەۋەپ بولسا، شەخسنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ كۇلتۇر بايلىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت كۇلتۇرى بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىشالمىغانلىقى تۈپەيلى، كۆپىنچە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋە ئاسانىنى تاللاش پسىخىكىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئۆزلۈكى بىلەن ئالاقىدار بولغان مىللىي كۇلتۇرى، تىلى، دىنىدىن ئۇزاقلىشىشى نەتىجىسىدە بارا - بارا ئانا كۇلتۇرىدىن ياتلىششى ۋە بۇنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم يات كۇلتۇرنى ئېخمۇ كۆپ ۋە تېز سۈرئەتتە ئۆزلەشتۇرۇش ئارقىلىق تېممىز بولغان «كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك» ھادىسىسىنى

ئۆزىدە سادىر قىلىش بىلەن بىرگە كېيىنكى نەسلدە بۇ جەرياننى تاماملىغان بولىدۇ.

كۇلتۇر بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كۇلتۇرنى شەكىللەندۈرگەن تىل، ئەقىدىلەر، قىممەت ـ قاراش، سەنئەت، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنە ۋە سىمۋوللار بىر جەمئىيەتنى يەنە بىر جەمئىيەتتىن ئايرىيدىغان «بىز» ۋە «ئۇلار» ئارىسىدىكى چېگرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان، بىزنى بىز قىلغان قىممەتلەرنىڭ تامامىدۇر. بۇ تۇپەيلى، كۇلتۇر بىر مىللەتنىڭ كوللېكتىپ مىجەزىدە، خاراكتېرىدە تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. گېرمانلارنىڭ ئەستايىدىللىقى، فرانسۇزلارنىڭ رومانتىكلىقى، كورىيەلىكلەرنىڭ ئەدەپچانلىقى،تۈركلەرنىڭ مىللەتسۆيەرلىكى بولسا ئۇلارنىڭ مىللىي كۇلتۇرىدىكى خاسلىق بىلەن زىچ ئالاقىداردۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇ مىللەت مەنسۇپلىرىنىڭ شۇ مىللەتكە خاس كۇلتۇر مۇھىتىدا ئىجتىمائىيلىشىشى ئەسناسىدا شەكىللەنگەندۇر. كۇلتۇر شەخسنىڭ قايسى گۇرۇپپىغا، مىللەتكە، دىنغا تەۋەلىكىدە بەلگىلىگۈچىدۇر. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەخس جۇڭگو گراژدانى ۋە خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلىسى بولغان بىلەن، تامامەن غەربچە قىممەت قاراش ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، غەرب تىللىرىدا سۆزلىسە، كۇلتۇرەل مەنسۇبىيەت نوقتىسىدىن جۇڭگولۇق/

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىللىق ئۇيغۇرلار كېيىنكى يىللاردا سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقان «خەنتىلىق ئۇيغۇرلار»⑥ غا ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە رۇس ۋە كۇلتۇرى مۇھىتىدىلا يېتىشكەن رۇس تىللىق ئۇيغۇرلارغا، ئەرەبىستاندىكى ئەرەب تىلى ۋە كۇلتۇرى مۇھىتىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەرەب تىللىق ئۇيغۇرلارغا ئېيتىلىۋاتقان بولۇپ، بىيولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئۇيغۇر بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى تىل، كۇلتۇر، ۋە مىللىي مەنسۇبىيەت نوقتىسىدىنمۇ ئۇيغۇر بولغانلاردۇر. بۇ گۇرۇپپىنىڭ بىرىنچى تىلى ئۇيغۇرچە بولۇپ ئۇيغۇر تىلى، كۇلتۇرى، دىنىي ئېتقادى مۇھىتىدا سوتسىئولوگىيىلىك مەنىدىكى ئىجتىمائىيلىشىشىنى تاماملىغان، ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىپ ئۇيغۇرچە مىللىي قىممەت قاراش ۋە ئېستېتىكىسىنىڭ رامكىسىدا دۇنيا قاراش، مىللەت قاراش شەكىللەندۈرگەن، ئۇيغۇر مىللىي ئەس ـ خاتىرىسى ( \ national memory

(民族记忆) نى يوقاتمىغانلاردۇر. بۇ گۇرۇپپا ئانا تىلدا ئەڭ ياخشى بولۇش بىلەن بىرگە خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە قاتارلىق يات تىللارنىمۇ ئۆگىنىشنى زۇلۇم ھېس قىلمايدىغان، رايونىنىڭ غەربىدىكى كۈلتۈر، مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە مۇسبەت ھېس-تۇيغۇ بىلەن قارايدىغانلاردۇر.

كۈنىمىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۈلتۈرەل ئۆزلۈكلۈك ھادىسىسى ئالدى بىلەن خەنتىللىق ئۇيغۇرلاردا، رۇس تىللىق ئۇيغۇرلاردا ۋە ئەرەب - ئوردۇ تىللىق ئۇيغۇرلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ھادىسىدۇر. كېيىنكى يىللاردا ئىجرا بولۇۋاتقان تاق كۈلتۈرچى، تاق تىللىق مائارىپ سىياسىتى ۋە ئاتئېزىم تەربىيىسى جەرياندائۆخشىمىغان گۇرۇپپىلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىماقتا. يەنە ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملاپ ئىچكىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىلىم ئېلىۋاتقان ياشلاردىمۇ بۇ خىل ھادىسىنى كۆزلەملىمەك تەس ئەمەس. خەنتىللىقلار بولسا بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئۇيغۇر بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا - ئانىسىنىڭ تاللىشى تۈپەيلى خەنزۇ تىللىق مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ۋە كۈلتۈرىدە سوتسىئولوگىيەلىك مەنىدىكى ئىجتىمائىيلىششىنى تاماملىغان، خەنزۇ تىلىنى ئۆزىگە بىرىنچى تىل قىلىپ تاللىغان، خەنزۇچە تەپەككۇر بىلەن خەنزۇچە قىممەت قاراشنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان، خەنزۇچە تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئاساسەن خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان دۇنيا قاراش، مىللەت قاراشتا بولغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئەس - خاتىرىسى (national memory \ 民族记忆) كۆپىنچە ئۇيغۇر تىللىقلاردىن تامامەن پەرىقلىقتۇر. ئۇيغۇر تارىخى، كۈلتۈرى ھەققىدىكى بىلىشلىرى، كۆز قاراشلىرى ئاساسەن خەنزۇچە بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارغا يۇقىرىدىن قارايدۇ ياكى ئۇيغۇر مىللىي كۈلتۈرىنىڭ قوغدىلىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى نوقتىسىدا ئۇيغۇر تىللىق ئۇيغۇرلاردىن تۈپتىن پەرىقلىنىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۇيغۇر تىللىقلارنى ئىچىنى سىقىدىغان، خۇشنى قاچۇرىدىغان گۇرۇپپا دەپ قارايدۇ ياكى ئۇلارنىڭمۇ تېزدىن يېتەكچى مىللەت كۈلتۈرىنى تامامەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىدەك «قوبۇل قىلىنغان» لار جۈملىسىدىن بولۇشنى ئۈستەيدۇ.

ئۇيغـۇر جـانلىق تىلـدا مىنكـاۋخەن⑦ دەپ ئاتالغـان گۇرۇپپىنـىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەر «خەنتىللىق ئۇيغۇر» بولۇشى مـۇمكىن. چۈنكى بىز بۇ يەردە ئىپتىۋاتقان ‹‹ خەنتىللىق ئۇيغۇرلار ›› گەرچە ئـۆزى ئۇيغـۇر ئاتـا - ئانـىدىن تـۆرەلگەن بولسـىمۇ (ئاتـا - ئانا ئۇيغـۇر تىللىـق بولۇشىمۇ، مىنكاۋخەن بولۇشىمۇ، ئـارىلاش تـوي قىلغـانلار بولۇشـىمۇ،ھەتتا خۇنەندىكىلەر ياكى ئۇلارغا ئوخشاپ كەتـكەن بولۇشـىمۇ تامـامەن مـۇمكىن)، يەسلى، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ماﺋارىپىنى تامـامەن خەنزۇ تىلى يېزىقـىدا تاماملىغـان، ئاساسـەن خەنـزۇچە سـۆزلەپ، خەنـزۇچە يازىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان ياكى بەكلا ئاز بىلىدىغان، ئـىنچىكە تۇيغۇلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادە قىلالمايدىغان،ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد - ئەقىـدە سىستېمىسـىدىن خەۋەرسـىز بولغـانلارنى كـۆزدە تۇتـىدۇ. يۇقىرىدىكىـدەك ئالاھىـدىلىكلەرگە ئـىگە بولغـان بـۇ تىـپ زىيالىلار تامامەن خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقـىدا ئىلمىـي ئىشـلەپچىقىرىش قىلىـدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا خەت ئالاقە قىلالمايدۇ. راۋان ماقالە يازالمايدۇ. مانـا بـۇ تىپ ئۇيغۇر كىملىكىدىكىلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن «خەنتىللىق ئۇيغـۇرلار» دەپ ئاتـايمىز. مىنكـاۋخەن گۇرۇپپىسـىغا مەنسۇپ بولغانلارنىـڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلى ۋە كۈلتۈرىدىن خەۋەردار بولـۇپلا قالماسـتىن ھەققەتەن ئىككى تىلنى ئوبدان بىلىـدىغان، ئۇيغـۇر - خەنـزۇ مىللەتلىـرى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغانلاردىنكى، ئـۇلار يەنە ئۇيغـۇر تىلـىدا يازالايدۇ ۋە ئوقۇيالايدۇ. شۇڭا مىنكاۋخەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي سۈرئەتتە «خەن تىللىق ئۇيغۇرلار» دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىـدا ئالاھىـدىلىكى بىـلەن بايـان قىلىنغـان خەنـتىللىقلار ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئىجتىمائىيلىششنى تاماملىغان بولغاچقا، ئۆزى ئەسلىدە تەۋە بولغان مىللەتنىڭ كۈلتۈرىدە ئىجتىمائىيلىشالمىغان، نەتىجىدە ئېغىر دەرىجىدە كۈلتۈرەل ئۇزۇكلۈك ھادىسىسىگە دۇچار بولغان. ئوخشاش شەكىلدە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا قالغـان ئۇيغـۇرلار ئارىسـىدا ئوتتۇرىغا چىققان روس تىللىقلاردىمۇ كۈلتۈرەل ئۇزۇكلۈك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققـان. ئـازادلىقتىن بـۇرۇن ئەرەبىسـتانغا ھىجـرەت قىلغـان ئۇيغـۇرلار بـۇ يەردىكى سوتسىئال - كۈلتۈرەل ۋە سوتسىئال - پولىتىك مۇھىتتا كېيىنكى

نەسىللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلى ۋە كۈلتۈرىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەي، ئۇيغۇر مىللىي كۈلتۈرى نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدا كۈلتۈرەل ئۆزلۈكلۈك ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. ئاقىۋەتتە، ئۇلار ئۇيغۇر كىملىكىدىن بەكرەك مۇسۇلمان ئېڭىدىكى ئەرەب كىملىكىنى ئۆزلەشتۈرگەن.

يۇقىرىدا توختالغان ئازادلىقتىن كېيىنلا كېلىپ يەرلىشىشكە باشلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان 1980 - يىللاردىن كېيىن ھەرخىل شەكىللەردە كېلىپ يەرلەشكەن باشقا ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىغا نىسبەتەن ئالاھىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مۇقىم خىزمىتى بار، نوپۇسى ئاللىبۇرۇن بېيجىڭغا كىرىپ بولغان، مۇقىم تۇرالغۇ، ئۆي - مۈلكى بېيجىڭدا، بالا - چاقىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئالاھىدىلىكى بىلەن قالغان ئىككى گۇرۇپپىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ گۇرۇپپىنىڭ بېيجىڭدا ياشاۋاتقان كېيىنكى نەسلى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بىرىنچى نەسىل بىلەن ئىككىنچى نەسىل ئارىسىدا كەسكىن دەرىجىدە كۈلتۈرەل ئۆزلۈكلۈك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان. بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بارغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلاردىن ئۇيغۇر تىلىنى نىسبەتەن راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلارنىڭ نىسبىتى 21.4%، ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلالايدىغان ياكى ئاز-پاز ئۇيغۇرچە بىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بولسا 70%؛ ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋادى بارلارنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋادى يوقلارنىڭ نىسبىتى 67.1%، ئازراق بىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 21.4%، ياخشى بىلىدىغانلارنىڭ سانى پەقەتلا بىر ياكى 1.4% بولغان. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق تىل گەرچە ئۇيغۇرچە بولسىمۇ، كۆپىنچە ئاتا - ئانا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان، باللار خەنزۇچە جاۋاپ بېرىدىغان ئەھۋال ئومۇمىي. بولۇپمۇ مۇھىم سۆزلەر ياكى ئىنچىكلىكى بولغان گەپ - سۆزلەر يەنىلا خەنزۇچە بولىدىكەن. بەزى ئاتا -ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى ئورتاق تىل تامامەن خەنزۇچە، ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر باللىرى ئۆزئارا ئۇچراشقىنىدا تامامەن خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ ياكى ئاز -

پاز ئۇيغۇرچىنى ئارلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىك تۇيغۇسى ياكى مەلۇماتلىنىش دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەن. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇھىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بېيجىڭدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ 1\3 قىسمى ھېچبىر ۋاقىتتا دىنىي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، 57.1% پەقەت يىلدا بىر قېتىم (ئېھتىمال ھېيت نامىزى) ياكى بەزەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بايقىغان، يەنى ئۇيغۇر زىيالىيسى تامامەن لائىكلىشىپ⑨ بولغان. شۇڭا پەرزەنتلىرىدىن بۇ جەھەتتىكى كۈتۈشلىرى ئانچە قاتتىق ياكى ئەتراپلىق بولۇپ كەتمىگەن.

پەقەت تەكشۈرۈش ۋە مۇلاقاتلىرىمىزدا بىرىنچى ئەۋلاد ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مىللىي كۇلتۇر سەۋىيىسىدىن ئانچە رازى ئەمەسلىكى بايقالدى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى سەۋىيىسى ئاتا ـ ئانىلار كۈتكەندەك دەرىجىدە بولالمىغان؟ كۇلتۇرەل ئۆزگىرىش ھادىسىسى نېمە ئۈچۈن بۇ گۇرۇپپىدا تېز سۈرئەتتە ئوتتۇرىغا چىققان؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە تەربىيىسى (مىللىي كۇلتۇر سەزگۈرلۈكىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ بىردەك بولماسلىقى ياكى پەرزەنتلەر ئالدىدىكى نوپۇزىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكى...) بىلەن بېيجىڭدىكى چوڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تاق كۇلتۇرچىلىكىدىن، يېتەكچى مىللەتنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىغا قارىتا «ئەرزىمەس» ياكى (ئىنگلىزچە قاتارلىق يات تىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا) ئىقتىسادىي قىممىتى يوق كۆز قارىشى تۈپەيلى، بۇ خىل قىممەت قاراش ۋە كۇلتۇر سىستېمىسىدا يېتىشۋاتقان خەنزۇ بولمىغان يات مىللەت بالىلىرىمۇ ئۆزى پەرقىدە بولماستىن، ئۇشبۇ قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئانا تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، خېلى كۆپ ساندا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خەنزۇچە ۋە خەنزۇ كۇلتۇرىنى تونۇش، بىلىش سەۋىيىسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى، پەرزەنتلىرى بىلەن چوڭقۇر دىئالوگ قۇرالمىغانلىقىغا شاھىد بولدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بېيجىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىسى بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىرلىشىش كەمچىل بولغان، پەرزەنتلىرىنىڭ دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇش،بىرگە ئويناش پۇرسىتى كۆپ بولمىغان. ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى بارىدىغان مەخسۇس مەكتەپلەر بولمىغاچقا، بالىلار ئائىلىسىگە يېقىن خەنزۇ مەكتەپلىرىگە بېرىلگەن، بۇ يەردە يەرلىك بالىلار بىلەن دوستلىشىپ ئۇلارنىڭ چەمبىرىكىدە رول ئېلىشقا، خەنزۇ تىلى ۋە كۇلتۇرى ئىچىدە خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىششقا باشلىغان، ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇر كۇلتۇرى پەقەتلا ئۆي بىلەن چەكلەنگەن. بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتى، خۇسۇسەن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تەسىرلىشىش ۋاقتى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى بېيجىڭلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش، تەسىرلىشىش ۋاقتىدىن بەكلا قىسقا بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى خۇسۇسەن ئاتا ـ ئانا بىلەن ئورتاق تىلى ئازىيىپ بارغان، چوڭقۇر دىئالوگ ئىمكانسىزلىشىپ، نەسىل پەرقى ( Wgeneration ـ 代沟 gap ) چوڭىيىپ بارغان. كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلىگەن بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بارغانچە پەقەتلا خەنزۇچە سۆزلەيدىغان، ئۇيغۇرچىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، لېكىن بىر ئاز مۇرەككەپ جۈملىلەر ۋە ئاتالغۇلارنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋالدا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا مەجبۇرەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە ياكى بۇنى ئادەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. قىسقىسى، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ۋە سورۇنى (مەكتەپ ۋە جەمئىيەت) ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدىن ئۇزاقلىششىغا، مىللىي كۇلتۇرىدىن خەۋەرسىز قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ، كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

يىغىنچاقلايدىغان بولساق، ئۇيغۇر جەمئىيىتى دېيىلگەندە، كۆنىمىز دۇنياسىدا، ئاساسلىقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى مەركەز ئېلىنىپ، ئاندىن باشقا

رايـون ۋە دۆلەتلەردىكـى ئۇيغـۇرمەھەللىلىرى (Community / 社区) ۋە جامائەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ماكرو نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇكنىڭ ئالدى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئىچىدە چېچىلىـپ ياشـايدىغان يـاكى ياقـىدا قىلىـپ، پەرقلىـق كۇلتـۇرلەر بىـلەن تەسىرلىنىشـكە كىـرگەن ئۇيغـۇرلار گۇرۇپپىسـىدا ئالـدى بىـلەن ئوتتۇرىغـا چىقىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

---

ئىزاھلار

①بۇ ھەقتىكى نەزەرىيۋى ئىزاھاتىمىز ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق، «جەئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدە كۆپ قوللىنىدىغان بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2009 ـ يىل 5 ـ سان، 48 ـ 58 ـ بەتلەر.

②بۇ خىل كۆزقاراش ياكى نەزەرىيىلەر ئۈچۈن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسـى مـاروڭ ئـىلان قىلغـان مۇناسـىۋەتلىك ماقـالىلەرگە قـاراش كۇپايىدۇر. لېكىن، بۇ خىل كۆز قاراش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسـىگە كۆڭـۈل بۆلىۋاتقـان خىلـى كـۆپ سـانلىق بىلىـم ئادەملىرىنىـڭ تەنقىدىگە مـۇپتىلا بولماقتا. بۇنـىڭ ئۈچـۈن بەررى سـائۇتماننىڭ ( Barry Sautman ) جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياستى ھەققىدە يېقىندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىگە قارالسا بولىدۇ.

③خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىدىكى «中华民族» نى «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» دەپ ئۇيغۇرلاشتۇرغان تەرجىمانلار ياكى «ئاقكۆڭۈل» زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خەنزۇچىدىكى بەزى ئاتالغۇلار ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن مەنىدىن خەۋەرسىزلىكى ياكى ئۆزلىرىنىڭ «ئىستەك» لىرىنى قېتىپ «تەرجىمە» قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر تەرجىمان ياخشى بولمىسا «ئادەم ئۆلتۈرۈشى» بەرھەقلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ «چالا پەنىي، ئادەم ئۆلتۈرۈر» ماقالىدىن مەلۇم. چۈنكى، خەنزۇ تىلىدا بۇ سۆز ياكى ئاتالغۇ ھەرگىزمۇ كۆپلۈك مەنىسىدە ئەمەستۇر ۋە ئەكسىچە بىرلىك مەنىسىدىدۇر. يەنى غەربلىكلەردە بىر زامانلاردا مودا بولغان « Nation

民族国家 \ state » مودېلىغا ماس بولغان دۆلەت يارىتىشنى مەسىلەك قىلغانلار كۆتۈرۈپ چىققان كۆز قاراشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا، جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەنئەنىسىنىڭ بۇزۇلۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىدىنلا تەشكىل بولىدىغان «مىللەت-دۆلەت» يارىتىش مەپكۇرىسىدىكىلەرنىڭ ھىيلىگەرلىك ياكى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئىدىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئەسلىدە جۇڭگو گىراژدانى، پۇقراسى شەكلىدە مىللەتلەرنىڭ بىرلىكى تەكىتلىنىشى كېرەككەن، مىللەت ياكى مىللەتچىلىك ئېگى بىلەن پۈتۈنلەشتۈرۈش تەكىتلەنگەنلىكى، پەرقلەرنىڭ يوق قىلىنىش ئاقىۋىتىدە خۋاشىيا مەركەزچىلىكىدە بىر مىللەت بولۇپ يۇغۇرلۇش نىيەت قىلىنماقتا. ئەسلىدە خەنزۇچىدە «中华各民族» كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئاز سانلىق ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بىزنىڭچە بولغاندا، «中华各民族» ئاتالغۇسى ياكى ئىبارىسى تېخىدىنمۇ باراۋەر بولۇش بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك رىئاللىقىدىن چىقىش قىلىنغان بولىدۇ. كۈنىمىز غەرب دۇنياسىدا بۇ خىل تاق مىللەتچىلىكنى مەركەز قىلىپ پۈتۈنلەشتۈرۈشنىڭ بارغانسېرى ئىنسانىي بولمايدىغانلىقى ئىدراك قىلىنىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر «كۆپكۇلتۇرچىلىك 多元文化主义» ، ‹ ‹ كۆپخىلچىلىق 多样性/多元主义 Pluralism › › نى دۆلىتىنىڭ سىياسىتى قىلىپ، چېگراسى ئىچىدە ھەرخىل مىللەت، ئىرق، ئېتنىك گۇرۇپپا ۋە دىنىي جامائەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە. باشقا مەملىكەتلەرمۇ، بۇ خىل يۆنىلىشنى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسى دەپ بىلمەكتە ياكى بۇ خىل قىممەت قاراشنى قوغلاشماقتا.

④كۇلتۇرەل ياتلىشىش: بىر جەمئىيەتتە تېپىك يۈكسەك قىممىتى بار بولغان مەقسەت، ئەقىدە ۋە غايىلەرنى كەمسىتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىسى بىلەن ياتلىشىش - ئىنساننىڭ ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيىتى بىلەن، ئەتراپى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى نورمالسىزلىقلارنى، ئۆزىدىن ئۇزاقلىشىشنى تەكىتلەيدىغان بىر ئاتالغۇدۇر. ئاساسلىقى ئۆزىدىن ئۇزاقلىشىشنى، باغنىڭ بەكلا بوشاپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بەزى جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزى

تەۋە بولغان جەمئىيەتتە يۆكسەك قىممىتى بار بولغان ئەقىدە، كۆزقاراش ۋە ياشاش شەكىللىرىنى كەمسۇندۇرغىنىدا ياكى ئۇنىڭغا رىئايە قىلماي تاپتىن چىققىنىدا جەمئىيەتمۇ ئۇنى يەكلەيدۇ، چەتكە قاقىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۇلتۇرەل ياتلىشىش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

⑤ ئاست كۇلتۇر: جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئەزالار تەرىپىدىنلا قوبۇل قىلىنغان ياكى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغىلا ئائىت بولغان كۇلتۇرلەردۇر. ئاست كۇلتۇر ئادەتتە ئۈست كۇلتۇر بىلەن توقۇنۇشمايدۇ ياكى زىتلاشمايدۇ. يەنى ئاست كۇلتۇرلەر ئاساسىي كۇلتۇرلەردىن پەقەت قىسمەن پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاست كۇلتۇردە ئۆلچەملىك بىر ئايرىملىق ۋە ئايرىم بىر ھەمكارلىق - بىرلىك بار. پەقەت ئاست كۇلتۇردىكى بۇ خىل پەرقلەر ئۈست كۇلتۇرگە زىيان سالمايدۇ. ئاست كۇلتۇرنى شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ ئورتاق تەرىپى زامان، ماكان، يېقىنلىق، تۇرالغۇ، خۇشاللىق ۋە ئازاپلار....دۇر.

خەنزۇ كۇلتۇرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاست كۇلتۇرىنىڭ سانى بەلكىم باشقا مىللەت كۇلتۇرىنىڭكىدىن ئەڭ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خاككا كۇلتۇرى (客家文化)، كانتون كۇلتۇرى (广东人文化) قاتارلىقلار، ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇزۇندىن بېرى ياشاپ كەلگەن خەنزۇلارمۇ ئىچكىرىدىكىدىن پەرقلىق قورغاق رايون كۇلتۇرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، خەنزۇ كۇلتۇرىنىڭ ئاست كۇلتۇرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتساق، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۇلتۇرى ۋە يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۇلتۇرى ئاست كۇلتۇر بولۇپ ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

⑥بۇ ئاتالغۇنى بىز تۇنجى بولۇپ 2005 - يىلى 3 - ئۆكتەبىردىن 5 - ئۆكتەبىرگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى - ئەدەبىياتى فاكولتېتى قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - يىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان«تىل بىلەن كۇلتۇرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. شۇنداقلا ماقالىمىزدا، ئۇشبۇ گۇرۇپپىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېڭى بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق.

⑦«مىنكاۋخەن» ئاتالغۇسىغا تىلچىلار ياكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ خادىملىرى تەرىپىدىن ھازىرغىچە مۇۋاپىق ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ تاپالمىغانلىقى بولسا باشقىچە ئويلىنىش تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىدۇر.

⑧دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا قاراشلىق ئىدارىلەردىن بېيجىڭدا كومىتېت ئورگىنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەرجىمە مەركىزى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى، مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى، مىللەتلەر كۇلتۇر سارىيى (民族文化宫)، جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيى، مىللەتلەر گېزىتى، مەركىزىي كادىرلار ئىنستوتى قاتارلىقلار بار.

⑨لائىكلىك (Secular\ 世华): كۆندىلىك ياشامدا، دىن بىلەن جەمئىيەت دۇنياسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىش، دىننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرىنى مۇمكىن بولغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشتۇر. كۆنىمىز ئۇيغۇر زىيالىيسى سوتسيالىستىك يېڭى دەۋردە مەركىزىي ئىدىئولوگىنىڭ تەلپىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئەسلىدىكى مەنىۋى مىللەت ئەنئەنىسىدىن ئىزچىل ئۇزاقلىشىپ، ماتېرىيالىست كۆز قاراش ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭغان. كۆرۈنۈشتە ئىسلامىيەدەك كۆرۈنسمۇ، ماھىيەتتە ئانچە ئالاقىسى يوقتۇر. بېيجىڭ شەھرىدىكى دىنىي ئېتقاد سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئېتقاد قانۇنلىرىنىڭ روھىي بويىچە دەل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئاساسەن لائىكچى ئېتقاد يۆنىلىشىنى تاللىغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ئۇچتە بىرى ھېچقاچان دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 27% ئەتراپىدىكىلەر بولسا يىلدا بىر قېتىم دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 11.4% ئەتراپىدىكىلەر ھەر كۈنى ياكى ھەپتىدە بىر قېتىم دىنىي ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بىدۈرگەن.

ئاپتور:مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتۇرى

‹‹ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ›› نىڭ 2011-يىللىق 1- سانىدىن

# ماجارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇغقانچىلىقى

ئەلى غوپۇر

ماجارلار ۋېنگرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ، دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 97 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماجار دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش ئۆز دۆلىتىنىمۇ «ماجارلار دۆلىتى» دېگەن مەنىدە « Magyar orszag»(ماجار ئورساگ) دەپ ئاتايدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرچە بىر قىسىم مەتبۇئاتلاردا يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېزىلىۋاتقىنىدەك ئۆزلىرىنى «ھونگار»لار،دۆلىتىنى«ھونگارىيە»دەپ ئاتىمايدۇ.

بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ۋېنگىر» ۋە «ۋېنگرىيە» سۆزلىرى رۇسلارنىڭ ماجارلارنى ئاتىشى بولغان«Vengri» دىن كەلگەن. ماجارلارنى ياۋروپادىكى خەلقلەردىن گېرمانىيىلىكلەر «Ungarn » ، ئىنگلىزلار «hungarians » ، فرانسۇزلار «hongrois » ، ئىتالىيانلار «ungheresi » دەپ ئاتايدۇ.

تىلشۇناسلار ئارىسىدا ماجارلارنىڭ تىلىنى ئورال تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ دېگەن قاراش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ خىل قاراش بويىچە فىنلاند تىلى، ئېستونىيە تىلى، ماجار تىلى ھەمدە ئورال تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى 25 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ 20 خىلغا يېقىن غەيرىي ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە غەيرىي تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنى بىر گۇرۇھ ئىچىگە ئايرىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ماجار تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار 15مىليون بولۇپ، بۇ تىل سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇ تىل ھازىر «فىن -ئوگۇر» تىل ئائىلىسىدىكى «ئوگۇر» تىل تارمىقىغا تەۋە قىلىپ ئايرىلغان.

ماجار تىلى گەرچە تىلشۇناسلار تەرىپىدىن فىن ـ ئۇگۇر تىلى ئائىلىسىگە تەۋە دەپ ئايرىلغان بىلەن «ئورال تىل سىستېمىسىدىكى ئىككى چوڭ ئاساسلىق تىل بولغان ماجار تىلى بىلەن فىنلاند تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق دەرىجىسى بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئىنگلىز تىلى بىلەن رۇس تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدىكەن»(1) . يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «پەقەت ئىنگلىز تىلى بىلەن پارس تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى يىراق مۇناسىۋەتتۇر»(2).

ھازىر بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ماجار تىلىدا بىر قىسىم موڭغۇل-تونگۇس تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىقىغا قاراپ، «ۋېنگىرلارنىڭ ئەجدادلىرى» ، يەنى قەدىمكى ماجارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەلگىلىك ساندىكى موڭغۇل تىللىق تەركىبلەر بولۇشى چوقۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەنە ماجارلارنىڭ موڭغۇلچە خاراكتېر ئايرىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئايرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئورال تاغلىق رايونى پەقەت ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا بېرىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلىق قارارگاھى بولغان، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ پەيدا بولغان جايى ئەمەس(3) دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار ماجار تىلىدىكى موڭغۇل تىلى سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى خۇلاسىلىگەندە «تۈركىي تىلىنىڭ ۋاسىتىلىك رول ئوينىغانلىقى»(4)نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىزمۇ بۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىي تىللارنىڭ ۋاسىتىچىلىك رولى، شۇ تىللارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماجار تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە بىر قىسىم مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ماجار تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ماجارلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىغا دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماجارلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىغا دائىر مەسىلىلەردە ئەڭ ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ــ ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان ھۇنلار بىلەن ھازىرقى ماجارلارنىڭ، شۇ ھۇنلار بىلەن ئون ئۇگۇرلارنىڭ ھەمدە يەنە

ماجارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر.

مىلادىيە 91-يىلى، شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ بىر قىسىم ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت خاتىرىلەنمىگەن. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بىر قىسىم مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەك گاۋىرىن بۇ ۋەقەلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:« غەربكە كۆچكەن ھۇنلار بىر مەھەل تۈركىستان تېررىتورىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان بولغانلىقتىن، شۈبھىسىزكى يەرلىكتىكى نۇرغۇنلىغان ئەسلىدە بار بولغان ئاھالىلەر بىلەن تويلىشىش ئەھۋاللىرى بولغان. بىز كۆپ خىل سەۋەبلەردىن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۇلار ئۇزۇلۈكسىز تۈردە غەربكە يۆتكىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئالان (Alans)لار بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئارىلىشىش ئىشى يۈز بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدا ياشاپ كېلىۋاتقان فىنلار ياكى فىن - ئۇگۇر قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇش دەرىجىسى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەيلى ماجارلار ئېتنىك جەھەتتىن فىن - ئۇگۇرلارغا مەنسۇپ بولسۇن ياكى تۈركىي قوۋملەردىن بولغان ئون ئۇگۇرلارغا مەنسۇپ بولسۇن، ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋملەر بىلەن ئېتنىك ۋە تىل جەھەتتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس»(5).

مىلادىيە 374 - يىلى غەربكە كۆچكەن ھۇنلار تۇنجى قېتىم دون دەرياسى قىرغاقلىرىدا پەيدا بولۇپ، ياۋروپاغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقنى باشلىغان. ئەمما رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن ھۇنلار ۋە ئالانلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تېخى ئارقىدا، يەنى جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدا ئىدى.

ۋىزانتىيىنىڭ ئەلچىسى ئولىپئودوروس(Olypiodoros) مىلادىيە 412 - يىلى ھۇنلارنىڭ ئاتامانى دونات (donat) نىڭ تۇرالغۇسىنىڭ دىنىپىر دەرياسى بويىدا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئاتتىلا ئۆلگەندىن كېيىن تارمار قىلىنغان ھۇنلارمۇ مەزكۇر رايونغا قېچىپ كېلىشكە ئۇرۇنغان. مىلادىيە 454- يىلى ئاتتىلانىڭ ئوغلى ئىرنىك نىدال دەرياسى بويىدىكى جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ قۇدرىتى يىمىرىلگەن. ئاز بىر قىسىم تارقاق كۆلەمدىكى

ھۇنلار ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا يەنە داۋاملىق ھازىرقى ۋېنگرىيە زېمىنىدا قىلىپ قالغاندىن باشقا، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كارپاتىيە تېغىنىڭ شەرقىگە چېكىنىپ، ئۆتكەنكى 70 يىلدا جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەن ھۇن قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.(6)

مىلادىيە 461- يىلى ئاتتىلانىڭ يەنە بىر ئوغلى دېڭگىزىك(Dengesik) غەربكە قارىتا يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنغان. 468- يىلىغا كەلگەندە ئۇلار ئاندىن دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلالىغان. شەرقىي رىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپلا قالماي، دېڭگىزىك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ ۋەقەلىك ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ ھۇنلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىدۇر.(7) ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ ھۇنلىرى ياۋروپادىكى بىر مەزگىللىك شان - شەرەپ ۋە بويسۇندۇرۇشلاردىن كېيىن، ئاخىرى يەنە مەغلۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يەنىلا جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى يەنە بىر ئىتتىپاق ـــ ئون ئوگۇر ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئەمدى بىز «ئون ئوگۇر» نامىنىڭ قانداق قىلىپ ھازىرقى ۋېنگىر (ماجار)لارنىڭ نامىغا ئايلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قاراپ باقايلى: ھازىرقى ۋېنگرىيىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى بولغان «ماجار» سۆزى ئوگرىيان تىلىدىكى Mansi ياكى magy سۆزىگە، تۈركچە ئۇلانما Eri نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن megyeri___magyan___magyar بولۇپ بىر چوڭ قەبىلىنىڭ نامىغا ئايلانغان. مەنىسى «ئەر» دېگەنلىكتۇر. غەرب تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن نام بولغانHungarian (لاتىنچە (hungarus) مىلادىيە 5- ئەسىرلەردىكى hungur, on ogur, hun-ogur دىن ئىبارەت تۈرك ئون ئوگۇر-ھۇن ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەرنىڭ چەت ئەل تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى يەنە بىر ۋارىيانتىدۇر.(8)

روسىيىلىك ئى. برېتشنەيدر (e.bretschneider) 1887- يىلى ۋېنگىر (ماجار)لار ئاسىيادىن كەلگەنلەر، ئۇلار بەلكىم ئەسلىدە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بۇلغارلارنىڭ شەرقىدە، ئورال تاغلىرى باغرىدا ئولتۇراقلاشقان دەپ قارىغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا ئىزدەنمىگەن. قەدىمكى

رۇسلار ئۇلارنى «ئوگرلار» ياكى «ئوگرى»لار دەپ ئاتىغان.(9) روسىيىنىڭ سالنامىلىرىدىمۇ مەزكۇر رايوننى «ئۇگرا» ياكى «يوگرا» دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 9 - ئەسىردە بۇ كىشىلەر مەزكۇر رايوندىن دوناي دەرياسى بويىغا كۆچۈپ بارغان. روسىيىلىك تارىخشۇناس نېستور (Nestor) ئوگرىلارنىڭ 898 - يىلى كىيۇۋغا يېتىپ بارغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. كلاپروس(klaproth)نىڭ «ئاسىيا تارىخ خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى روسىيىنىڭ سالنامىلىرىدىن ئالغان تۆۋەندىكى نەقىلى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: 1499 - يىلى روسىيىلىك كېنەز ئىۋان ۋاسىلۋىچ ئوگرا رايونىدا ياشاۋاتقان ئوگۇرلارنى مەغلۇپ قىلغان. كېيىن موسكۋادىكى كرىمۇيل سايىنىڭ مەلۇم بىر ئىشىك بېشىغا ئەينى ۋاقىتتىن قېلىپ قالغان بىر لاتىنچە لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «ۋېنگرلارنىڭ كېنەزى جون ۋاسلى»(10) دېگەن خەت يېزىلغان. « ۋېنگر» سۆزى دەل رۇسچىدىكى «ئوگرا»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. كارپىنى يەنە ئوگۇرلارنىڭ دوناي دەرياسى بويىدىكى يېڭى تۇرالغۇسىنىHungaria دەپ ئاتىغان. ئوگۇرلارنىڭ ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى ئەسلىي زېمىنىنىڭ نامى «بۈيۈك ئونگارىيە» (magna hungaria) دەپ ئاتىلاتتى. ئوخشاش بىر دەۋردىكى (13-ئەسىردىكى) ياۋروپالىق سەيياھ روبىروك (rubruck)مۇ ئوگۇرلارنىڭ ئەسلىي ماكانىنى«(11)» (greater hungaria) دەپ ئاتىغان. روسىيە ئالىملىرى «ئوگۇر» دېگەن سۆز تۈركچە «ئون ئوگۇر»دېگەندىن كېلىپ چىققان، «ئون ئوگۇر»دېگىنى «ئون ئوقلار»دېگەنلىك بولىدۇ،بۇ هازىرقىhungary نىڭ ئەسلىي مەنبەسىدۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا 1964 - يىلى تۈزۈلگەن «بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىمۇ «ۋېنگر(hungary)سۆزى سلاۋيانلارنىڭ تۈركچىدىكى ئون ئوگۇرلارنى يەنە بىر خىل ئوقۇشىدىن كېلىپ چىققان» (12)دەپ يازغان. «كامبرىج ئىچكى ئاسىيانىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخى»دا، ماجارلار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: 9- ئەسىردە ماجارلار ۋە بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدا ئون ئوگۇر (تۈركچە ئون ئوق)دەيدىغان بىر قەبىلە ئىتتىپاقىنى هاسىل قىلغان. بۇ نام يېقىن قوشنىلىرى بولغان سلاۋيانلار تەرىپىدىن بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، ۋېنگر (Vengr)دەپ ئوقۇلغان. بۇ سۆز هازىر كىشىلەرگە تونۇش بولغانhungary دۇر(13).

ج. م. خاسسي (j.m. hussey)«كامبىرىج ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى»دا: «هۇنلار بىلەن ئون ئۇيغۇرلار مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە خەلق. ۋىزانتىيىنىڭ مىسسىئونېرلىرى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە هۇنلار، بۇلغارلار ۋە تۈرك خەلقلىرى توغرىسىدا زور ئۇتۇقلارغا ئىگە بولغان. ماجارلار مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇشى تەبىئىي. 463 ـ يىلى ئەتراپىدا ئون ئۇيغۇرلار دون دەرياسى بىلەن كاۋكاز تاغلىرى ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار سابىرلار ۋە باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ۋىزانتىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيىنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە ئېرىشكەن ۋە ئىمپېرىيىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدىكى زېمىنلارغا بولغان ئىگىدارچىلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغان«(14) دەپ يازغان. جيەن بوزەن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى» دېگەن ماقالىسىدە خامىلتوننىڭ ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىن ئىزدەپ تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا دائىر ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات»دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ، بۇ مەلۇماتلارنى جۇڭگونىڭ كلاسسىك تارىخنامىلىرىدىكى بايانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «غەرب مەنبەلىرىدىكى ئاتالمىش ئون ئۇيغۇرلار، ‹ئون ئۇيغۇر› دېگەنگە ۋەكىللىك قىلىدۇ«(15) دەپ شەرھلىگەن.

ماجارلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى مۇرەككەپ ساپاسى ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ۋېنگرىيىلىكلەر (ماجارلار)نىڭ تارىخىغا دائىر ئاساسىي بىلىمنى يەنە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆرسىتىلىدىغىنى ماجار تىلىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلمىسى فىن ـ ئۇگۇر تىللىرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋوگۇل (Manshi) ئوستياكس (chanti)دىن ئىبارەت هازىر سىبىرىيىدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. ماجارلار بىر مەھەل بۇ خەلقلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئورال تاغلىرى باغرىدا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتىمۇ بولغان. ئەمما، ماجار تىلى دەسلەپكى مەزگىللەردە تۈرك تىل ئېلېمېنتى بايراق بولغان بىر خىل تىل بولغان ھەمدە ماجارلارمۇ 10 ـ ئەسىر مەنبەلىرىدە كۆپ خىل تۈركىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان، بۇرۇنقى كىشى ۋە قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ تۈركچە نام بىلەن ئاتالغان خەلق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل ئەھۋالدا، فىن ـ ئۇگۇر ماجارلىرى ۋېنگرىيىنى بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا، كۆچلۈك تۈرك

تەسىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنى ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىكى بىر قىسىم ئېتنىك ناملاردىمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.(16)

ئوتتۇرا ياۋروپادىكى قوشنىلىرى ئىچىدە ھېچقانداق تۇغقانلىرى بولمىغان بۇ خەلقنىڭ تىل قۇرۇلمىسىدىن تۈركىي تىلىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنى ئېتنىك جەھەتتىن بىۋاستە ھالدا قەدىمكى ھۇنلارغا باغلاش پاكىت جەھەتتە كىشىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ. ھازىرقى ماجارلارنىڭ تىلىدىكى تۈركىي تىل ئامىللىرىنى، ماجارلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان ئون ئوگۇرلار ۋە ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىغا قايتىپ كەلگەن ھۇن ئىتتىپاقىدىكى خەلقنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش بىر قەدەر مۇۋاپىق. بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن ياۋروپاغا كۆچكەن ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەك گاۋىرىن ھۇنلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەمدە ھۇنلارنىڭ قايسى تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ سۆزلەيدىغىنى بىر خىل ياكى كۆپ خىل تۇرانىيان (ئورال - ئالتاي) تىل سىستېمىسىدىكى تىل بولۇپ، بۇ ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بىزنىڭ ھازىرقى مەسئۇلىيىتىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەدىمكى موڭغۇلىيىدىكى ئاساسلىق تىلنىڭ زادى ھەر خىل تۇرانىيان تىللىرى ئىچىدىكى قايسى تۈرى ئىكەنلىكىنى بېكىتىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، تۇرانىيلارنىڭ تىلى ھەمىشە ئوخشىمىغان بەش خىل تىل ئائىلىسىگە ئايرىلغان. بۇنىڭ بىرىنچىسى فىن - ئوگۇر تىل ئائىلىسى بولۇپ، ھازىر بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلاردىن ماجارلار، فىنلاندىيە ۋە روسىيىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان ھەرخىل فىنلار بار. ئىككىنچىسى، سامويىد تىل ئائىلىسى، ھازىر بۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار سىبىرىيىنىڭ غەربىي ۋە ئۈنىڭغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان كىشىلەر؛ ئۈچىنچىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسى؛ تۆتىنچىسى، موڭغۇل تىلى ئائىلىسى؛ بەشىنچىسى تونگۇس تىلى ئائىلىسى. ھازىر بىز فىن - ئوگۇر، سامويىد ۋە تونگۇس تىل ئائىلىلىرىنى

چىقىرىۋەتسەك، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىكى موڭغۇل ۋە تۈرك تىل ئائىلىسى بولىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، قەدىمكى موڭغۇلىيىدە موڭغۇللار بىلەن تۈركلەرنىڭ تەڭ ياشىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، مەزكۇر رايوندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى زادى موڭغۇل ياكى تۈركلەرنىڭ قايسىسىدىن تۈزۈلگەن؟ كېيىنكى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي ئامىلى موڭغۇللارمۇ ياكى تۈركلەرمۇ؟...». ئۇ يەنە بۇ سوئاللىرىنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە مۇنداق يازىدۇ: « ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئۇزاق يىللىق كەسكىن تالاش - تارتىشلار ئارقىلىق يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز شەرھلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى، ھازىر كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر جۇڭگو سالنامىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قوشۇلۇپ، ھۇنلارنىڭ بىر خىل تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى»(17). ئەمەلىيەتتىمۇ ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن، موڭغۇلىيىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا موڭغۇل تىل ئائىلىسىدىكى تىللار ئاندىن پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. بۇ يەكۈن تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىرىلغان؛ ئەمما بىز بىلىدىغان ھۇنلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ قەدىمكى ھۇنلار ئىرقىي ۋە تىل جەھەتتە پۈتۈنلەي «تۈرك» ئائىلىسىگە كىرىدۇ.(18)

ھۇنلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئاتتىلانىڭ ياۋروپا تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ ھۇنلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ياۋروپادا بەلگىلىك زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھۇنلارنىڭ تىلىغا دائىر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە ج. مەنشىن خېلفىن (j.maenchen-helfen) يازغان «ھۇنلارنىڭ دۇنياسى»دېگەن كىتابنىڭ 9 - بابىدا، ھۇنلارنىڭ تىلى بىر قەدەر تەپسىلىي شەرھلەنگەن بولۇپ، كىتابتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن قېلىپ قالغان ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تىلىغا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ھۇنلارنىڭ تىلىغا قارىتا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

خېلفىننىڭ قارىشىچە، ھۇن تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى بىلەن گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ئوخشاش بولمىغان. شۇڭا، باشقا تىللاردىكى يېزىق-بەلگىلەر ئارقىلىق ھۇن تىلىنى تەرجىمە قىلغاندا، ھۇن تىلىدا ئىشلىتىلگەن سۆزلۈكلەر ھەمىشە بۇرمىلانغان. ھۇن تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان ناملار ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى ئەمەس، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى ئاتىشىدىن كېلىپ چىققان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھۇنلارنىڭ تىلىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. بەزى ئىسىملار ھەتتا باشقىچە ئاتالغان.(19) خېلفىن يەنە ئاتتىلا خانلىقىدىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ناملىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ يات مىللەت تىللىرىدىكى ئىسىملارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، شۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ھۇنلار تىلىنىڭ ئەبجەش ھالىتىنى چۈشەندۈرگەن. خېلفىن مۇنداق بىر مىسالنى كۆرسىتىدۇ:« ھۇن پادىشاھلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن(مىلادىيە 468-يىلى)، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنىدا بىر ھۇن ئوفىتسېرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى Apsik (apsiq دەپمۇ يېزىلغان) بولۇپ، بۇ ئالان تىلىدا Apsa (ئات) ۋە تۈرك تىلىدا (تايچاق) دېگەن Okمەنىدە ئىدى. ئەمما، ئاتتىلا خانلىقىدىكى ھۇنلار ئىچىدە تۈركچە ئىسىملار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن(20).

ياۋروپادىكى ئالىملار ئارىسىدا بىر مەھەل 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىلىرىدا پەيدا بولغان « Hun »لارنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن ھۇن(匈奴)لار بىلەن بىر خەلق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئېنىق تەتقىقاتلار بولمىغان. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيەدىن جۇڭگوغا كەلگەن ئەيسا دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى يوسېف مورىيا مايلاك (Joseph moyria maillac 1669__1748) جۇڭگودا خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، كاڭ شىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن «ئۆرنەك قامۇسلار»نى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1737-يىلى لىئون كۇتۇپخانىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ كىتاب «جۇڭگو تارىخى» دېگەن نامدا 13 توم بولۇپ 1777__1783-يىللىرى ئارىلىقىدا پارىژدا نەشىردىن چىققان. فرانسىيىلىك ئالىم م.دېگۋىنىس(m. deguignes) مەزكۇر كىتابتىكى شىمالدىكى مەللەتلەرگە دائىر بايانلار ئاساسىدا «ھۇنلار، تۈركلەر ۋە

موڭغۇللارنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، hun لار دەل غەربكە كۆچكەن匈奴لاردۇر، دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. فرانسىيەدە ئۇزاق مەزگىل تۇرغان شۇ دەۋردىكى ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېدۋارد گىببون (Edwaed gibbon 1737___1794) «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تارىخى» دېگەن كىتابتا بۇ كۆزقاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىگەن. شۇنىڭ بىلەن Hun لار دەل جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى匈奴لاردۇر دېگەن كۆزقاراش غەرب دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان(21).

خېلفىنمۇ باشقا ئالىملارنىڭ دەلىللىرىدىن ئىسپات ئېلىپ: «ھۇنلار(Huns) بىلەن匈奴ئوخشاش بىر مىللەت، ياۋروپادىكى ھۇنلار سۆزلەيدىغان تىل ۋە شەرقتىكى (غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى) ھۇنلار سۆزلەيدىغان تىلنىڭ ئوخشاشلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا سۆزلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۇن خەلقلىرى ئىچىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك(22) دەپ قارىغان. خېلفىن «تىل» بابىنىڭ خاتىمىسىدە:« قەبىلىلەر ناملىرىدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، كۆپچىلىك ھۇنلار تۈركىي تىلدا سۆزلەيتتى. مەسىلەن،Ultincurۋە Bug_cor قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدىكى ناملار بولۇپ، ھەممىسىCur ياكىCor دېگەن تۈركىي تىل بىلەن ئاياغلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىي تىللىق ئىسىملاردىن كۆپ ئۇچرايدىغان سۆز ئاخىرى قوشۇنچىسى Gur بولۇپ، ھۇن قەبىلىلىرى ئىچىدىكى Kutrigur, utigur, on ogur, bittugur, tongur, ugurقاتارلىق قەبىلە ناملىرىداGur دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ»(23) دەپ يازغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھۇن ئىتتىپاقىدا تۈركىي تىل ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ماجار مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئون ئوغۇر ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەردىن باشقا يەنە جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مەزكۇر رايونغا قايتا كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلارمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. تۈركىي تىللىق قوۋملەر كېيىنكى ماجار تىلىدا ئۇچرايدىغان موڭغۇل، تونگۇس تىل لېكسىكىلىرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مەيلى ھۇنلار بولسۇن ياكى تۈرك_ئۇيغۇرلار

بولسۇن، ھازىرقى موڭغۇل يايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردا بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن. بۇ خانلىقلار تېررىتورىيىسىدە تەبىئىي ھالدا موڭغۇل-تونگۇس تىللىق خەلقلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى.

بىز ماجارلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىغا دائىر بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ماجار تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق جەھەتتىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: ماجار تىلى سۆزلۈكلىرىدە فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولغان، شۇنىڭدەك فونېتىكا جەھەتتىن ئازراق پەرقلىنىدىغان، ئەمما مەنا جەھەتتىن ئوخشاش بولغان تۈپ سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەر ماجار تىلىنىڭ ئۇزاق مەزگىل باشقا تىللار بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە قوشۇلۇشى جەريانىدا فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. ماجار تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن ئوخشاش بولغان تۈپ سۆزلەردىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرى 400 ئەتراپىدا (ۋېنگرىيىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى ستاتىستىكىسى)، ئەمما بۇ ماقالىدە ماجار تىلىدا ئۆزلۈم بىۋاستە ئۇچراتقان ئوخشاش سۆزلۈكلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ئەسكەرتىش: ماجار تىلىدا «Ny» تاۋۇشىدا «Y» تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ (ئەمما «Ny» تاۋۇشى يالغۇز كەلگەن « N »گە قارىغاندا يېنىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «Gy» تاۋۇشىمۇ ئوخشاش).

ماجارچە ــــ ئوقۇلۇشى ـــ مەنىسى ــــ ئۇيغۇرچە

anya ـــــــ ئانا ـــــــ ئانا ـــــــ ئانا
Apa, papa ـــــ ئاپا، پاپا ـــــ دادا، ئاتا ـــــــ دادا، ئاتا
betuk ـــــــ بېتۇك ـــــــ ھەرپ، پۈتۈك ـــ پۈتۈك
oroszlan ـــــ ئوروسلان ـــــ ئارسلان، شىر ـــ ئارسلان، شىر
alma ـــــــ ئالما ـــــــ ئالما ـــــــ ئالما

erdem ـــــــ ئېردېم ـــــــ تۆھپە،نەتىجە ـــ ئېسىل پەزىلەت، قىممەت، ئەمەلىي سۈپەت،قابىلىيەت، كۈچ
bator ـــــــ باتور ـــــــ باتۇر ـــــــ باتۇر
kan ـــــــ كان ـــــــ خان،قاغان ـــ قاغان،خان
kapu ـــــــ كاپۇ ـــــــ دەرۋازا،قوۋۇق ـ دەرۋازا، قوۋۇق،قاپۇغ
kek ـــــــ كېك ـــــــ كۆك،كۆك رەڭ ـــ كۆك
kender ـــــــ كېندېر ـــــــ كەندىر ـــــــ كەندىر
kerek ـــــــ كېرېك ـــــــ كېرەك،لازىم ـــ كېرەك
teve ـــــــ تېۋې ـــــــ تۆگە ـــــــ تۆگە
toklyo ـــــــ توكلو ـــــــ پاقلان ـــــــ توخلا،پاقلان
balta ـــــــ بالتا ـــــــ پالتا ـــــــ پالتا
bazar ـــــــ بازار ـــــــ بازار ـــــــ بازار
bika ـــــــ بىكا ـــــــ بۇقا ـــــــ بۇقا
bizarr ـــــــ بىزار ـــــــ بىزارلىق، غەلىتىلىك ـ بىزار
bor ـــــــ بور ـــــــ ئۈزۈم ھارىقى ـــ ئۈزۈم(قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا)
borecet ـــــــ بورئېچېت ـــ ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېچىتقۇسى ـ ئېچىتقۇ
ecet ـــــــ ئېچېت ـــــــ ئېچىتقۇ ـــــــ ئېچىتقۇ
dzsungel ـــــــ جۇنگېل ـــــــ جاڭگال ـــــــ جاڭگال
mayma ـــــــ مايما ـــــــ مايمۇن ـــــــ مايمۇن
kosar ـــــــ كوشار ـــــــ سۇۋەت،قوشۇغلۇق ـ قوشۇغلۇق
ej ـــــــ ئېي ـــــــ ھەي! ـــــــ ھەي!
eloterep ـــــــ ئېلۆ تېرېپ ـــ ئالدى تەرەپ ـــ ئالدى تەرەپ
gyop ـــــــ جۆپ ـــــــ ئوت-چۆپ ـــــــ چۆپ
kecske ـــــــ كېچكې ـــــــ ئۆچكە ـــــــ ئۆچكە
(قەشقەرنىڭ ئېغىز تىلىدا «ئۆچكە» دېگەن سۆز «ئېچكە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.)
anyoka ـــــــ ئانوكا ـــــــ ئانىكا، چوڭ ئانا ـــ چوڭ ئانا
(ئاتۇش قاتارلىق بىر قىسىم جايلاردا كىلىنلەر قېيىنانىسىنى «ئانىكا»

دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بار.)

so ــــــ شو ــــــ تۇز،شور ــــــ شور،تۇز

( سۈپەت بولۇپ كەلگەندە «شورلۇق» ياكى «تۇزلۇق» دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن «sos»بولۇپ كېلىدۇ.)

kos ــــــ كوش ــــــ قوچقار ــــــ قوچقار

tolmacs ــــــ تولماچ ــــــ ئېغىزچە تەرجىمان ــــ تىلماچ، تەرجىمان

sopru ــــــ شۆپرۇ ــــــ سۈپۈرگە ــــــ سۈپۈرگە

arpa ــــــ ئارپا ــــــ ئارپا ــــــ ئارپا

nyaka ــــــ ناكا ــــــ كېيىمنىڭ ياقىسى ــــ ياقا

koldok ــــــ كۆلدۆك ــــــ كىندىك ــــــ كىندىك

szakal ــــــ ساكال ــــــ ساقال ــــــ ساقال

bolcso ــــــ بۆلچۈ ــــــ بۆشۈك ــــــ بۆشۈك

bolcsodal ــــــ بۆلچۆدال ــــ ئەللەي ناخشىسى ــــ ئەللەي ناخشىسى

szin ــــــ سىن ــــــ سىن،رەڭ ــــــ سىن،رەڭ

sarga ــــــ شارگا ــــــ سېرىق ــــــ سېرىق

kut ــــــ كۇت ــــــ قۇرۇق ــــــ قۇرۇق

nez ــــــ نىز ــــــ قارىماق ــــــ نەزەر سالماق

kutya ــــــ كۇچا ــــــ كۈچۈك،ئىت ــــ كۈچۈك

(«ty» تاۋۇشى «چ» تەلەپپۇز قىلىنىپ ئىنتايىن يىنىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.)

kazan ــــــ كازان ــــــ قازان،ئوچاق ــــــ قازان

ki ــــــ كى ــــــ كىم ــــــ كىم

keso ــــــ كېشۆ ــــــ كېچە،كەچرەك ــــــ كەچ،كېچە

kocsi ــــــ كوچى ــــــ هارۋا ــــــ هارۋا

بەزى تەتقىقاتچىلار kocsi سۆزىنى قاڭقىللارنىڭ خەنزۇچە نامى بولغان 高车 دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. Kocsi سۆزى هارۋا دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، ماجارلاردا بۇ يەنە بىر چوك جەمەتنىڭ فامىلىسى بولۇپ «هارۋىكەشكەر جەمەتى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

kis ــــــ كىش ــــــ كىچىك ــــــ كىچىك

kicsi ــــــــ كىچى ــــــــ كىچىك ــــــــ كىچىك

Kis بىلەن kicsi ھەر ئىككىلىسى «كىچىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «kis»نىڭ كۆپلۈك شەكلى يوق. پەقەت kicsiنىڭ كۆپلۈك شەكلى بار بولۇپ، «كىچىكلەر دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىرىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «k» قوشۇلۇپ «kicsik»(كىچىك) بولۇپ تۈرلىنىدۇ. «كىچىك بالا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىپادىلىگەندە «kis» سۆزى ئىشلىتىلىپ «kis baba»دەپ يېزىلىدۇ ۋە شۇنداق ئىستېمال قىلىنىدۇ.

korum ــــــــ كۆرۈم ــــــــ تىرناق

بۇ سۆز گەرچە فونېتىكا جەھەتتە ئوخشاش بولمىسىمۇ، تىرناقنى «كۆرۈم» دەپ ئاتاش پسىخىكىلىق جەھەتتىكى مايىللىقتا ياتىدىغان سۆز بولغاچقا، بۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

ماجار تىلىدا «سىز»، «سىلى»، «ئۆزلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ھۆرمەت-تەكەللۇپ سۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنى مەيلى ئېغىز تىلى ياكى يېزىق تىلىدا بولسۇن، ناھايىتى ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «on» سىز، «maga»سىلى، ئۆزلىرى، كۆپلۈك بولغاندا «maguk» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ماجار تىلىدا سۈپەتنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بىلەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىچىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىنىش شەكلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش «i» بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. يەنى kocsi(ھارۋا)نىڭ ئىگىلىك شەكلىنى ئىپادىلىگەندە بىۋاسىتە ھالدا 1-شەخسنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى«m» قوشۇلۇپ «kocsim»(ھارۋام) بولىدۇ. قىسقا سوزۇق تاۋۇش ««e، a»»نى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ««ee، aa»»گە ئايلاندۇرۇپ ئاندىن كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «korte»(نەشپۈت)، «korteem»(نەشپۈتۈم) بولىدۇ.

ئۇزۇن تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئىگىلىك كېلىش

قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، toll (قەلەم) ، tollam(قەلىمىم).
ئاز ساندىكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئالاھىدە بولىدۇ. مەسىلەن، «apa» (دادا) ، «apam» (دادام) ، «anya» (ئانا) ، anyam(ئانام)، ocs(ئۇكا)، «ocsem»(ئۇكام) دېگەنگە ئوخشاش.
كىشىلىك ئالماش شەكلىنىڭ 1 ـ شەخس ھالىتىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن، «ert»(بىلمەك) بولسا «ertem» (چۈشەندىم، بىلدىم) بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئورۇن كېلىش، بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىمۇ بۇۋاستە ئوخشىمىغان بىلەن ئىشلىتىلىش شەكلى جەھەتتە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇي تىلىدا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى «دا» ، «دە» ، «تا» ، «تە» بىلەن ئىپادىلەنسە ، ماجار تىلىدا «ba، «be» ، «ban» ، «ben»» بىلەن ، بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «ba، «be» ، «ra» ، «re»» لەر بىلەن ، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى «bol، «bool» ، «rol» ، «rool» ، «tol» ، «tool»» لەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### ماجار تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ناملىرى

نامى ــــ ئىگىلىك شەكلى ـــ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

A csaladom ــــــــــــ ئائىلەم
nagyszulo ــــ nagy suleim ــــ بوۋام، مومام(ئاتا ـ بوۋام)
(nagyماجار تىلىدا «چوڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.)
nagyapa ــــ nagyapam ــــ چوڭ دادام(ئەر ـ ئايال ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش)
nagyanya ــــ nagyanya ــــ چوڭ ئانام(ئەر ـ ئايال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش)
szulo ــــ szuleim ــــ ئاتا ـ ئانام
Papa, apa ــــ apam ــــ دادام، ئاتام

anya______anyam _____ ئانام
en________________ مەن
gyerekek ____gyerekeim ____ باللىرىم
fiu _______fiam _______ ئوغلۇم
lany ______lanyom ______ قىزىم
unoka______unokam _____ نەۋرەم( قىز-ئوغۇل، ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ باللىرىغا ئوخشاش)
nagybatya ____nagybatyam ____ تاغام(ئاتا-ئانا ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش)
nagyneni_____nagynenem _____ ھاممام( ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى ئوخشاش)
unokatestver_unokatestverem _ نەۋرە ئاكا-ئاچا، ئۇكا-سىڭىللىرىم
testver _____testverem _____ ئاكا-ئۇكا، ئىگىچى-سىڭىللىرىم
batya _____batyam ______ ئاكام
ocs ______ocsem ______ ئىنىم
nover _____nowerem _____ ئاچام
hug ______hugom ______ سىڭلىم
unokaocs_____unokaocsem ____ نەۋرە ئىنىم(ئاتا-ئانا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەر-ئايال قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش)
inokahug____unokahugom ____ نەۋرە سىڭلىم(يۇقىرىقىغا ئوخشاش)
ferj______ferjem ______ ئېرىم
feleseg_____felesegem _____ خوتۇنۇم
apos _____aposom ______ قېيناتام
anyos_____anyosom ______ قېينانام
sogor_____sogorom ______ يېزنەم
sogorno____sogornom _____ يەڭگەم
vo ______vom, vejem _____ كۈيئوغلۇم
meny_____menyem ______ كېلىنىم
ماجارلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزىدىن

چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ «پالانى ئاكا» دەپ ئاتاش ئادەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ماجار تىلىدا يەنە savak(دەرس)، padisah(پادىشاھ)، vezer(ۋەزىر) دېگەنگە ئوخشاش ئوسمان تۈركلىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەرمۇ بار، ئەمما بۇ خىل سۆزلۈكلەر كۆپ ئەمەس.

سىرتتىن سۆزلۈك قوبۇل قىلىش ھەر قانداق بىر مىللەت خالىي بولالمايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە. ئەمما قانداق سۆزنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى بۇ باشقا بىر ئىش. گەرچە papa, mamaدېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر نۇرغۇن مىللەتكە ئاساسەن ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما «ئانا» سۆزىنىڭ ماجارلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولۇشى بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئېتنىك باغلىنىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى.

## ئىزاھلار:

(1)، (2)، (3)، (4) جوشۋيوەن(ئامېرىكا):«ماجارلارنىڭ يىراق شەرقتىكى ئەجدادلىرى». «ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقاتى»(خەنزۇچە). جۇڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى 1999-1-87. بەت.

(5) مەك گاۋرىن:«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى 2004-يىلى خەنزۇچە نەشرى. 193-بەت.

(6) 5-ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 228-بەت.

(7) 5-ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 229-بەت.

(8) «كورۋىن مۇزېي ماتېرىياللىرى»«timeless nation» ئىنگلىزچە 1-بەت( www. net. /corvinus/lib ).

(9) «سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1956-يىلى نەشرى «ئوگرى» قىسمىغا قارالسۇن. خەن بىچى:«9-ئەسىردىن بۇرۇنقى ماجارلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980-يىل 2-سان، 79-بەت.

(10) 9ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 80ـ بەت.
(11) 9ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 80ـ بەت.
(12) «بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىتسى» 1964ـ يىلى لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى، 2ـ توم، 859ـ بەت.
(13) دىنىس.سىنور:«كامبرىج ئىچكى ئاسىيانىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخى»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 233ـ بەت.
(14) ج.م.خاسسىي :«كامبرىج ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» 4ـ توم. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1966ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 567ـ بەت.
(15) جوەن بوزەن:«ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1996ـ يىلى 3ـ سان خەنزۇچە 52ـ بەت.
(16) 14ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 566ـ بەت.
(17) 5ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش،114ـ ،115ـ بەتلەر.
(18) 5ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 115ـ بەت.
(19) لىن گەن:«جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا شىمالىي قىسمىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1999ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 232ـ بەت.
(20) 19ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 233ـ بەت.
(21) جۇ شۆيۈەن(ئامېرىكا):«لارنىڭ سىيانپىي ـ تونگۇس ئەجدادلىرى»، «ياۋرو-ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 2000ـ يىلى 2ـ سان خەنزۇچە 87ـ بەت.
(22) 19ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 233ـ بەت.
(23) 19ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 234ـ بەت.

# سوغدىلار ۋە سوغدىيانا مەدەنىيتى

تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

(قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

قىسقىچە مەزمۇنى: ماقالىدە، تارىختىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان سوغدىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي تەرەققىياتى، يوقىلىشى ۋە ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: سوغدىلار؛ سوغدىيانا؛ مەدەنىيەت

## سوغدىلار

سوغدىلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II - I ئەسىرلەردىن باشلاپ XII ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەرەپشان، قاشقا دەريا ۋادىسىدىكى سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدە ياشاپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇنداقلا بۈگۈنكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولغان قەدىمى خەلقتۇر.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسەن، خەرىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدىلار ياشىغان جايلار سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ھالدا، شەرقتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياكى شىمالى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك - جۇڭگوغا، جەنۇبتا ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا، غەربتە پېرسىيەگە، غەربىي شىمالدا ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان كەڭ رايونلار ئىدى. تارىختا سوغدىلار ياشىغان

بۇ كەڭ زېمىن ئۇلار قۇرغان خانلىق ياكى دۆلەتنىڭ نامى سۈپىتىدە «سوغدىيانا» دەپ ئاتالغان. مىلادىنىڭ باشلىرىدىلا سوغدىيانا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايلار تۇپرىقىنىڭ مۇنبەتلىكى، بايلىقلىرىنىڭ موللىقى، ئادەملىرىنىڭ ئەمگەكچان، سودىغا ماھىرلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

تارىختا مەشھۇر نام قالدۇرغان سوغدىلار قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردە ۋە يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ساكلاردىن دېيىلسە، يەنە بەزىلىرىدە ئارىئانلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان دېيىلىدۇ. ھازىر بىر قەدەر ئومۇملىشىپ، بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش بويىچە، سوغدىلارنىڭ تىلى ۋە تارىختا ئىشلەتكەن يېزىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىغا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ بىرى دېيىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياشىغان زېمىنلىرى، يارىتىپ قالدۇرغان مەدەنىيەتلىرىنىڭ سىڭىشىپ، قوبۇل قىلىنىپ ساقلىنىشى، ئۆزىنىڭ بولسا، بىر پۈتۈن ھالدا پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، سىڭىشىپ، يوقۇلۇپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سوغدىلار تارىختىن بۇيان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشىغان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بىرى، دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىران، يۇنان، شام ۋە جۇڭگونىڭ يازما ھۆججەتلىرى، شۇ كەڭ زېمىنلەردىكى تاغ قىيالىقلىرى، بالباللارغا ئويۇلغان تاش ئويمىلار، قېزىلما مەنبەلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، شۇنداقلا يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلما مەنبەلەردىن كېلىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىدە كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە ھەرقايسى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «ساكلار» دەپ ئاتىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە شەھەرلەردە

ئولتۇراقلاشقان قوۋملارنى دائىم دېگۇدەك ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ نامى بىلەن مەسىلەن، مەرغىيانلىقلار، باكتىرىيىلىكلەر، خۇارەزىملىكلەر، سوغدىيانلىقلار... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. شۇنداق بولغاچقا، «بىخۇستۇن ئابىدىسى»①دە تىلغا ئېلىنغان «ساك»لارنىڭ دەل ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىراق ئەجدادى ئىكەنلىكى تارىخچى ئالىملار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. دېمەك، قەدىمكى دەۋرلەردە ئاشۇ ساكلار بىلەن بىللە ياكى قوشنا ياشىغان خەلقلەرنىڭ بىرى سوغدىلار ئىدى.

يازما تارىخ بويىچە «تارىخ ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484-425-يىللىرىغىچە ياشىغان) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا «ماساگېتلار ئېيتىلىشىچە جەسۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر، قۇدرەتلىك مىللەت ئىكەن. ئۇلار مەشرىق (كۈن چىقىش تەرەپ)تە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جاي ئاراكس دەرياسى (سىر دەرياسى) بويىدا، ئىسسېدونىسلىقلارنىڭ قارشىسىدا ئىكەن. بەزىلەر ئۇلارنى سېكىفلارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ» دېگەن، يەنە ئۇ «پارسلار بارلىق سكىفلارنى ساكلار دەپ ئاتايتتى»② دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېرودوتنىڭ «تارىخ»ناملىق كىتابىدا يەنە، يەر ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا قوۋملىرى مەسىلەن، باكتىرىيىلىكلەر، خۇارەزملىكلەر، فارفىيىلىكلەر ۋە شۇلار بىلەن بىر قاتاردا سوغدىلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئىران ۋە يۇناننىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىكى «ساك»لار گاھىدا «سكىف»لار دېيىلىپ يەنىلا مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەن.

ئىران ۋە يۇناننىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە «ساك» دەپ ئاتالغان بۇ خەلقلەر قەدىمكى جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «سەي»(塞) خېتى بىلەن خاتىرىلەنگەن. چۈنكى «سەي» خېتىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى «سەك»ئىدى. «خەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «سەيجۇڭ» (赛种)-ساك قوۋملىرىنى كۆرسەتسە، «سەيدى» (塞地) مۇشۇ ساكلارنىڭ ياشىغان زېمىنلىرىنى كۆرسەتتى. يەنە «خەنىنامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ئۇسۇنلار (ئاسولار) ئارىسىدا ساك قوۋمى، توخرىلار

ئۇرۇقىدىكىلەر بار ئىدى»، «ئۇسۇن بەگلىكىنىڭ زېمىنى... ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى» دېيىلگەن. بۇ مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ساك» ۋە «ئۇسۇن»لارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كېيىنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مەنبەلەردە چوڭ جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئاتالغاندىن تاشقىرى، يەنە ئاشۇ ساك قوۋم-قەبىلىلىرى ئارىسىدا ياشىغان سوغدىلار توغرىسىدىمۇ كۆپلىگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر: پەرغانە تەزكىرىسى» دە «پەرغانە خانى ياخشى گەپكەن دەپ قاراپ، يول بويى ياتاق، ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىتىپ ۋە ئادەم قوشۇپ جاڭ چيەننى كانگاغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ، كانگا خانىمۇ ئادەم قوشۇپ ئۇنى ياۋچىلارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ»③، ئەمما «جاڭ چيەن 1-قېتىم ئەلچىلىككە چىقىپ قايتىپ بېرىشتىن بۇرۇنلا خەن سۇلالىسىدىكىلەر غەربتە سوغدىيانا ئېلىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 133-يىلى سىماشاگىرۇ با، شۇ يەردىكىلەرگە يازغان ئەيىپنامىسىدە ھەم دۇڭ جۇڭشۇ كۆرسەتكەن تەدبىرلەردە سوغدىيانا تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۇ خەن سۇلالىسى بىلەن ئەڭ بالدۇر مۇناسىۋەت ئورناتقان غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ بىرى»④ بۇ مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن «كانگا» (كانگىيە، قاڭقىلىمۇ دېيىلىدۇ) «سوغدىيانا» دېگەنلىك بولۇپ، «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئىزاھاتىدا، «سوغدىيانا (康居)-غەربىي ئەلدىكى قەدىمىي خانلىق. شەرقى ئۇيسۇنغا، غەربى ئائورسىغا، جەنۇبى چوڭ ياۋچىغا، شەرقىي جەنۇبى پەرغانىگە چېگراداش بولۇپ، تەخمىنەن بالقاش بىلەن كاسپىي ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ) دېيىلگەن. (خەنزۇچە «سىخەي» 1965-بەت). يەنە «خەننامە: پەرغانە تەزكىرىسى»دە «ئائورسىي كانگانىڭ شەرقىي شىمالىدىن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى ئەل بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن كانگالىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن»⑤ دېيىلگەن بولۇپ، «غەربىي ئەل يەر نامىلىرى»دا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «ئائورسى ئالان ئەنسەي-سوغدىلارنىڭ قەدىمكى ئىسمى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۆز دەۋرىدىلا بۇلار شىمالىي كاۋكاز، دون دەرياسىنىڭ شىمالى ئېقىنى بويلىرىدا ياشىغان تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىدى» دېيىلىدۇ. يەنە «خەننامە: پەرغانە تەزكىرىسى» دە «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ

تىللىرى گەرچە ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن بىردەك ئىدى. ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقۇشاتتى. بۇ دۆلەتتىكى ئادەملەر ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇپ، سودىگەرچىلىككە ماھىر ئىدى»⑤ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتنىڭ بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن (⑤) نەقىل بىلەن كەم دېگەندە، بىر جايىدا ئوخشاشلىق بار. يەنى «كانگا» (كانگىيە)... شەرقىي جەنۇبى پەرغانىگە چېگراداش» بولسا، (⑥)دىكى «ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش... ئادەملىرى ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇپ، سودىگەرچىلىككە ماھىر» بۇ دۆلەت بولسا، پەرغانىنىڭ غەربىدە. دېمەك، سوغدىلار ئۆزىگە قوشنا بولغان پەرغانە، ئارشاكلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش، بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقۇشالايدىغان ھالدا ياشىغان. خەن سۇلالىسى تارىخ كىتابلىرىدا سوغدىيانا ئومۇمەن «كانگا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، شۇ بويىچە خاتىرىلەنگەن. «خەننامە: غەربىي يۇرت (قورىغار) تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ‹يىپەك يولى› توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردا بەنگو قەدىمكى ‹يىپەك يولى› نى شەرھلەپ كېلىپ، «شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگا ۋە ئورسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ»⑦ دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدىيانا-كانگا دەپ ئاتىلىپ، سوغدىلار ‹يىپەك يولى› ئۈستىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل مەملىكەتتە ياشىغان. «خەننامە: غەربىي يۇرت (قورىغار) تەزكىرىسى»دە يەنە، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىكى بەگلەرنىڭ خىزمەتلىرى بايان قىلىنىپ: «بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان چېرىكلەر قورۇقچىبەگكە قارايتتى؛ قورۇقچىبەگ ئائورسى، كانگا قاتارلىق چەت ئەللەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى»⑧ دېيىلگەن. يەنە، «خەننامە: غەربىي يۇرت (قورىغار) تەزكىرىسى»دە «خان خەن ۋۇدى جاۋپونى باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرىنى غەربتىكى قۇس بەگلىكى (تۇرپان بەگلىكى)گە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىپ كېلىپ «جاۋپونى ئالدى بىلەن يېنىك قوراللانغان 700 چەۋەنداز بىلەن كىرورانغا بېرىپ ئۇنىڭ بېگىنى ئەسىر ئالدى، ئارقىدىنلا قۇس بەگلىكىنى تارمار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قۇدرىتى ئائورسى، پەرغانە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى

خانلىقلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى»⑨ دەپ بايان قىلىنغان. گەرچە بۇ مەلۇماتتا «ئائورسى، پەرغانى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىقلار» دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق پەرغانە، ئائورسى خانلىقلىرىغا قوشنا بولغان كانگا (سوغدىيانا) تىلغا ئېلىنمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ «خەننامە: غەربىي يۇرت (قورىغار) تەزكىرىسى» بابىنىڭ ئاخىرىدا غەربىي يۇرتتىكى خانلىق ۋە بەگلىكلەر تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىپ: «كانگا (سوغدىيانا) خانلىقى-قىشلىق پايتەختى لېيۆنى بۇ يەردىن بېيتىيەن شەھرىگە (كانگا خانلىقىنىڭ بىر شەھرى) بارىدۇ. بېيتىيەن شەھرىنىڭ چاڭئەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 12 مىڭ 300 چاقىرىم بولۇپ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ. بېيتىيەندىن لېتۆنگە ئاتلىق يەتتە كۈنلۈك يول. يازلىق پايتەختى پاننى شەھرى، ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 9 مىڭ 140 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 120 مىڭ تۈتۈن 600 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىق ئادىمى 120 مىڭ نەپەر، شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5 مىڭ 550 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۆرپ-ئادىتى توخرىلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. كانگا خانلىقى شەرقتىكى هونلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ياشايدۇ»⑩ دېيىلگەن. «خەننامە: غەربىي يۇرت ‹قورىغار› تەزكىرىسى (Ⅱ)»دە يەنە «غەربىي يۇرتتا جەمئىي 50 بەگلىك بار ئىدى... كانگا (سوغدىيانا) ئۇلۇغ توخرىيلار، ئارساك، كەشمىر، بەلۇجىستان قاتارلىق بەگ-خانلىقلار خەن سۇلالىسىدىن ناھايىتى يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى 50 بەگلىك ئىچىگە كىرمەيتتى»⑪ دېيىلگەن. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئارىلاشقان بايانلاردىن، كانگا (سوغدىيانا) خانلىقىنىڭ ئاھالىسى كۆپ، شەھەرلىرى تولا ۋە ئاۋات ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىغا قارام بولمىغان، هونلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدىكى مۇستەقىل بىر خانلىق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئوڭايلا بىلىۋالالايمىز. بىراق، شۇنداقتىمۇ، كانگا (سوغدىيانا) خانلىقى خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆزئارا سوغات ئەۋەتىشىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدىمۇ، خەن دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە ئانچە-مۇنچە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «كېيىنكى خەننامە: غەربىي يۇرت تەزكىرى» دە «سوغدىيانا خانلىقى كانگا خانلىقىغا قارام. بۇيەردىن داڭلىق ئات، كالا، قوي چىقىدۇ، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر بار. بۇ يەرنىڭ يەر-سۈيى ياخشى. شۇنىڭ

ئۈچۈن، بۇ يەردىن چىققان ئۈزۈم شارابلىرى ئىنتايىن داڭلىق»⑫ دېيىلگەن. گەرچە بۇنىڭدا سوغدىيانا بىلەن كانگادىن ئىبارەت بىر مەملىكەتنى بىلدۈرىدىغان، ئەمما ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىر ئىسىم بىر-بىرىگە قارام، دەپ ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇلۇشتەك خاتالىق سادىر قىلىنغان بولسىمۇ، (بۇنىڭ «كېيىنكى خەننامە»نىڭ ئەسلىي تېكىستىدىكى خاتالىق ياكى تەرجىمانلارنىڭ خاتالىقى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، نەقىلگە ئۆز ئەينى ئېلىندى) لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن، غەربىي يۇرتنىڭ زور ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلىرى بولغان داڭلىق ئات، كالا، قوي ۋە ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىرى ھەم ياخشى ئۈزۈم شارابى قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر سودىگەرلەردىن بولغان سوغدىلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارنىڭ داۋاملىق سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىنكى خەن دەۋرىدىن كېيىن، سوغدى دېگەن نام جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە توققۇز غۇز، توققۇز جاۋۇپ ياكى توققۇز ئورۇقلۇق خۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن ھەمدە سوغدىيانىلىق ئەلچىلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى مىلادىنىڭ 16-يىلى (تيەنفىڭنىڭ 3- يىلى) ۋاڭ ماڭ شىن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى شەرقىي خەن ۋە 16 بەگلىك دەۋرلىرىدىن تاكى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغىچە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدا تىلغا ئالغۇدەك چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ دەۋرلەردە سوغدىلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سودا-سېتىق ۋە مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا «ۋېينامە» «سوغدىلار دۆلىتى»، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت توغرىسىدا رەسىملىك خاتىرە» (بۇ كىتابنى پېيجۈي دېگەن كىشى يازغان). ۋېي خېي يازغان «غەربىي تاڭغۇت توغرىسىدا خاتىرىلەر»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»... قاتارلىق كىتابلاردا سوغدىلار ھەققىدە

كۆپلىگەن مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «خەن-ۋېي-تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار دەل سوغدىلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار بەزىدە «توققۇز ئۇرۇقلۇق خۇ»، «توققۇز جاۋۇپ» دەپمۇ ئاتالغان»[13]، يەنە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97-جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «سوغدى خانلىقى-ئاستانىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىدە، قەدىمكى كاڭگىيىنىڭ زېمىنى، شەھەر سەردارىنىڭ پامىلىسى جاۋۇپ، كاڭگىيە شاھىنىڭ جەمەتىدىن»[14] دېيىلگەن. قىسقىسى، تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە، ھەتتا ئەرەب، پارس ۋە ياۋروپا تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «توققۇز ئۇرۇق»، «توققۇز جاۋۇپ»، «خۇ»، «خۇلار»... دەپ ئاتالغان قوۋم، قەبىلە، خەلق ياكى مىللەت دەل سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا ئومۇمەن ئېتىراپ قىلىنغان مەسىلە بولۇپ، جۇڭگو تارىخشۇناسى سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرى، دەل مۇشۇ توققۇز غۇزلار، يەنى توققۇز جاۋۇپ، توققۇز ئۇرۇقلۇق خۇ - سوغدىلار ھەققىدە بىر قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، سوغدىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇكەممەل ئەسەر، دەپ قاراشقا بولىدىغان كىتابتۇر.

سوغدىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ۋە ئەتراپىدىكى ھەرخىل تىل، ھەرخىل ئېرىققا مەنسۇپ خەلقلەر بىلەن ھەممىدە ئۇلار قۇرغان خانلىق-دۆلەتلەر بىلەن قاندىلق مۇناسىۋەتتە بولغان بولسا، ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى پايانسىز يايلاقلاردا قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسىغا ئوخشاش چوڭ دۆلەت، كۈچلۈك سۇلالىلەر بىلەن دائىم تىركىشىپ تۇرىدىغان، «مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ئۆزىنىڭ كۈشەندىسىگە ئايلانغان سىيانپىلار تەرىپىدىن بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلاردىن غەربكە قوغلىۋېتىلىپ، بىر ئەسىردىن كېيىن، ئاخىرى سوغدىيانانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سىر دەريا يايلاقلىرىدا پەيدا بولغان ھونلار»[15] بىلەنمۇ ئوخشاشلا ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، ھەتتا بەزىدە ھونلارغا قارام بولغان. كېيىنچە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەت ۋە قېزىلما يادىكارلىقلارنىڭ سوغدىلارغا تەۋە بولغانلىرى

بۇ پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئەمما، بۇ ھەقتىكى مىسالىي تەپسىلاتلارنى باياننىمىزنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز.

تارىخ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىزگىنى تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىلادى 551-يىلىدىن 744-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن كۆك تۈرك خانلىقى ھون ئىمپېرىيەسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ئەڭ قۇدرەتلىك خانلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. كۆك تۈرك خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان سوغدىلار مۇشۇ كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىدە بولدى، سوغدىيانا ۋادىسى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن «سوغدىلار غەربىي تۈرك يابغۇلۇقى زامانىدىلا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە جەلپ قىلىندى»⑱. سوغدىلارنىڭ كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى بۇ خانلىق زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان مەزگىللەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تەۋرەنمەس نامايەندىسى بولغان «مەڭگۈتاش» ئويمىلىرىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى «مەڭگۈ تاشلاردا كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، مەڭگۈ تاشلار ـ كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خاقانلىقلارنىڭ نەسەبنامىسى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋەتلىرى، قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، ياشىغان جايلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە بىزنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ». مەسىلەن: «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» جەنۇب تەرەپ 46، 47، 48-قۇرلاردا بىلگە تۇنيۇقۇقنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى تەسۋىرلىنىپ كېلىپ، «ئىنەل خاقان... ساقا (ساكلار)، تەزىك (تاجىكلار)، توقرىي (توخرىلار) ۋە شۇيەردە ئولتۇراقلاشقان... باشچىلىقىدىكى سوغداق خەلقىنىڭ ھەممىسى ئەل بولۇپ، يۈكۈندى... تۈرك خەلقى تۆمۈر قاپىقىغا (سەمەرقەنت بىلەن بەلخ ئارىلىقىدىكى بوزقالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل) ۋە (تەگرى ئۇغلى) دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغانىدى. مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق ئۇ يەرگە يۈرۈش قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلار (سوغداقلار) سانسىزلىغان سېرىق

ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز-ئاياللارنى، ئىپسىل ئىپەك-جابدۇق ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى»⑰ دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن بىلگە تۇنيۇقۇقنىڭ 716-يىلى قاپاغان خاقان بىلەن بىرلىكتە تۈرك خەلقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە سوغدىلارنىڭمۇ تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرەپ 39-قۇردا: «بىز يەنە سوغداقلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، يىنچۈ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تا تۆمۈر قاپقىغىچە يۈرۈش قىلدۇق»، دېيىلگەن بولسا، يەنە شۇ مەڭگۈ تاشنىڭ غەرب تەرەپ 1-جۈملىسىدە «غەربتىكى سوغداقلار ئاسىيلىق قىلدى»⑱ دېيىلگەن. كۈلتېكىن تۈرك خاقانلىرىدىن بىلگە خاقاننىڭ ئىنىسى بولۇپ (مىلادى 731-يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان) بىلگە خاقاننىڭ تابىغاچلار ۋە باشقا ئاسىيلىق قىلغان خەلقلەرنىڭ ھۆججۈمىنى تارمار قىلىشتا كارامەت باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا، تۇنيۇقۇق زامانىسىدا كۆك تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن سوغدىلارنىڭ بىلگە خاقان زامانىسىغا كەلگەندە، خاقانلىققا ئاسىيلىق قىلغان ۋە يەنە بەيئەت قىلدۇرۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ۋە «بايانچۇر ( I ) مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردىمۇ بىلگە خاقان ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە خاقانلارنىڭ سوغدىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. دېمەك، كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە سوغدىلار قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقىغا پات-پات قارشى چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرغانىدى.

مىلادى 600-يىلىغا كەلگەندە، تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ بەرباتلىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. 646-يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان يەنە بىر كۈچلۈك خانلىق ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بارا-بارا قۇدرەت تېپىپ، سابىق تۈرك خانلىقىنىڭ زور كۆپ قىسىم تېررىتورىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ دەۋردىكى سوغدىلار بولسا، دەل مۇشۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم

روللارنى ئوينىغانلىقى شۈبھىسىز. گەرچە سوغدىلار بۇ خانلىقنىڭ سىياسىي، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۆزىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ۋە مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدا قەدىمكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن خېلى بۇرۇنلا ئولتۇراق ھاياتقا قەدەم قويغان ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان سوغدىلاردىن تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆزلەشتۈرۈپ، قىسمەن ئولتۇراق ھاياتقا قەدەم قويدى. ئەڭ مۇھىمى، گەرچە ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق، سىياسىي كۈچ جەھەتلەردە ئۆزىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغان سوغدىلارنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلدى، مىلادى 240-يىللىرى ئەتراپىدا ئىراندا پەيدا بولغان مانى دىنىنىمۇ ئۇيغۇرلار مۇشۇ سوغدىلار ئارقىلىق قوبۇل قىلدى.

سوغدىلار ئەزەلدىنلا سودىگەرچىلىككە ماھىر خەلق بولۇپ، ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىكى مۇشۇ سوغدىلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنتايىن زور دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى.

ئۇيغۇر تارىخىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىلادى 840-يىلىغا كەلگەندە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى قىرغىزلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكي قىسمىدا يۈز بېرىشكە باشلىغان ھاكىمىيەت تالىشىش زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خانلىققا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 845-يىلىغا كەلگەندە، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋە بۇ خانلىققا تەۋە بولغان بارلىق خەلقلەر بىرلىكتە غەربكە، ئۆز قېرىنداشلىرى ياشاۋاتقان تارىم ۋادىسى، خېشى كارىدورى ۋە ھىنگان تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە قاراپ كەڭ كۆلەملىك كۆچتى. دەل مۇشۇ بۈيۈك كۆچۈشتە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى سوغدىلارمۇ بىللە كۆچتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغان تۈركلىشىش جەريانى تېخىمۇ تېزلەشتى. بۇ ھەقتە مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئۆزىنىڭ «سوغدىلارنىڭ ئىپتىك ۋارىسلىرى» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى

ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان، 54 ـ بەت) ناملىق ماقالىسىدە ئەتراپلىق توختالغان.

دەرۋەقە، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادى 850 ـ يىلىدىن 1312 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى(مىلادى 850 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 870 ـ يىلىدىن 1036 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇردى. سوغدىلار مۇشۇ خانلىقلارنىڭ هەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي رولىلارنى ئوينىدى. بۇ خانلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر بۇرۇنراق قۇرۇلۇپ، هەممىدىن ئۇزۇن هۆكۈم سۈرگەن خانلىق قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئاساسلىق خەلقى سوغدىلار، تۈركلەر ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىدى. «بۇ يەرنىڭ تۈپ ئاهالىسى ـ ئىران تىل سىستېمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرى هەمدە بۇ يەرگە خېلى كېيىن، يەنى V ـ IV ئەسىرلەردە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سوغدى جامئەسىنىڭ ئەۋلادلىرى. ئۇلار كېيىنرەك كەلگەن قارلۇق، باسمىل ۋە چۆل تۈكلىرى تەرىپىدىن خېلى دەرىجىدە تۈركلەشتۈرۈلدى. مانا بۇ جايلاردا خېلى ئۇزۇن سانغا ئىگە بولغان تىلى تۈركلىرىنىڭ پەيدا بولىشى، بۇ يەردىكى ئاهالىنىڭ تۈركلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ۋە تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت ئاهالىنىڭ هازىرقى ئۇيغۇر (يېڭى ئۇيغۇرلار) نامىنى ئالغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»⑲. رۇسىيە ئالىمى مالياۋكىننىڭ بۇ بايانلىرىنىڭ ئۆزىدىن سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا بۇ جايلاردا ئۇيغۇر، سوغدى ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن مالياۋكىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقات ساھەسىدە، مىلادى 840 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، يەنى ئۇيغۇر قاتارلىق ئورخۇن بويىدىكى خەلقلەر غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالىدا، يەنى تارىم ۋادىسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئەمما، بىز ئۇنىڭ بايانلىرىدىكى سوغدىلارغا مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىمىز. ئەلۋەتتە، مالياۋكىننىڭ سوغدىلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن

كۆرە، بۇ جايلاردا، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا مىلادى V ئەسىردىن بۇرۇنلا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار، سوغدىلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر بار ئىدى، دېگەننى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، تۇرپاندىكى قاراغوجا خارابىسىدىن تېپىلغان سوغدىچە خەت يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەر يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. يەنە خەنزۇچە مەنبەلەردىن «بەش سۇلالە تارىخى»، «كېيىنكى بەش سۇلالە تارىخى» قاتارلىقلاردىمۇ سوغدىلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچىلەر كەلگەنلىكى توغرىسىدا بايانلار بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۇستىدە گەپ بولغاندا، ئۇلار ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى توققۇز ئۇرۇقتا بۆلۈنگەنىدى، دەپ كەڭ بايان قىلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە»دە بائىرقۇلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ئۇستىدە سۆزلىنىدۇ، «كىتابلار جەۋھىرى» قامۇسىدا تۇڭرالارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ئۇستىدە ئىككى يەردە بايان قىلىنىدۇ. (تېلى قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بائىرقۇ ۋە تۇڭرالار ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى تەركىبىدە ئىدى). «كونا تاڭنامە»دە «باسمىللارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى»نىڭ تۈركلەر خاقانى ئۆزمىسقا قىلىنغان ھۇجۇمى سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن قوچو خانلىقىنىڭ زېمىنى لياۋ سۇلالىسىگە قارايتتى، شۇڭا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا تاتارلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى ئۇستىدە سۆزلىنىدۇ. (كولتېكىن ئابىدىسىدىمۇ «توققۇز ئۇرۇق»دېگەن گەپ ئىككى يەردە ئۇچرايدۇ). دېمەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا سوغدىلارنى «توققۇز ئۇرۇقلۇق خۇ»دەپ كۆرسىتىش ئومۇملاشقان. قىسقىسى، سوغدىلار V ـ IV ئەسىرلەردىلا تارىختا مەشھۇر بولغان «يىپەك يولى» لىنىيەسىنى بويلاپ يۇرۇشۇپ، چوڭ كۆچۈشتىن خېلى بۇرۇنلا مەركىزىي ئاسىياغا كېلىپ يەرلەشكەنلىكى ئېنىق.

بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى تارىم ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدا سوغدىلارنىڭ مۇئەييەن ئىزلىرى قالغان. «ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، سوغدىلارنىڭ شەرققە كېلىشتە چوقۇم ئۆتىدىغان يولى ‹يىپەك يولى› ئۇستىدىكى مۇھىم شەھەرلەردە ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قېلىشى تەبىئىي ئىدى»⑳. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاياتىدا سوغدىلار خېلى چوڭ رول ئوينىدى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەزەلى ئۇيغۇرلار بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان

قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشتى (قوشۇلدى، بىرلەشتى).

IX ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا تازا گۈللەپ راۋاجلانغان ۋە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان قۇدرەتلىك خانلىق قاراخانىيلار خانلىقى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىدىكى سوغدىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «ھۇددۇدۇلئالەم»لەردە تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ بەش كەنتى بولغان، يەتتە سۇ، تەڭرى تېغىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى، لوپنۇر رايونى، تاڭغۇت يولى (خېشى كارىدورى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان»(21). ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «سوغداق ـ بالاساغۇنغا كېلىپ جايلاشقان بىر قوۋم. ئۇلار سوغدىلاردىن بولۇپ، بۇخارا بىلەن سەمەر قەند ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۇلار تۈركلىشىپ كەتكەن»(22) دېيىلىدۇ. يەنە ئاكادېمىك بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچى قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان قارلۇقلار توغرىسىدىكى بابىدا: «ماۋەرائۇننەھىر خەلقى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ئۇستا بولۇش بىلەن دائىم پەرقلىنىپ تۇردى. ئۇلار ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈرلۈك ئورۇنلىرىدا سودا قىلىدىغان جايلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. سوغدىلىقلارنىڭ سودا ـ سېتىق ئېلىپ بارىدىغان جايلىرى قاتارىدا تۈركىستاننىڭ (شىنجاڭنىڭ) ئەڭ يىراق قىسمى بولغان توققۇزغۇز يەرلىرىمۇ بار ئىدى»(23) دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى «توققۇزغۇز يەرلىرى» دەل قاراخانىيلارنىڭ شەرقتىكى يىراق چېگرالىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدىن سوغدىلارغا مۇناسىۋەتلىك تۇتاملىقراق مەلۇماتلارنى تاپماق تەس. چۈنكى XI ـ XII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى سوغدىلار ئاساسەن تۈركلىشىش جەريانىنى تاماملاپ بولغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدا، قاراخانىيلارغا دائىر مەلۇماتلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىيلار تازا گۈللەنگەن مەزگىللەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى خارابلىققا يۈزلىنىشكە باشلىغان بولۇپ، بەش دەۋر، كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى

خەن قاتارلىق خانلىق-بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ تاكى 960-يىلى سوڭ سۇلالىسى قۇرۇلغىچە ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربتىكى قوشنىلىرىدىن بىرى بولغان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا چولىسى تەگمىدى. شۇڭداقتىمۇ، «بەش دەۋر تارىخى»، «كېيىنكى بەش دەۋر تارىخى» قاتارلىق مەنبەلەردە غەربتىكى خانلىقلاردىن سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر قىسىم جايلارغا بېرىپ سودا-سېتىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى تېرمىنلار ئۇچرايدۇ.

ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى خاتىرىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇلار سوغدىيانا رايونىنىڭ قاراخانىيلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ دەۋردە قاراخانىيلارغا تەۋە، ئاساسەن تۈركلىشىپ بولغان سوغدىلارنى تۈركلەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىم تىلغا ئېلىپ ئولتۇرماستىن، ھەممىسىنى تۈرك دەپ ئاتاپ كېتىۋەرگەن.

شۇڭداق قىلىپ، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان يەنە بىر خانلىق گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، بۇ خانلىقتىكى سوغدىلارنىڭ پائالىيەتلىرى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولغان. يەنە كېلىپ «سوغدىلار ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىلەنمۇ، ئاھالىلەر بىلەنمۇ ئوبدان مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئەلچىلىكلىرى تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان سوغدىلارنىڭ بارلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ، بەلكىم مۇشۇ پاكىت ئۇيغۇرلار دۆلىتىدە سوغدىلار رولىنىڭ ئۆسۈپ بارغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەھەر مەركەزلىرىدىكى بىرىنچى نۆۋەتتە دۇنخۇاڭغا كەلگەن سوغدىيانىلىق ئاھالىلەر ئۇ يەرگە يىغىلىدىن كەلگەن سوغدىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى ھاكىمىيەت ساۋ فامىلىلىك سوغدىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. شۇڭداق قىلىپ، نەنسەن تېغى ئېتىكىدىكى بەك مۇھىم سودا مەركىزى ۋە دىنىي ئىبادەت مەركىزى بولغان دۇنخۇاڭ شەھرىدە تىبەت دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلى چىققان بولسا، ئەمدىلىكتە بۇ شەھەر سوغدىلارنىڭ نازارىتىدە بولۇپ قالدى. نەنسەن تېغى

ئېتەكلىرىدىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ تەخمىنەن شۇچاغلاردىكى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا كېرەك. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دە «باشقا شەھەرلەر چان ۋە خۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى» دەپ كۆرسىتىلىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلاشقا ياردەم قىلىدۇ. «خۇ» ئاتالغۇسى دەسلەپتە، ئومۇمەن شەرقتىكى (ياۋايىلار)نى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچىرەك بۇ ئاتالغۇ ھونلارنى، سىيانپىيلار، قاڭقىللارنى ۋە باشقىلارنى ئىپادىلەيتتى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ تېرمىن پەقەت سوغدىلارنىلا كۆرسىتىپ كەلدى. شۇڭا، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»دىكى «خۇ» تېرمىنى سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك»(24). خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىنكى سوغدىلارنى يەنىلا «خۇ» دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەشكە بولىدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى بۇ يەرلەردە سوغدىلار تۇرىدىغان خېلى كۆپ ئورۇن-جايلارنىڭ بولغانلىقى ئارخېئولوگىيە ئىلمى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان بولغاچقا، كىشىلەردە ھېچقانداق گۇمان قوزغىمايدۇ. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە پەيدا بولغان سوغدىلار ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى جۇڭگوغا يېقىن بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدە تۇرۇپ بەزى بەگلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ ئۆز قولىغا ئېلىپ، باشقۇرغان ۋە بۇ خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

مىلادى Ⅰ ئەسىرلەردىن، مىلادى Ⅶ-Ⅷ ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا چوڭ رول ئوينىغان سوغدىلار، سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنبەت سوغدىيانا تۇپرىقىدا ياشاپ كېيىنچە ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەن، بۇ خەلق، ئومۇمەن شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ بىرىدە سۆزلىشىدىغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىسمۇ، لېكىن ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەممە جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. Ⅻ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ⅩⅢ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن

كېيىن سوغدى دېگەن نام تارىخ بېتىدىن تامامەن ئۆچتى.

## سوغدىيانا مەدەنىيىتى

بايانىمىزنىڭ بېشىدا سوغدىلار ياشىغان زېمىنلارنىڭ سوغدىيانا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. سوغدىلار مۇشۇ مۇنبەت سوغدىيانا تۇپرىقىدا ياشاپ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كېيىنكى مەدەنىي ۋە مەنىۋى، ماددىي ھايات-تەقدىرىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك مول مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنىڭ مىللەت نامى ۋە ياشىغان زېمىنىنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ سوغدىيانا مەدەنىيىتى دېيىلىدۇ.

سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ بۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەڭ ئاكتىپ مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلارنىڭمۇ بىرى ئىدى. شۇنى دەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇرلار مۇشۇ سوغدىلارنىڭ بىردىن-بىر ئىزنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سوغدىلارنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھېلىھەم ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. قىسقىسى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا، سوغدىلار مۇھىم ئىزنىڭ قاتلام سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تېز قوبۇل قىلىش، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە ھۈنەر-سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك، شۇنداقلا سودا-تىجارەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار قاتارلىق ئاكتىپ ئامىللارنىڭ يېتىلىشىدە سوغدىلار ئېرسىي ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىدى»(25).

دەرۋەقە، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى. شۇڭا، مەيلى غەربتە، مەيلى شەرقتە پەيدا بولغان دىنلار بولسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن ھەممىسى ئەڭ ئالدى بىلەن سوغدىيانادا قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن باشقا جايلارغا تارقالاتتى. مەسىلەن، باكترىيەدە مەيدانغا كەلگەن

زارو ئاستىر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك) ئاخمىدلار سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئىران مىللەتلىرىگە ئەڭ ئاۋال تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «زېند ئاۋستا»دا قەيت قىلىنغان سوغدىيانا، مەرغىيانا (خۇراسانىنىڭ كونا نامى)، باكترىيە، ھېركانىيە، پەرغانە قاتارلىق جايلارنىڭ مۇشۇ دىن مۇرىتلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدىن قارىغاندا، «...بۇ دىن ئىجاد قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سوغدىياناغا تارقالغان»(26). ئاندىن سوغدى دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە سوغدى سودىگەرلىرى، كۆچمەنلىرى ئارقىلىق ئاسىيانىڭ شەرقىگە ۋە شەرقىي شىمالىغا تارقالغان. مەسىلەن، «شىمالىي ۋېي دەۋرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جۇڭگو زېمىنىدىكى زاروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ راھىبلىرى سوغدىلاردىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بۇ دىنىنى باشقۇرغۇچىلارمۇ تامامەن دېگۈدەك سوغدىلاردىن بولغان، بۇ راھىب ۋە باشقۇرغۇچىلار سۇلالە ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن ۋە يۇقىرى مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولغان. «سۇينامە» 28-جىلد «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»دە: «شۇ چاغدىكى راھىبلار بىلەن دىنىنى باشقۇرغۇچى سوغدى ئەمەلدارلىرى 7-، 9- ۋە 11-دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ۋالىي دەرىجىلىك مەنسەپلەر ئىدى»(27) دېيىلىدۇ.

مىلادى ئەسىردە ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنىمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن سوغدىلارنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان باكترىيەگە، ئارقىدىنلا سوغدىيانا زېمىنىغا كىرگەن. بۇددا دىنى سوغدىياناغا يەنە بىر چوڭ دىن مانى دىنى كىرىشتىن 270 يىل بۇرۇن پۇتلۇنلەي تارقىلىپ بولغان. بۇددا دىنىنىڭ سوغدىيانادىن شەرقتىكى باشقا مەملىكەتلەرگە قانداق تارقالغانلىقى توغرىسىدا تەخمىن قىلىش ئۇچۇن، ئاساسەن جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلىرىدە سەمەرقەنت ۋە سوغدى زېمىنلىرى «كانگىيە»، «كانگا» دېيىلەتتى. شۇڭلاقلا سوغدى سودىگەرلىرى ۋە سوغدى راھىبلىرىمۇ سوغدىيانانىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە ئۆز يۇرتلىرى نامىنىڭ باش ھەرپلىرىنى فامىلە قىلىپ خاتىرىلەيتتى. شۇڭا، جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا «... بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا جۇڭگوغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقان كىشىلەر كانگالىق (سەمەرقەنتلىك) راھىبلاردىن كاڭ جۈي، كاڭ مىڭ شاڭ، كاڭ

سىڭكەي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خەن، ۋېي خاندانلىقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇددىزم ساھەسىدىكى ئەربابلار ئىدى»(28). دېمەك، بۇددا دىنىمۇ ئەڭ ئاۋۋال سوغدىلار ئارىسىغا تارقالغان، ئاندىن سوغدى راھىبلىرى دىن تارقاتقۇچى ۋە تەرجىمانلار سۈپىتىدە جۇڭگوغا بېرىپ، بۇددا دىنى مەدەنىيەت-سەنئىتى ۋە بۇددىزم بىناكارلىقىنى كەڭ تارقاتقان، ھەتتا سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددىزم مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان.

مىلادى II ئەسىردە غەربىي ئاسىيادا (سۈرىيەدە) پەيدا بولغان مانى دىنى ئەڭ ئاۋۋال «... ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، يەنى ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدا توققۇز جاۋۇپ ياكى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا، ئاندىن ئىچكىرىي ئۆلكىلەرگە تارقالغان»(29). شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز جاۋۇپلار ئىچىدىن چىققان مانى دىنى راھىبلىرى، مۇدەررىسلىرى، تەرجىمانلىرى ۋە بىناكارلىرى ئاۋۋال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئاندىن شەرقىي، جەنۇبىي رايونلارغا مانى دىنىنى تارقاتقان ھەم بۇ جايلاردا مانى دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان. مىلادى 763-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مانىي دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، مىلادى 768-يىلى چاڭئەندە «ئۇلۇغ نۇرلۇق ئىبادەتخانا» دەپ ئاتىلىدىغان مانىي دىنى ئىبادەتخانىسىنى سېلىپ بولغىچە، سوغدىلار بۇگۇنكى خېنەن، تەييۈەن، شەنشى، سەنشى قاتارلىق جايلارغا ئالىقاچان 300 دىن كۆپ مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنى سېلىپ بولغانىدى. شۇڭا، دىن تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە جاي-جايلاردىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ راھىبلىرىنىڭ ھەممىسى سوغدىلاردىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىرىستىيان دىنى سوغدىياناغا باشقا دىنلاردىن سەل كېيىنرەك كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىن سوغدى مىسسىئونېرلىرى ئارقىلىق باشقا جايلارغا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. دەرۋەقە، سوغدىلار دەسلەپتە، خىرىستىيان دىنىنىڭ نىستورىي مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان ھەم سۈرىيە ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلغان بىر خىل سوغدچە خىرىستىيان ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

«نىستۇرىيان دىنىنىڭ ئېلىمزگە تارقىلىشىدىمۇ سوغدىلار ۋاستىلىك رول ئوينىغان. خىرىستىيان دىنىنىڭ نىستۇرىيان (Nestorianism) مەزھىپىنى مىلادى 635-يىلى سۈرىيەلىك ئادام (Adam) دېگەن كىشى تۇنجى قېتىم جۇڭگو (چاڭئەن)غا تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى جاي-جايلارغا تارقىتىش، مۇرىت توپلاش، چېركاۋ سېلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش ئىشلىرى ئاساسەن توققۇز جاۋۇپ كىشىلىرىدىن بولغانىكەن. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «داكچىن خىرىستىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش ئابىدىسى» دىكى مەلۇماتلاردا (ئابىدە ئېگىزلىكى 2.36 مېتىر، كەڭلىكى 1.86 مېتىر، قېلىنلىقى 0.25 مېتىر بولۇپ، ئۈستىگە كرىست بەلگىسى، يۈزىگە سۈرىيە يېزىقىدا 1780 خەت ئويۇلغان)غا ۋە باشقا مەنبەلەرگە قارىغاندا، مىلادى 638-يىلى سوغدىلاردىن بولغان نىستۇرىيان دىنى پوپلىرى چاڭئەن شەھىرىگە بىر نىستۇرىيان دىنى چېركاۋى سالغان ھەم سوغدىلاردىن بولغان مۇدەررىسلەر 21 كىشىگە يەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سوغدىلار ئوتتۇرا، جەنۇبىي ۋە شەرقىي جۇڭگولارغىمۇ نىستۇرىيان دىنىنى تارقاتقان ھەم 60 نەچچە چېركاۋ سالدۇرغانىكەن»(30). ئەلۋەتتە، سوغدىياناغا ئەڭ يېقىن، ھەتتا سوغدىلار ماكانلاشقان ئوتتۇرا ئاسىياغا بۇ دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىدىنمۇ بۇرۇن ۋە كەڭرەك تارقالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، سەمەرقەند، بۇخارا ئەتراپلىرى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خىرىستىيان دىنىغا ئائىت كۆپلىگەن سوغدىچە پىراگمېنتلار (كەمتۈك ۋاراقلار) بۇ دىنىنىڭ سوغدىلار زېمىنىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خېلى مۇكەممەل ئېتىقاد ئاساسىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بولىدۇ.

مىلادى 670-يىلى ئەرەب غازاتچىسى ئەل ھەكىم تۇنجى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. بۇنىڭدىن 40 يىل ئۆتۈپ ئىبنى قۇتەيبە سوغدىياناغا يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سوغدىلاردىن بولغان سەمەرقەنت شاھى گۇلاھ شاھ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئەرەب قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ، «گۇلاھ شاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەمدە شەھەر سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى سەمەرقەنتتىن ئايرىلىپ، سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن تۆت پارسا (تەخمىنەن 24 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايغا

قايتا فىرانكاز شەھىرىنى قۇرىدى»(31). ئىبنى قۇتەيبە گۇلاھ شاھنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، سوغدىيانا پايتەختى سەمەرقەنتتە ئىنىسى ئابدۇللا راخماننى ھاكىم قىلىپ قالدۇرۇپ، داۋاملىق شىمالغا ئىلگىرىلەپ، شىمالدىكى تۈركىي مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغان، ئۇنىڭ قوشۇنىدا ناھايىتى كۆپلۈك ۋە باتۇر سوغدى ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، سوغدىلار ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خەلقلەردىن تەخمىنەن يۈز يىل بۇرۇنراق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

تۈرمۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردىن خېلى بۇرۇنلا ئولتۇراق تۈرمۇشقا قەدەم قويغان ۋە سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «خەننامە» 96ـ جىلد «غەربىي يۇرت (قورىغار) تەزكىرىسى»( I )دە «كانگا خانلىقىدا بەش كىچىك بەگلىك بار: بىرىنچىسى كىش بەگلىكى ـ مەركىزىي شەھىرى سەبىز بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە (ئۇرىياپ ـ بۇگۇر)5776 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8025 چاقىرىم كېلىدۇ. ئىككىنچىسى كوشانىيە بەگلىكى، مەركىزى كوشان شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5767 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8025 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۈچىنچىسى، تاشكەنت بەگلىكى مەركىزى بىنكەنت شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5266 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 7525 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆتىنچىسى، بۇخارا بەگلىكى، مەركىزى بۇخارا شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6296 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8555 چاقىرىم كېلىدۇ. بەشىنچىسى، ئۈرگەنچ بەگلىكى، مەركىزى ئۈرگەنچ شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6906 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8355 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ بەش بەگلىكنىڭ ھەممىسى كانگا خانلىقىغا قارايدۇ»(32)، دېيىلگەندىن باشقا يەنە «خەننامە»دە «كانگا خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى لېيۆنى، يازلىق پايتەختى فاننى» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، سوغدىيانا خانلىقىدا بەش بەگلىك، يەتتە مەركىزىي شەھەر بار بولغان. شەھەرـبەگلىكلەرنىڭ ئاھالىسىمۇ خېلى كۆپ، ئادەت بويىچە شەھەر خەلقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، قول سانائىتى بولسا، ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، سودىگەرچىلىك بىلەنمۇ ئاساسەن

ئۆزىنى قامداپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلىدۇ؟ سوغدىيانادىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ 65%-70% ئاھالىسى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەرىتىدىكى سوغدىيانا زېمىنلىرىگە قارايدىغان بولساق، يەر شەكلى ۋە كىلىمات جەھەتتىن چارۋىچىلىق ئېگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تازا باب كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار چوقۇم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. ئېرىشكەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سوغدىلارنىڭ شەھەر، قەلئەلىرىمۇ ناھايىتى كاتتا ھەم پۇختا قۇرۇلغان. مەسىلەن، گۇلاھ شاھ ئىبنى قۇتەيبە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن تاڭ پادىشاھى شۈەنزۇڭ (713-يىلىدىن 755-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)غا يازغان خېتىدە: «ئەرەب ئەسكەرلىرى ناھايىتى جىق بولغاچقا، بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىدۇق. ئەرەبلەر شەھەرنى قورشىۋالدى 300 دانە تاش ئېتىش ھارۋىسى بىلەن سېپىلنى ئۈچ يەردىن تېشىۋەتتى» («دىۋان مۇئەسسەسەسىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈكلىرى» 999-جىلد) (33) دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، سوغدىلار شەھەر سېپىلىنى ئىنتايىن پۇختا ياسىغان، ئېھتىمال سوغدىلار بىناكارلىق ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ماھىر بولسا كېرەك. چۈنكى سوغدى ئۈستىلىرى باشقا خانلىقلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. مەسىلەن، «كۆل بىلگە قاغان ئۇيغۇر خانلىقى پايىتەختىنى ئەسلىدە ئۆتۈكەن تېغى باغرىغا قۇرغانىدى. ئۇ 747-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئىككىنچى ئەۋلاد قاغان مويۇنچۇر سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سوغدىلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلدۇردى، بۇ شەھەردە كۆپىنچە قاغان جەمەتى ۋە باي سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ئۆتۈكەن تېغىدىكى بارگاھتىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىساد مەركىزى بولدى»(34) دېمەك، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۇستازى بولغان سوغدىلار دىن تارقىتىپلا قالماستىن، يەنە تېخىمۇ مۇھىم بولغان شەھەر مەدەنىيىتىنى يەتكۈزگۈچى ۋە تارقاتقۇچى بولغان. مەسىلەن، سوغدىلار يايلاقتىكى تۈركىي خەلقلەرگە بىناكارلىق بىلىملىرىنىمۇ تارقاتقان. «شەھەر» (kant) دېگەن تۈركىي سۆزلۈك سوغدى تىلىدىن كەلگەن»(35). ئۇنىڭ ئۈستىگە،

«سوغدىلارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى، ھەشەمەتلىك بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاتەشپەرسلىك دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا ئالتۇن-كۈمۈش، قاشتېشى ئىشلىتىلىپ، ئۆز دەۋرىدىكى بىناكارلىقنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئىمارەتلەرنىڭ نەقىش، بېزەكلىرى، لايىھەلىنىشى ھەم كۆركەملىكى بىلەن شەرق-غەرب ئەللىرىگە تونۇلغان. ئىمارەتلەر گېئومېتىرىك شەكىللەردە ياسالغان بولۇپ، نەقىش-بېزەكلەردىن باشقا گۈل-گىياھلار، بېلىق، ئات، قوي، ئادەم ۋە ئادەم باشلىق قۇشلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. خان ئوردىلىرى ۋە باي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرالغۇ ئىمارەتلىرى تېخىمۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، گويا ئەپسانىۋى ئەۋلىيالارنىڭ دەرگاھىدەك خىلمۇ خىل زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەن»(36). دېمەك، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان ياكى ئۆزى تەۋە بولغان خانلىقلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، سوغدىلار ئۆز زامانىسىدا، دۇنيا بويىچە سودا-سېتىققا ئەڭ ماھىر خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى. دېمىسىمۇ، سودا پائالىيىتى قەدىمكى زاماندا ھەممە مەدەنىيەتنى تارقاتقۇچى ۋاستە بولۇپ كەلگەن. خۇددى ماركس «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك: «پۇل فورماتسىيەسىنى ئەڭ بۇرۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر راۋاجلاندۇردى». ئەمما، سوغدىلار قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيەسىدە سودىغا ئەڭ ماھىر بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر تارىخىي تەتقىقاتىدا ئەڭ كۆپ ۋە مەركەزلىك تەتقىق قىلىنىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇشىغا قارىماي، سوغدىلار سودىگەرچىلىكىنىڭ باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلەر ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل بايان قىلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، باشقىلارنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ پىكىرىگە قارايدىغان بولساق، تارىخچى، تەرجىمان ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى «شىنجاڭ سودا-بازار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا: «سوغدىلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن مىلادىيە 10- ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق مەزگىلدە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىنى ئاساس

قىلغان سودا-سېتىق، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن داڭ چىقارغان»(37) دېسە، پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا: «سوغدىلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-5-ئەسىرلەردىن مىلادىيە 10-ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ، شەرق-غەرب سودا-تىجارەتچىلىك يولىدا ئاكتىپ ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىغان»(38) دەيدۇ. نېمىلا بولسۇن، سوغدىلارنىڭ سودا روھى ۋە سودا كاپىتالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. شۇڭا، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان «يىپەك يولى»نى بويلاپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتىكى «مەدەنىيەت توشۇغۇچى» مەشھۇر سودىگەرلەر بولۇپ قالغان. ھەتتا «سوغدىلار خېلى بىر مەزگىلگىچە باشقا مىللەتلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىزچىل ھالدا كەڭ رايونلاردىكى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ۋە سوغدىيانانىڭ شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، سودا-تىجارەت دائىرىسىنى توختىماي كېڭەيتىپ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان سودا پائالىيىتىنى كۈچەيتكەن، جۈملىدىن بىر مەزگىل يىپەك يولىدىكى سودا-تىجارەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالغان»(39).

بۇلاردىن باشقا، سوغدىلارنىڭ سودىگەرچىلىكى توغرىسىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك كۆپلىگەن ئالىملار ئۆز تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىدىن ئورۇن بېرىپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر مەلۇمات «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» ۋە «كونا تاڭنامە»دە بايان قىلىنغان قىزىقارلىق بىر ھېكايىدۇر. «(سوغدىلار) ئوغۇل كۆرسە ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قويۇپ، ئالقىنىغا يېلىم سۈركەپ قويىدۇ. بۇ چوڭ بولغاندا ئاغزى تاتلىق، پۇلنى خۇددى يېلىمدا چاپلاپ قويغاندەك تۇتسۇن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەممىسى دېگۈدەك خۇ يېزىقىنى (سوغدى يېزىقىنى) بىلىدۇ. سودىگەرچىلىككە بەك ئۇستا كېلىدۇ. بىر يارماق ئۈچۈنمۇ زېرىكمەي سودىلىشىدۇ. ئەرلىرى 20 يېشىدىن تارتىپلا چەت ئەللەرگە چىقىدۇ، جۇڭگوغىمۇ كېلىدۇ. پايدا چىقىدىغانلا يەر بولسا، بارماي قويمايدۇ»(40). بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ

دەۋرىدىكى مەشھۇر سەيياھ شۇەنزاڭ سوغدىلارنىڭ خاراكتېرى، سودىغا ماھىرلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيەچىسى ئاۋرېل ستەيىننىڭ لوپنۇر كۆلى ئەتراپلىرىدىن قېزىۋالغان سوغدى يېزىقىدىكى سودا پۈتۈكلىرى سوغدىلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سودا جەھەتتىكى ماھىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىقلار دىندۇر (بۇ سودا پۈتۈكى V ئەسىرگە تەۋە). سوغدىلار كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ سودا-تىجارەت ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماي، «يىپەك يولى» بويلىرىغا جايلاشقان ھەرقايسى شەھەر-بازارلاردا، ئۆتەڭ-ئۆتكەللەردە ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «ئۇيغۇر خانلىقىدا سودا تازا گۈللەنگەن، چوڭ تىپتىكى سودا بولۇپمۇ، خەلقئارا سودا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، شۇنداقلا شەرقىي شىمالدىكى قىتان، تاتار قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سودا-سېتىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوغدىلار ئۇيغۇرلارغا سودا-تىجارەتتىكى ئەپچىل چارە ۋە سودىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەتتى، ئۇلارنىڭ سودىغا بولغان قىزىقىشىنى ۋە سودا ماھارىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى»(41). ھەتتا سوغدى سودىگەرلىرى غەربتە سۈرىيەگىچە بارغان بولسا، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ مەشھۇر پايتەختى بولۇپ كەلگەن چاڭئەندىمۇ سوغدىلارنىڭ كارۋان سارايلىرى ۋە مەخسۇس سودا بازارلىرى بولغان. سوغدىلارنىڭ سودا-تىجارەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شەرق، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناسلىقى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىدىغان تېما بولۇپ قالدى.

يېزىق بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىپ، مەلۇم چەككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، سوغدىلار يېزىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلاردا مەلۇم ئوخشىماسلىق ۋە پەرقلەر بار. ياپونىيە ئالىمى يۇتىيەنخېڭ قاتارلىقلار سوغدى يېزىقىنى مىلادى I ئەسىردىلا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. ئەمما، جۇڭگو ۋە بەزى چەت ئەل ئالىملىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سوغدىلار مىلادى III ئەسىرگە كەلگەندىلا، ئاندىن ئىراندىكى ئاۋستا يېزىقى

ئاساسدا ئۆز يېزىقىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ يېزىق ئەرەمەي يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق، مەيلى نېمىلا بولسۇن، سوغدى يېزىقى شۇ دەۋردىلا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ بولغان. چۈنكى سوغدىلار ھىندى ۋادىسى، موڭغۇلىيە يايلاقلىرى، لوپنۇر كۆلى رايونىغا ئۆزلۈكسىز قاتناپ سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ يېزىقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا، يەنى «يىپەك يولى»دىن ئىبارەت خەلقئارالىق سودا-مۇئامىلە يېزىقىغا ئايلانغان. شۇنداقلا يېزىقىنىڭ ئاساسى بولغان تىل، يەنى سوغدى تىلىمۇ، «سودىغا ماھىر سوغداقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە ياشىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن»(42) بولغاچقا، سوغدى تىلى «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلاردا سوغدى تىلى قوللىنىلغان»(43). بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە، ئۆتكەن ئەسىردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش-قېزىشلار نەتىجىسىدە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن مىلادى V-IV ئەسىرلەرگە تەۋە سوغدىچە ۋەسىقىلەر، سودا پۈتۈكلىرى ۋە بۇددا نوملىرى تېپىلدى. تۇرپان، دۇنخۇاڭ ۋە قىزىل مىڭ ئۆيى تام رەسىملىرىدىمۇ سوغدىچە بېغىشلىمىلار بار.

قىسقىسى، قانداقلا بولسۇن، سوغدى يېزىقى كېيىنچە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان بولۇپ، بۇ يېزىق ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تەڭ قوللىنىلىۋەرگەن. ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن IX ئەسىرگە مەنسۇپ سوغدىچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئابىدىلەر تېپىلغان. مەسىلەن، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»نىڭ بىر تەرىپىگە سوغدى يېزىقى بىلەن خاتىرە پۈتۈلگەن.

سوغدىلار مەشھۇر يىپەك يولى بويلاپ توختىماي قاتراپ، سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا دىن تارقىتىش ۋە دىنىي دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەنمۇ كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان «سوغدىلار جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە بۇددا نوملىرى، نىستورىيان ۋە مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى. سوغدى يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئاز

ساندىكىلىرى سانسكرىت تىلى ۋە كوتسى تىلى (كۇسەن تىلى)دىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ۋىسانتارا سۇترا» جەمئىي 34 بەت، 1500 قۇر بولۇپ، بىۋاستە سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ «بۇددانىڭ ياخشى ـ يامانلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ۋە «ۋىمالاكىرتىزدىپساسۇترا» خەنزۇچە نۇسخىلاردىن تەرجىمە قىلىنغان. مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى پىراكرىت تىلى ياكى ئارساك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، Ⅷ ـ Ⅹ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە «گىگانت كىتاب»، «ئىۋاگلوم» قاتارلىقلار بار. نىستورىيان دىنىنىڭ يادىكارلىقلىرى قەدىكى سۇرىيە تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇرلىرى Ⅵ ئەسىرگە، ئەڭ كېيىنلىرى Ⅸ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرىدىن «يېڭى ئەھدى»نىڭ پىراگمېنتلىرى (كەمتۈك ۋاراقلىرى) ئۇچرايدۇ»(44). شۇنچە كۆپ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە ئۆزئارا ئالاقە ئىشلىرىدا ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن سوغدى يېزىقى بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قوللىنىلغان يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. «بۇ يېزىق شىنجاڭدا تەخمىنەن مىلادى ⅩⅢ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان»(45)، يەنى سوغدىلار بىر پۈتۈن ھالدا تۈركىي خەلقلەرگە سىڭىشىپ يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېزىقمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

سوغدىلار تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور شۆھرەت قازانغان. مەسىلەن، ««تەيپىڭ ھېكايىلىرى»نىڭ 89 ـ جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەندە شىپاخانا ئاچقان توققۇز جاۋۇپ غوزلىرى (سوغدىلار)دىن مۇجاۋسى باشقىلار ساقايتالمىغان ئېغىر بىمارلارنى مەخپىي رېتسىپلار بىلەن داۋالاپ پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇپ كەتكەن. «يېڭى تاڭنامە» 59 ـ جىلد «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ماغىيان خانلىقىدىن چاڭئەنگە بېرىپ شىپاخانا ئاچقان توققۇز جاۋۇپ غوزلىرىدىن مىسۇيى كۆز كېسەللىكلىرى ۋە قورۇق يىگنە بىلەن كېسەل داۋالاشتا چاڭئەندىكى تېۋىپلارغا ئۇستاز بولغان ھەمدە «دانىشگاھ ھەققىدە» ناملىق تېببىي ئەسىرىنى يېزىپ، يەرلىك تېۋىپلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن». يەنە «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يامراپ

كېتىپ، نەچچە تۈمەن ئادەم ئۆلگەن. شۇ چاغدا چاگئەندە شىپاخانا ئېچىپ داگق چىقارغان بۇخارالىق توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىدىن بولغان ئەنخۇي بىلەن كاگخۇي ئەپسۇن ئوقۇپ، ئاسماندىن چۈشۈرگەن خىسلەتلىك دورىسى بىلەن شەھەردىكى نەچچە تۈمەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىكەن».

«سوغدىلار مەدەنىيلىك جەھەتتە كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللارنى قازغان ھەم ئۇلارنى ئېرىتىش، ئايرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەن بايلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ھەتتا ئەرەب ئىستىلاسى دەۋرىدە سەمەرقەنتتە قوغۇشۇن تۇرۇبىلار ئارقىلىق شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ يەتكۈزۈش مەئەسسەسەلىرى بارلىققا كەلگەن، پار تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلغان. ئېرىتىپ ئايرىلغان مېتاللاردىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئائىلە جابدۇقلىرى ياسالغاندىن باشقا، ھارۋا، جەڭ قوراللىرى ھەم ئىپتىدائىي سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ ياسىغان. مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك تەرەققىي قىلغان. ماھىر سوغدى ھۈنەرۋەنلىرى ناھايىتى كۆركەم ئالتۇن بۇتلارنى ياساپ بازارلاردا ساتقان» (46). «خۇجەند ئەتراپىدىكى تاغلاردىن مىس ۋە كۈمۈش، بەدەخشاندىن لەئىل ۋە قىزىل ياقۇت قېزىلغان. تۆمۈر تاۋلاش ۋە ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، مىس قورال ياساش، شۇنداقلا باشقا قول سانائەت ئىشلىرى سوغدى خاندانلىقىدا كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن سوغدى كەنتلىرىدە زەرگەر ۋە ئۈنچە-مەرۋايىت ئۇستىلىرى ئىشلەيدىغان مانافاكتۇرا رايونلىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. رەڭلىك ئەينەك ياساش كەسپى ۋە سىرچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. مىلادى V ئەسىردىن باشلاپ بۇ تېخنىكىلار جۇڭگوغىچە تارقالغان»(47).

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن مىلادى Ⅶ-Ⅷ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئاۋانگارتلىق رولنى ئوينىغان سوغدىلار سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى مەركەز قىلغان سوغدىيانادا ياشاپ، تارىم ۋادىسى، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن چاگئەنگىچە سوزۇلغان مەدەنىيەت يولى - يىپەك يولىدا سودا-تىجارەت، دىن تارقىتىش، تىل-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شانلىق يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ

تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. كۆپىنچە ھىندى-ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدىغان بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلق، ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدىنپەي تۈركلىشىپ ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ياراتقان سودا مەدەنىيىتى، تىل-يېزىق، دىن ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش ئەنئەنىسى تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## ئىزاھات ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر:

① بىخۇستۇن ئابىدىسى-قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى دارىئوس 1 نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىراننىڭ ھەمەدان شەھىرى يېنىدىكى بىخۇستۇن دەپ ئاتىلىدىغان قىيالىققا ئويۇلغان قەدىمكى پارس، بابلون ۋە ئەرەمەي يېزىقلىرىدا ئويۇلغان تېكىست. ئۇنىڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 522-519-يىللاردىكى ئاخمىنتلار سۇلالىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان. قىيا تاشقا يەنە دارىئوس 1 نىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى رەسىملەر ئويۇلغان.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىل نەشرى، 52-بەت.

③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 123-جىلد، «پەرغانە تەزكىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل نەشرى، 487-بەت.

④ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1-كىتاب، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل نەشرى، 139-بەت.

⑤⑥ بەنگو: «خەننامە» 96-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 19-يىل نەشرى، 491 -بەت.

⑦⑧⑨⑩⑪(32) «خەننامە» 96-جىلد (غەربىي يۇرت ‹قورىغار› تەزكىرىسى)(Ⅱ)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى، 849-،

851 ـ، 854 ـ، 874 ـ، 942 ـ بەتلەر.
⑫ فەن يىپ، سىمابىياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 539 ـ بەت.
⑬ سەي خۇشىڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل نەشرى، 7 ـ بەت.
⑭ لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 453 ـ بەت.
⑮ گاۋىن هامبلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل نەشرى، 76 ـ بەت.
⑯ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 475 ـ بەت.
⑰⑱ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 60 ـ، 80 ـ، 92 ـ بەتلەر.
⑲(24) ئا.گ. مالياۋكىن: «IX ـ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 5 ـ، 76 ـ بەتلەر.
⑳ رۇڭ شىنجياڭ: «قەدىمكى زامان تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى سوغدى كۆچمەنلىرى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان.
(21)(46) ئىبراھىم مۇتئىي: «ئىبراھىم مۇتئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 242 ـ، 244 ـ بەتلەر.
(22) مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 615 ـ بەت.
(23) بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1984 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ قوشما سان 19 ـ بەت.
(25) ئەسئەت سۇلايمان: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىيالېكتىكىسى» (ماقالە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ قوشما سانى 116 ـ بەت.
(26)(28) يۇتىيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت

تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 98-، 103-بەتلەر.

(27)(30) ئەبەي ئىمىن ئېركىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2011-يىللىق 1-سان، 137-138-بەتلەر.

(29) ئابلەت نۇردۇن: «مانىي دىنى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987-يىللىق 2-سان.

(31)(33)(40) چيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 148-، 223-، 224-بەتلەر.

(34) مۇھەممەد زۇنۇن ئابدۇكېرىم: «ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996-يىللىق 1-سان.

(35) كلىمكېيت [گېرمانىيە]: «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى، 256-بەت.

(36) ب.گ. غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»(1-كىتاب)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى، 200-بەت.

(37) ئابلەت نۇردۇن: «شىنجاڭ سودا-بازار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل نەشرى، 119-بەت.

(38) غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى، 46-بەت.

(39) ئەنۋەر قاسىم: «سوغدىلار ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1998-يىللىق 1-،2-قوشما سانى، 146-بەت.

(41) ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى 160-بەت.

(42) غالىپ بارات ئەرك: «كىرورانىنىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل نەشرى، 143-بەت.

(43) «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىل نەشرى، 18-بەت.
(44) كۈرەش تاھىر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىك تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، ««قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995-يىللىق 4-سان.
(45) «جاھاننەما»(B)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى، 718-بەت.
(47) گ.ئا.ھىدايەتوۋ [ئۆزبېكىستان]: «مېنىڭ جانجان تارىخىم»، تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى، 1992-يىل (ئۆزبېكچە) نەشرى، 115-بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# دىلو تۈرلىرىدىن ئەخلاق كىرزىسىمىزغا نەزەر

تۇنىياز ئوسمان

نەچچە يىل بۇرۇن ئۇغۇرلار يېڭى ئەسىرگە قانداق ھالەتتە دېگەن مەنىدە مۇنازىرىلەر بولغانلىقى ئېسىمدە. مەيلى نېمە تالىشايلى، بىر نەرسە ئايانكى ئۆزىمىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇپ يەتمەي تۇرۇپلا؛ يېڭى ئەسىرنىڭ قانداق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا؛ يېڭى ئەسىردە ئۆزىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ بولماي تۇرۇپلا، تەييارلىقسىز بىر ھالەتتە يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويدۇق. يېڭى ئەسىر باشلانغاندىن كېيىن ئۇنى تەبرىكلەپ، مەدھىيىلەپ ناخشا- ئۇسۇل ئۇقۇپ كەلسەكمۇ، قارىغۇلارچە ئۈمىدلىنىپ كەتسەكمۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خوش قىلىپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىپ كېتىۋاتىمىز دەپ غاپىل سۆزلەپ يۈرسەك، زىددىيەتلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ جان باقتىلىق ئىدىيىسى بىلەن ناخشا توۋلاپ، ئۇسۇل ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىۋالساقمۇ، يېڭى ئەسىردە بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقى ھامان بولماقتا. رەھىمسىز پاكىتلار بۇ مەسىلىلەردىن چەتنەپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇتۇپ، بىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە، كەلگۈسىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماقتا. كۈنسېرى يامانلىشىپ بېرىۋاتقان مۇھىت مەسىلىسى، ئىمان-ئېتىقاد كىرىزىسى، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت كىرىزىسى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز، نامراتلىق، ئىشسىزلىق مەسىلىلىرى ئۇيغۇرلاردا خىيانەتنىڭ كۆپ ھەم ئېغىرلىقى مەسىلىسى قاتارلىق تالاي مەسىلىلەر ئالدىمىزدا دۆۋىلىنىپ تۇرماقتا. بۇلار ئۈستىدە ئويلىنىپ، مىللىي مەۋجۇتلىقىمىز ھەققىدە باش قاتۇرۇش ئۇيغۇر قەۋمىگە تەۋە ھەربىر مەسئۇلىيەتچان ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى بولسا كېرەك.

ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قېتىم خەلقپەرۋەر زىيالىيلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا جىددىي ئويلاندى. ئۆتكۈر پىكىر، پەلسەپىۋى خۇلاسە، ۋەزنلىك مۇلاھىزە ۋە ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن تولغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئەنە شۇ ئەسەرلەر تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرنى، ئالدىمغا ئۇچرىغان ئىشلارنى ۋە يولۇققان دېلولارنى ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىسىدىن كۆرسىتىشكە باشلىدىم. كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن دېلولارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىچكى سىرلىرى، پەيدا بولۇش يىلتىزى كۆپرەك دىققىتىمنى قوزغىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيانىڭ مەلۇم رايونىدا يۈز بېرىۋاتقان دېلولارنىڭ ئەھۋالى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ شۇ رايوندىكى ئاساسلىق مەسىلىنىڭ نېمىلىكىگە ۋە شۇ رايون خەلقىنىڭ ئىدىيىسى، پسىخىكىسى، قىممەت قارىشى، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى، ئەخلاق ساپاسى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ ئۆزىمىزگە ھۆكۈم چىقىرىپ باقىدىغان بولساق،نەتىجىسى ئادەمنى خوشال قىلمايدۇ. بەلكى ئەندىشىلىك خىياللار قايىنىمىغا سۆرەيدۇ، چۆچۈتىدۇ. ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشىغا، يوقلىشىغا يۈزلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئەخلاقى بۇزۇلۇش ـ تۈرلۈك رەزىللىكلەرنىڭ، تۈگىمەس پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى: مىللىي كىملىكنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۇيغۇر روھىنىڭ چىرىپ ئاجىزلىششىنى روياپقا چىقىرىۋاتقان ئېغىر كېسەللىك. بۇنى داۋالىماي تۇرۇپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلىغىلى بولمايدۇ دېگەن پىكىرگە كېلىپقالىمىز. شۇنداق قىلىپ يېڭى ئەسىرگە، كۆپ خىل كىرىزىسكە پاتقان ھالەتتە قەدەم باسقانلىقىمىز ئاشكارە پاكىت بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقىي كىرزىسىمىز ھازىر سىر بولماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇرلاردىكى دېلولار نوقتىسىدىن يەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. ئۇ ئۆزىمىزنى مەلۇم نوقتىدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. قاتىلنى قاچۇرغان قىز 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچ. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان ھەشەمەتلىك مەيخانىنىڭ خاس ھوجرىلىرىنىڭ بىرىدە ئىككى ئەر ۋە بىر قىز ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. كۆزنى يېنىدىكى قىزىدىن ئۈزمەي، قىزنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە قول سوزۇپ ئولتۇرغان يېشى چوڭراق ئەر پالەچ بولۇپ، مېيىپلار ھارۋىسىدا ئولتۇرغانىدى. يەنە بىرسى ياش يىگىت بولۇپ، يېشى چوڭ ئەرنىڭ مۇلازىمى ئىدى.

- تاڭخوجايىن تاماكا چېكىڭ،

- دېدى ياش يىگىت يېپشى چوڭ ئەرگە تاماكا تۇتۇپ ۋە دەرھاللا ئوت يېقىپ ئۇلگۇردى.ئۇنىڭ گەپ- سۆز ھەرىكەتلىرىدىن خوشامەتچىلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

تاڭ خوجايىن ئىسنى چەمبەر چىقىرىپ پۈۋلىدى، ئاندىن ياش يىگىتكە: - شاۋلى سەن ھازىر چىقىپ تۇنۇگۇن دېيىشكەن ئىشنى بىجىرۋېتىپ كەل،- دېدى.

ياش يىگىت «خوپ خوجايىن» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. خوجايىننىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى قىزغا يېگىنۋاشتىن تىكىلدى.

- قاراۋېرىسزغۇ خوجايىن، كۆزلىرىم باشقىچە كۆرۈنۈۋاتامدۇ- نېمە؟ قىز خوجايىنغا نازلىنىپ بېقىپ.

- گۈلى، كۆزلىرىڭ جاننى ئالىدۇ. قارىغانچە قارىغۇم كېلىدۇ. ساڭا قاراشمۇ ئاجايىپ ھۇزۇر.

- ئاجايىپ ھۇزۇرلارنى ئالمىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

- ھۇزۇرنىغۇ كۆپ ئالدىم. يەنىلا شۇنداق قىلغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. - نېمىگە ئالدىرايسىز، ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ. قىز گېپىنى تۈگىتىپ قورۇمىدىن بىر پارچە ئېلىپ خوجايىننىڭ تەخسىسىگە سېلىپ قويۇپ. ئورۇندۇقنى تارتىپ خوجايىنغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى.

-قېنى بىررومكىدىن ئىچەيلى،-دېدى خوجايىن. قەدەھلەر سوقۇشتۇ -رۇلدى.

- گۈلى ئۇيغۇر قىزلىرى نېمانداق چىرايلىق. قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلەن يېتىپ باققۇم كېلىدۇ. مانا پۇل دېگەن بىزدە تۇرۇپتۇ. ئۇنى قىزلارغا خەجلىمەي نېمىگە ئىشلىتىمەن؟ ھازىرغىچە خېلى كۆپلىرى بىلەن يېتىپمۇ باقتىم. ھەر بىر كۆرسەم يېڭى ھەۋەس پەيدابولىدۇ. مەن جىق كۆزەتتىم. سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار سەتكەن. قىزلىرىڭلارچىرايلىقكەن. ھازىر چوڭ بولۇۋاتقانلار پۈتۈنلەر قىز بالا بولۇپ قالسىچۇ؟

- نەپسىڭىز يامانىكەن خوجايىن. مانا ھازىرمۇ ئەتراپىڭىزدا گۈزەللەر تولىغۇ. تېخى نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئىش ئىزدەپ كېلىپ قالغان تېخى يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزنى ھوجۇرىڭىزغا ئەكىرىۋېلىپ تىل بىلمىگەننى دېمىگەندە

راستىنلا پەيزى بار ئىكەن دەپ يۈرمىدىڭىزمۇ؟ ئەمدى ئەرلىرىمىزنىڭ سەتلىكىگە كەلسەك مېنىڭمۇ كۆزۈمگە سىغمايدۇ. بۇرۇن تېخى بەك ئەسكىدى ئۇلار. بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا بېشىمىزغا ياغلىق چەگمەي مېڭىپ قالساق تىللاپ كېتەتتى. هازىرقىدەك ياخشى ۋاقتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، هازىر هېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ.

-تەرەققىيات، تەرەققىيات، دېدى خوجايىن،- تەرەققىيات قالاق ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى.

-راست دەيسىز خوجايىن،- دېدى قىز گەپنى تارتىۋېلىپ،- هازىر تەرەققىي قىلدۇق. نىمىش قىلساق ئىختىيارىمىز. ئەركىنلىك ئۆزىمىزدە. ئەمما بىر قىسىم دوستلىرىم بۇنداق ئەركىنلىككە تولۇق ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۆتكەندە بىر دوستۇم هاراقنى جىقراق ئىچىپ قويۇپ يولدا يېتىپ قاپتىكەن، تېررورچىلار «قىز بالا تۇرۇپ نىمىشقا هاراق ئىچىسەن» دەپ ئۇرۇپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. خوشنىمىزنىڭ قىزىنى «خەنزۇغا تەگدىڭ» دەپ يەنە شۇ تېررورچىلار قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. كېيىنغۇ هۆكۈمەت بۇ تېررورچىلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. بىراقزە ئەشۇ دوستۇم بۇ يۇرتنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

-كونا ئىدىيىلەر هامان ئۆزگىرىدۇ، ئىلغارلىق غەلبە قىلىدۇ،- دېدى خوجايىن،- كەل يەنە بىرنى ئىچەيلى.

- تۇگىتىپ ئىچمىز ئەمسە،- دېدى قىز. خوجايىن رومكىنى قويۇپ يەنە بىر تالا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئالدىرىماي گەپ باشلىدى.

-ئۇزاق يىللار ئىلگىرى سىلەردىن شۇنداق گۈزەل هەم جەسۇر بىر ئايال چىققان. ئۇنىڭ ئىسمى ئىپارخان. هە راست گۈلى، سەن ئىپارخان توغرۇلۇق ئاڭلىغانمۇ؟

- تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن كۆرگەن.

- تېلېۋىزىيە فىلمىدە هېكايىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. مەن نەچچە يىل بۇرۇن بىر تىياتىر ئەسىرىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدا ئىپارخان توغرىسىدا ئەينەن سۆزلەنگەن. يەكەندىكى بىر جەڭدە ئىپارخان ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ چاغدىكى پادىشاھ چەنلۇڭ ئىپارخاننىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ خۇپىيانە بولۇپ، يارلىق بىلەن ئىپارخاننى هۇزۇرىغا كەلتۈرگەن. ئىپارخان «مەن دېگەن

مۇسۇلماننىڭ قىزى، ياتلارنى يېنىمغا كەلتۈرمەيمەن» دەپ چەنلۇڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى رەت قىلغان ھەم چەنلۇڭ خاندىن قىساس ئالماقچى بولغان. خان ئانىسى ئىپارخاننىڭ ئوغلىغا زىيانكەشلىك قىلىپقويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن. چەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ ئۆلۈمىگەقاتتىق قايغۇرغان. خەلق ئىپارخاننى دىيانەتلىك ئايال دەپ ھۆرمەتلەپ ئەسلەپ كەلگەن.

مەن ساڭا نېمىشقا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ قالدىم. سەۋەبى ئاددىي، مۇبادا ئەشۇ ئىپارخان ھازىرقى دەۋردە ياشاپ قالغان بولسا، مەن چوقۇم ئۇنى قوينۇمغا ئەكىرەلەيتتىم. چەنلۇڭ سۇرەلمىگەن ھۇزۇرنى مەن سۇرگەن بۇلاتتىم. پۇل بەرسەم ئىپارخان چوقۇم رەت قىلمايتتى. ئىپارخان ئىشسىز قالسا، ئاچ قالسا قوينۇمغا ئۆزى خالاپ كىرگەن بولۇر ئىدى. «مەن مۇسۇلمان قىزى» دىگەن گەپنى دىمىگەن بۇلۇر ئىدى. چۈنكى سەنمۇ بىر مۇسۇلمان قىزىغۇ، سەن رەت قىلمىدىڭغۇ؟

- شۇنداق، مىنىڭ ئاتا- ئانام مۇسۇلمان. مەنمۇ ئۆزۈمنى مۇسۇلمان دەيمەن. مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم. ئىپارخان ياشىغان ئەشۇ دەۋردە ياشاپ قالغان بولسام، ئىپارخاننىڭ ئورنىدامەن بولۇپ قالغان بولسام، پادىشاھنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ، پۇتلىرنى سۆيۈپ، ئورنىدا راھەت- پاراغەتتە ياشىغان بولۇر ئىدىم.

- مەن مېيىپ بولسامۇ چەنلۇڭدىن ياخشىراق ئىكەنمەن. ئۇ پادىشاھ تۇرۇپ بىر ئىپارخاننى ماقۇل قىلالمىسا، مەن جىق ئىپارخانلارنى ماقۇل قىلىۋە -تتىم.

- مەنمۇ ئىپارخاندىن ئەقىللىق ئىكەنمەن. پېشىگە ئېسىلىپ پۇتىنغا سۆيىدىغانىغا پادىشاھ تاپالمىسامۇ، تاڭ خوجايىننى تېپىۋالدىم.

- گۈلى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، نىمىش قىلىمىز، ئارام ئالىمىزمۇ؟

- نىمىش قىلغۇڭىز بار خوجايىن؟

- شۇنىمۇ دەيمەنمۇ؟ - بولىدۇ، ئەمدى ئىچكىرى خانىغا كىرەمدۇق؟

- شۇنداق قىلايلى.

قىز مېيىپلار هارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئىچكىرىكى خانىغا ئەكىردى. خانىدا قوش كىشىلىك كارۋات قويۇقلۇق ئىدى. قىز خوجايىننى كارىۋاتقا چىقىرىپ، كىيىملىرىنى سالدۇردى. ئاندىن ئۆزى يالىڭاچلىنىپ پالەچ خوجايىننىڭ قوينىغا

كىردى.

ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشى ۋە قاتتىق ئىچىلىشى كارۋاتتىكى ئىككى
-يلەننى چۆچۈتىۋەتتى. ئىشىكتىن پالتا كۆتۈرۈپ كىرگەن شاۋلى قىزنى خوجا
-يىنىنىڭ تېگىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، خوجايىننى پالتا بىلەن چانىۋەتتى.

-نىمىشقىلىۋاتىسىز؟ تاڭ خوجايىننى ئۆلتۈرۈپ قويدىڭىز.- بۇ قېرى سىزگە لايىق ئەمەس. پالەچ جېنىدا سىزنى قۇچاقلىسا قانداق بولىدۇ. سىزدەك گۈزەل ماڭا لايىق. بايا ئىشنى بېجىرىپ كەلسەم ئىشىك تاقاق. بۆسۈپلا كىردىم. گۇمانىم توغرىكەن،

- دېدى شاۋلى قولىدىكى قان يوقىنى يۇيۇۋېتىپ. ئاندىن يالىڭاچ قاراپ تۇرغان قىزغا قاراپ دېدى:

- قېرى ئۆلدى، ۋاقىت يېرىم كېچە بولدى، ئەمدى نىمىش قىلىمىز؟

- نىمىش قىلغۇڭىز بار؟

-سىنى قوينۇمغا سولاپ ھۇزۇرلانغۇم بار. - بولىدۇ، بىز دېگەن سىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇشقا يارالغان. ياندىكى ئۆيگە چىقامدۇق.

شاۋلى بىلەن قىز ياندىكى خانىغا كىردى. گۈلى (ئۇيغۇرلار ھېچقاچان قىزنىغا گۈلى دەپ ئات قويمايدۇ. بۇ قىزغا ھەرقانداق ئۇيغۇرچە ئىسمىنى ئىشلد -تىشنى نۇمۇس كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇ كۈندىكى چاقىرىلىشى بويىچە گۈلى دەپ ئالدىم). شاۋلىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىشقا ياردەملىشىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇنىڭ قوينىغا كىردى. ئىككىسى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. بىرلىكتە تاڭ خوجايىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆيگە كىرىپ ھاراق ۋە بېنزىن چېچىپ جەسەتكە ئوت يېقىۋەتتى. ئاندىن تاڭ قاراڭغۇسىدا نەق مەيداندىن ئايرىلىشتى.

- قانداق قىلىمىز گۈلى،- دېدى شاۋلى،- ئامال تاپمىساق بولمايدۇ. بولمىسا ساقچىلار تۇتۇۋالسا باش كېتىدۇ.

- ئاقسۇدىن كېتەيلى،- دېدى گۈلى.

- نەگە كېتىمىز؟

- كورلىغا بارايلى.

مەندە كىراغا بەرگۈدەك پۇل يوق.

- مەندە بار، خوجايىن كارىۋاتتا بەرگەن،- دېدى گۈلى.

ئىككىسى ماشىنا كىرا قىلىپ كورلىغا بېرىشتى. مېھمانخانىدا بىر نەچچە كۈن بىرگە تۇرغاندىن كېيىن گۈلى شاۋلىغا پۇل بېرىپ ئىچكىرىگە قاچۇرۇۋەتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇلار قانۇن تورىغا ئىلىنىپ قالدى. شاۋلى شاگخەيدە، گۈلى ئاقسۇدا تۇتۇلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سوت مەھكىمىسى شاۋلىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. گۈلىگە تۈرمىگە يول خېتى كېسىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ تاڭ خوجايىن ئۆلتۈرۈلدى. شاۋلى ئېتىلدى. گۈلى تۈرمىد-ىن نېسىۋىسىنى ئالدى. دېلو ئاستا- ئاستا ئۇنتۇلدى. ئەمما مەن بۇ دېلو پەيدا قىلغان ئاچچىق تەسىراتلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. مۇشۇ دېلونىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ۋاقتتا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالغان ئىدى. كاللامغا ئىپارخان ۋە چەنلۇڭنىڭ، گۈلى ۋە خوجايىننىڭ ھېكايىسى كىرىپلۇۋالغان ئىدى. «خوجايىن-نىڭ مەن پادىشاھ چەنلۇڭدىن ياخشىراق ئىكەنمەن، ئۇ قىلالمىغان ئىشنى مەن قىلالىدىم» دېگەن سۆزى، گۈلىنىڭ «مەن ئىپارخاندىن ئەقىللىق ئىكەنمەن، پادىشاھنى تاپالمسام، خوجايىننى بولسىمۇ تاپتىم» دېگەن سۆزى قاتتىق مۇلاھىزىلەرنى قوزغايتتى. مۇلاھىزەم ئەۋلاد بىلەن ئەجداد، ئېسىل ئەخلاق ھەمدە غۇۋا كۆرۈنىۋاتقان كېلەچەك ئارىسىدا قاناتلىناتتى. ئەمما مەن بۇ مۇلاھىز-ىلىرىمنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، دېلودا ئەكس ئەتكەن ئەخلاقى مەسىلىلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە تاپشۇردۇم.

## نەپرەتقوزغايدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار

## 2001- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى

شەھەرنى بايرام خوشاللىقى قاپلىغان ئىدى. ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي كوچىلاردا ئادەم مىغىلدايتتى. گۆھەر چىرايلىق ياسىنىپ ئاچىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بايراملىق چىراقلار يوللاردا، بىنالاردا چاقناپ تۇراتتى. گۆھەرنىڭ كىچىك بەزمىخانىدىكى تىجارىتى ياخشى بولۇۋاتاتتى. بۈگۈنمۇ ئامىتى كېلىپ پۇلدار بىرسىگە ھەمراھ بولۇپ، كادىر دېگەننىڭ بىرەر ئايلىق، دېھقان دېگەننىڭ بىرەر يىللىق پۇلىنى

بىراقلا تاپالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كادىردەك تۆت ۋاق يوقلىمىدىن، زېرىكىشلىك تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ، سەككىز سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرۇش كەتمەيدۇ. دېھقاندەك توپىلارغا مىلىنىپ ماغدۇرى كەتكىچە ئىشلەش كەتمەيدۇ. پاكىز ياتاق، پاكىز مېھمان، ئارامبەخش كارۋات مۇشۇلا كۇپايە. شۇنداق ئاسان... گۆھەر تاتلىق خىياللار بىلەن بەزمىخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. گۆھەر خېرىدار ساقلاپ ئاخىرى بىر خېرىدار تاپتى. خېرىدار ئۆزىنى شياۋۋاڭ دەپ تونۇشتۇردى. گۆھەر خېرىدار بىلەن مېڭىۋاتقاندا بىر كەسىپدىشى ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نىمىلەر -نى پىچىرلىدى. گۆھەرنىڭ تاپقان خېرىدارى ۋاڭ ۋېنخۇا، ۋاڭ جانەنلەر باشچىلىقىدىكى قارا گۇرۇھنىڭ ئادىمى ئىدى. گۆھەرنىڭ كەسىپدىشى ئۇنى تونۇۋېلىپ گۆھەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. گۆھەر ھېلىقى خېرىدارغا ھەمراھ بولۇشتىن يېنىۋالماقچى بولدى. ئەمما گۇرۇھنىڭ باشقا ئەزلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇنى ماشىنىغا مەجبۇرىي چىقىرىپ، شەھەر سىرتىغا ئېلىپ كەتتى.

شەھەر سىرتىدىكى بىر ئۆيدە گۆھەر يالىڭاچلاندۇرۇلدى. 12 ئادەم نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭغا تاشلاندى. ئۇنىڭ زارنىلىشلىرى، قاقشاشلىرى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. قۇياش چىقىپ يەنە بىر كۈن باشلاندى. گۆھەرگە نىسبەتەن بۇ يەردىن كېتىش قىيىندەك كۆرۈنەتتى.

- نېمە؟ قايتىپ كېتىمەن؟

- چالۋاقىدى ۋاڭ ۋېنخۇا گۆھەرنىڭ كېتىش ھەققىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ،

- ئاۋال بىزگە بەش يۈز يۈەن ئەمگەك ھەققى بېرىسەن، ئاكا- ئۇكىلار كېچىدىن بېرى ساڭا ئەمگەك قىلدۇق، تەر ئاققۇزدۇق. بۇنىڭ ھەققىنى تۆلىۋېتىپ ئاندىن يوقال.

- ئاكام دېگەندەك قىل، - دېدى بىرسى ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ،

- سېنى بىركېچە ھۇزۇرلاندۇرۇپ قويدۇق. ھۇزۇرلىنىپ ھوشۇڭدىنمۇ كەتتىڭغۇ، قېنى پۇل چىقار، بىكارغا قۇچاقلاپ قويدۇقمۇ سېنى؟!

- مەندە پۇل يوق، رەھىم قىلىڭلار ئاكىلار

- يىغاڭنى كېچىدىكىدەك كارىۋاتقا چىققاندا يىغلا. ھازىر بىزگە پۇل كېرەك، يىغاڭمۇ، سىبىق تىنىڭمۇ كېرەك ئەمەس. يىغلىما دەيمەن، ھېلى بىكار يىغلىغاندا تۇيىسەن.

ئۇلار گۆھەرنىڭ كىيىملىرىنى ئاختۇرۇشتى. ئاخشامقى ماشىنىغا چىقىش جەريانىدىكى تارتىششتا پۇل چۈشۈپ قالغانمۇ ياكى پۇل يوقمۇ بۇنىسى نامەلۇم، ئۇلارنىڭ ئاقتۇرۇشلىرى بىكارغا كەتتى.

- ئاكا بۇبىر دىۋانە جالاپكەن. تېنىدىن باشقا پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنىمىسى يوقكەن، قانداققىلىمىز؟

- ئۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار.- دېدى ۋاڭۋېنخۇا.

ئۇلار گۆھەرنى ئىتتىرىپ، دۈشكەللەپ قوررۇلۇش قىلىنىۋاتقان بىر يەرگە ئېلىپ باردى.

- بىر ئويىنساڭ يۈز يۈەن، قېنى قىز بالا ئويناپدىغانلار بارمۇ،- دېدى بىرسى ۋارقىراپ.

- بۇ دېگەن ئۇيغۇر خېنىمى، قارىساڭ چەتئەللىككە ئوخشايدۇ، چەتئەل-لىكنى ئويناش چۈشۈڭلاردىمۇ نېسىپ بولمايدۇ.

- بۇنى ئويىنساڭ چەتئەللىكنى ئويىنىغانغا ئوخشاش، - دېدى يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقانلارغا ۋارقىراپ.

ئىشلەۋاتقانلار پەرۋاسىز، ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئىدى.

- باھاسىنى چۈشۈرۈپ سىناپ بېقىڭلار،- دېدى ۋاڭ ۋېنخۇا.

- بىر قېتىم ئويىنىۋېلىشىڭ ئەللىك يۈەن، مانا قاراڭلار، چىرايلىق ئۇيغۇر خېنىمى، - دېدى بىرسى گۆھەرنى ئالدىغا ئىتتىرىپ.

ئىشلەۋاتقانلار يەنىلا پەرۋاسىز ئىدى. گورۇھتىكىلەردىن بىرسى گۆھەرنى ئىتتىرىپ بىر ئىشلەمچىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ دېدى.

- ئەللىك يۈەن بېرىپ بىر قېتىم ئويىنىۋال، چاتاق چىقمايدۇ.

- ياق، ئويىنىمايمەن،- دېدى ئىشلەمچى.

- سەنمۇ ئەركىشىمۇ ھۇ لاتا، - دېدى ھېلىقى ئىشلەمچىنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ.

- جۇرۇڭلار باشقا يەرگە ئاپىرايلى - دېدى ۋاڭ ۋېنخۇا.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار گۆھەرنى بىر قانچە جايدا ئاپاردى. ئاخىرىدا بىر ساتىراشخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ چاغدا كۈن چۈش بولغان ئىدى. - بۇ بىر نەس باسقان جالاپكەن، - دېدى بىرلىشىپ شۇنچە ئىزدىسەكمۇ خېرىدار چىقما يۋاتىدۇ.

- يەنە ساقلايلى، ساتىراشخانىغا خېرىدار كىرىپ قالسا بۇ جالاپنى تاشلاپ بېرىپ پۇلنى ئالىمىز. ئۇلار ئۇزاق ساقلاشتى، ئەمما ساتىراشخانىغا خېرىدار كىرمىدى.
- ئاكىلار قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىڭلار، - دېدى گۆھەر بىر چاغدا.
- ئاغزىڭنى يۇم تويمىغۇر پەس جالاپ قورسىقىڭغا تاڭ ئاتقۇچە يېدىڭ. يەنە يېگۈڭ كەلگەن بولسا بىردەم ساقلا، خېرىدار كىرىپ قالسا يېگۈزۈپ قويىسۇن،
- دېدى بىرىسى گۆھەرگە ۋارقىراپ.
كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا ئۇلار گۆھەرنى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر جايغا ئاپىرىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ كېتىپ قېلىشتى. گۆھەر ئاچلىق ۋە ئازابتىن ماغدۇرى قالمىغان قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

2001- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى

ھەنىپە دەرستىن چۈشۈپ ياتىقىدا چىرايلىق ياساندى. جۈمە كۈنى بولغاچقا ياتاقتىكى قىزلارنىڭ كۆپى ئاللىقاياقلارغا كېتىپ قېلىشقان بولۇپ، 2 قىزلا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ھەنىپە ئۇلارغا «تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ ئەتە كېلىمەن» دەپ قويۇپ، چىرايلىق دەسسەپ ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن چىقتى. تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۈستىدە يۇلتۇز دەرىجىسى يۇقىرى بولغان شەھەردە نامى بار بىر مېھمانسارايغا يول ئالدى.
خېلىدىن بېرى ئۇ ھەر جۈمە كۈنى ئەشۇ مېھمانسارايدا خېرىدار كۈتۈۋاتاتتى. بۇ يول بىلەن تاپقان پۇل ئۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا نىسبەتەن خېلىلا كۆپ پۇل ئىدى. ھەنىپە تاكسىدىن چۈشۈپ پۇلدار خېرىدار بىلەن ئۇچرىشىشنى بولسا تېخى چەتئەللىك خېرىدار بىلەن ئۇچرىشىشنى تىلەپ مېھمانسارايىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. ھەمدە ئۆزىگە تونۇشلۇق زالغا كىرىپ خېرىدار ساقلاۋاتقان قىزلار قاتارىغا قوشۇلدى.
خېلىلا كېچە بولغاندا بىر خېرىدار بىلەن تونۇشۇپ قالدى. خېرىدار ئۆزىنى «شۇ ئەپەندى» دەپ تونۇشتۇردى. بۇ ھەنىپە خوشال بولۇپ ئۇنىڭ

تەكلىپكە ئاساسەن سىرتقا چىقتى. سىرتتا بىر قانچە ئادەم ماشىنىغا ئۇنى زورلاپ چىقاردى-دە ئېلىپ كەتتى. بۇلار ۋاڭ ۋېنخۋا گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، گۆھەرنى شەھەر سىرتىدا تاشلىۋېتىپ مېھمانسارايغا قوغداش ھەققى يىغىمىز دەپ كەلگەن. شۇ جەرياندا شۇلاردىن بىرسىنى خېرىدارلىققا تاپقان ئىدى.

ئۇلار ھەنپەنى شەھەر سىرتىدىكى ھېلىقى ئۆيگە ئېلىپ بېرىشتى. ھەنپە قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي ياش تۆكەتتى.

- كارىۋاتقا چىقىپ كىيىمىڭنى سال جالاپ، - دېدى بىرسى ھەنپەنى كارىۋاتقا ئىتتىرىپ تۇرۇپ، - ئاخشام مۇشۇ كارىۋاتتا ئاچاڭنى ياتقۇزغانىدۇق. بۈگۈن نۆۋەت ساڭا كەلدى. ئەتە نۆۋەت ئاپاڭغا كېلىدۇ.

ھەنپە ئۇنىڭ گېپىدىن ئالدىنقى كۈنمۇ بۇ يەردە بىر ئىش بولغانلىقىنى سەزدى، ھەمدە ياش تۆكۈپ تۇرۇپ كارىۋاتقا چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەنپەگە نۆۋەت بىلەن قول ئۇزىتىشتى... (ماتېرىياللاردىن قارىغاندا شۇ كۈنى گۇرۇھنىڭ ھەممە ئەزالىرى جەم بولغان بولۇپ، ئۇلار ھەنپەگە تاڭ ئاتقۇچە ئوتتۇز بەش قېتىم باسقۇنچىلىق قىلغان. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ھەنپە ھۇشىنى تامامەن يوقاتقان. ئەمما ئۇلار باسقۇنچىلىقنىتوختاتمىغان).

- ئاكا، تاڭ يۇرىغىلى خېلى بولدى، بۇ جالاپ ئۇخلاپلا ياتىدىغۇ، ئاچىقىپ تاشلىۋېتەمدۇق؟

ھاجىتى يوق، ئۇيغۇر جالاپلىرى مۇشۇنداق ئۇيقۇچان كېلىدۇ. ئۇ ئويغا -نغۇچە خالىغان بۇرادەرلەر ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ يېتىۋېرىڭلار.

شۇ كۈنى گۆھەر ئاچىسى بىلەن ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى. ھەمدە ساقچىلارنى ئۆزى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۆيگە باشلاپ باردى. ساقچىلار ئۆيگە كىرىپ ئاجايىپ بىر ئەھۋالنى كۆردى. كارىۋاتتا بىر ئەر ۋە بىر ئايال قىپيالىڭاچ ياتاتتى. ئايال دەل ھەنپە بولۇپ، تېخىچە ھوشسىز ئىدى. ساقچىلار يالىڭاچ ئەرنى بىر قىسىم شېرىكلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ يېڭى يىل بۇ قىزلارنىڭ يىغىسى ۋە جىنايىتى بىلەن باشلاندى. ئاجايىپ قاباھەتلىك دېلو ئارقا- ئارقىدىن يۈز بەردى. ئەخلاق پەزىلىتى، غۇرۇرىنى يوقاتقان قىزلار بۇ ۋەھشى جىنايەتنىڭ قۇربانى- زىيانكە -شلىككە ئۇچرىغۇچىلىرى بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن كۆچلۈك نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

بۇ قىزلار ئىمان- ئېتىقادتىن تولۇق مەھرۇم بولغانلار بولۇپ، ئېنىنى سېتىپ پۇل تاپقىلى ئۆزى ئەر ئىزدەيدۇ. ئەر دېگەن ئۇقۇم ئۇلارنىڭ كاللىسىدا شۇنچىلىك تەتۈركى پۇلى بولسىلا ئەر بولىۋېرىدۇ. كىم بولسا ھەتتا بولىۋېرىدۇ. گۆھەرگە نىسبەتەن باشقا تىرىكچىلىك يولى يوقمۇ؟ ھەنپەدەك ئالىي تەربىيە كۆرگەن قىز نىمىشقا بۇ يولغا مېڭىپ قالدى؟ ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئۇنى يامان يولدىن نىمىشقا توسۇپ قالالمىدى؟ ئالىي مەكتەپ قىزلىرى ئىچىدە بۇنداقلار نىمىشقا شۇنچە كۆپىيىپ كېتىدۇ؟ نۆۋەتتە قىزلارنى بۇ يولغا يېتەكلەۋاتقىنى قانداق ئىدىيە؟ ... بۇنداق سوئاللار ئادەمنى ھەقىقەتەن قىينايدۇ.

مېنىڭ چۈشەنچەمدە بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى ئېتىقادسىزلىق، ئېتىقاد- مىللەتنىڭ روھى تۈۋرۈكى، مىللەتنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئېتىقادتىن كېلىدۇ. ئېتىقاد ئاجىزلاشسا مىللەتنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلىشىدۇ. مۇبادا ئېتىقاد يوقالسا مىللەتنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى يوقۇلۇپ، مىللىي مەۋجۇدىيەتنى يوقۇتۇش خەۋپى پەيدا بولىدۇ. ئېتىقادسىز ئىنسان-روھى دۇنياسى گۇمران بولغان ئىنساندۇر. بىزدە ئېتىقاد بىلەن ياندىشىپ كېلىدىغان يەنە بىر مەنىۋى قورال ئىمان بار بولۇپ، ئۇ كونكرېت ئادەمنىڭ ئۆز ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى، ئۆزىنى ساقلاشتىكى قۇدرەتلىك قورالى. بۇ مەنىۋى قورال يوقالسا جاھاننى پەسكە -شلىك، رەزىللىك قاپلاپ كېتىدۇ.

سىز مەيلى ئېتىراپ قىلىڭ، مەيلى ئېتىراپ قىلماڭ ئېتىقادنىڭ سۇسلى -شىپ، ئىماننىڭ يوقلىشى- ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاجايىپ پاجىئەلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرسى پۇل ئۈچۈن مۇناپىقلىق، ساتقىنلىق،خۇمسىلىق، سولامچىلىق، جاپالىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق... لارنىڭ ھەممىسنى قىلىشتىن ئىبارەت.

تارىخىمىزغانەزەر سالساق، پۇل بىلەن ۋىجدان، پۇل بىلەن غۇرۇرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ قاتناشچىسى ئەينى چاغدىكى ئاياللىر -ىمىز بولۇپ چىقىدۇ. ئىپارخان ئەسىرگە ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئاپىرىلغاندىن كېيىن، مانجۇ ھۆكۈمران چەنلۇڭغا خوتۇن بولۇشنى قەتئىي رەت قىلغان. ھەشە -مەتلىك ئوردا،مەخسۇس ياسىتىلغان كاتتا ساراي،ئەيشى-ئىشرەتكە تولۇپ تۇرغان ئوردا تۇرمۇشى، پۇل ۋە مال- مۈلۈك ئۇنىڭ ۋىجدانىنى خىرەلەشتۈرمىگەن. ئۆلۈم تەھدىتىمۇ غۇرۇرىنى سۇندۇرالمىغان. غۇرۇرىنى سېتىپ، ئىمانىنى يوقۇتۇپ

مانجۇ ھۆكۈمرانىغا خوتۇن بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئىمان بىلەن، پاكلىق بىلەن ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ ئۆلۈشنى خالىغان. ئۇيغۇرنىڭ يەنە بىر جاسارەتلىك قىزى نۇزۇگۇم ھۆرلۈك ئۈچۈن يۇرتىدىن پالىنىپ تۇتقۇ -نلۇقتا يۈرگەن كۈنلەردە مانجۇ ئەمەلدارىغا خوتۇن بولۇشنى رەت قىلىپ، ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن. پاك جىسمىنىڭ ئىمانسىز ئەمەلدار تەرىپىد -ىن بۇلغىنىشىدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەن. غۇرۇرى، ۋىجدانىنى، ئىمانىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىشكە رازى بولغان.

بۇ تارىخ يىراقتا قالغانسېرى ئۇلارنىڭ سىماسى شۇنچە بۈيۈك، شۇنچە قۇدرەتلىك كۆرۈنمەكتە. ھازىرغا كەلگەندە قىزلىرىمىز ئەشۇنداق ئېتىقاد، ئەشۇنداق جاسارەت، ئەشۇنداق روھى مۇكەممەللىكتىن ئەبەدىي خوشلاشتىمۇ؟ گۆھەردەك، ھەنپەدەك قىزلاردىن مىڭلاپ يىغسا ئىپارخان، نۇزۇگۇملارنىڭ بىر تال تاشلاندۇق تىرنىقىغا تەڭلىشەرمۇ؟ ئەگەر تارىخنى ئارقىغا ياندۇرغىلى مۇمكىن بولغان بولسا گۆھەربىلەن ھەنپەنى ھۆكۈمران چەنلۇڭنىڭ، نۇزۇگۇم ئۆلتۈرگەن سولتەك ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپ باقساق ئاجايىپ بىر نامايەن بولغان بولار ئىدى. بۇ ئىككى قىز ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، پۇتلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ «جېنىم ئامان بولسىلا، پۇلبەرسەڭلا، نىمە قىلساڭ قىل» دەپ يىغلاپ تۇرغان بۇلار ئىدى. ئىپارخان، نۇزۇگۇملارنىڭ روھى بۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ قورۇنغان بۇلار ئىدى. قېنى سىز ئۇنداق ئەمەس دېيەلەمسىز؟ مۇشۇ دېلوغا قاراڭ.

گۆھەر بىلەن ھەنپەگە قاراڭ. ئەخلاق- پەزىلەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، كۆكىنى سېتىشنى ئۆزى خالاپ خېرىدار ئىزدىدى. پۇلى بولسىلا خېرىدارنىڭ قېرى ياش ۋە كىم بولۇشنى ئايرىمىدى. ئاخىرىدا «ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ» دېگەندەك ئاقىۋەتكە قالدى. مۇبادا ئىت-ئېشەكلەرنىڭ پۇلى بولغان بولسا گۆھەر ۋە ھەنپەلەر چوقۇم ئىت- ئېشەك تائىپىسىدىن خېرىدار ئىزدىگەن، ئىت- ئېشەكلەرگە نومۇسنى سېتىپ، ئۆزىنى شۇلارغا تۇتۇپ بەرگەن بۇلار ئىدى.

مۇبادا ئەشۇپاھىشىلەرنىڭ مىللەت تامغىسى بولمىغان بولسا نومۇسنى ساتقان چاغدا ئۆزىنى ئۇيغۇر قىزى بىز دېمەي «بىز چوشقىنىڭ قىزى»، «ئىتنىڭ قىزى» دەپ تۇرۇپ پاھىشىۋازلارنى ئىشەندۇرەلىگەن بولسا (بۇ ئەلۋەتتە

مۇمكىن ئەمەس) بۇنچۇۋالا قايىنىشمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى. ناپاك تەن، بۇلغانغان روھ گۆھەر ھەنىپەدەكلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان بىلەن، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى ئومۇمغا، خەلقىمىزگە تەۋە. مەيلى پاھىشە بول، مەيلى ئەمەلدار بول، مەيلى كىم بول ھېچكىمنىڭ مىللەتنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە، ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈش ھوقۇقى يوق. شۇڭا بۇنداق قىلمىشلارغا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ.

## دېلودىن ئاشكارىلانغان ئىپپەت مەخپىيىتى

2003 ـ يىل كۈز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان دىسكوخانىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى چىراقلىرى كېچە قاراڭغۇسىدا ئۆچۈپ ـ يېنىپ تۇراتتى. دىسكوخانا ئالدىدىكى يولدا بەش قىزنى بەش يىگىت توسىۋالغان ئىدى.

ـ بىزنى ماڭغىلى قويۇڭلار، بىز دېگەن ئوقۇغۇچى، مەكتەپكە كەتمىسەك بولمايدۇ، ـ دېدى قىزلاردىن بىرسى ئوغۇللارغا يالۋۇرۇپ.

ـ ئوقۇغۇچى بولساڭ، مەكتىپىڭدە يۈرمەي، كېچىدە دىسكوخانىدانىمىش قىلىسەن، ـ دېدى يىگىتلەردىن بىرسى.

ـ بولدى تالىشىپ ئولتۇرماي بۇ پاسكىنىلارنى تاكسىغا چىقىرىڭلار، ئۈنىمىسا ئۈرۈڭلار، ـ دېدى يىگىتلەردىن بىرسى.

شۇنىڭ بىلەن بەش يىگىت بەش قىزنى تاكسىغا مەجبۇرىي چىقىرىپ شەھەرنىڭ خىلۋەت كوچىلىرىدىكى توخۇ قورۇمىسى مەيخانىسىغا ئېلىپ باردى. مەيخانىدا قىزلارغا ھاراق ئىچكۈزۈپ ئاخىرىدا قىزلارنى بىردىن قولتۇقلاپ مېھما ـ نخانىغا ئاپىرىشتى... ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ئاجىز قارشىلىقى بىلەن ئاسانلا ئەمەلگە ئاشقان بۇ جىنايەتنىڭ گۇناھكارلىرى ئۆزۈن قالماي قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ تۆرمە دەرۋازىسىغا يول خېتى ئېلىشتى.

بۇ دېلو پاش بولغاندىن كېيىن ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە ئاشكارە بولۇپ قالدى. (ئەلۋەتتە جەمئىيەتكە ئەمەس) دېلو بىلەن ئۇچراشقان ساقچى، تەپتىش، سوديەلەر ئەخلاقىي كىرىزىسنىڭ قانچىلىق ئېغىرلا

-شقانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىۋاتقان بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەندىشىلىك خىياللارغا پاتتى. بۇ دەل دېلودىن ئاشكارىلىنىپ قالغان ئېپپەت مەخپىيىتى ئىدى. دېلودىكى ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭى 17 ياش، ئەڭ كىچىكى 15 ياش، قالغانلىرى 16 ياش بولۇپ، تەھقىقلەش داۋامىدىكى بەدەن تەكشۈرۈشتە پەقەت بىرسىنىڭلا شۇ كۈندىكى جىنايەت سەۋەبىدىن ئېپپىتى بۇزۇلغانلىقى، قالغان 4 قىزنىڭ ئېپپىتىنىڭ كونا بۇزۇلغانلىقى ھەتتا ئەڭ كىچىكىنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

مانا بۇ ھازىر چوڭ بولىۋاتقان، كەلگۈسىدە ئانا بولۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان قىزلىرىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش. مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى بولغان ئۆسمۈرلەردىن بىر كۆرۈنۈش. «بالىلىرىم مەكتەپتە بىلىم ئېگىلەپ، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئادەم بولىدۇ، قىز بالىنى ياخشىراق ئوقۇتۇپ قويساق چى بولمىغاندا ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالىدۇ، بالىلىق بولسا پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلەيدۇ» دېگەن ئۈمىدلەر بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئوقۇۋاتقان ئاتا- ئانىلار بىلىشنى، ئاڭلاشنى خالىمايدىغان رېئاللىق ئىدى.

مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى ئېتىراپ قىلمايلى «يۇقىرىقىدەك بۆشۈكىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن» قىزلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر مەسىلە.

ئاقسۇدىكىمەلۇم تېخنىكوم مەكتەپكە دەرس ئۆتۈۋاتقان بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە بۇ مەكتەپتە كېچىسى قىزلار ياتاق بىناسى تاقالغاندىن كېيىن ئوغۇللارنىڭ يېنىغا چىقىش ئۈچۈن قەۋەتلىك ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكىلى ئۇرۇنۇپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغان قىز ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىسى بار ئىكەن. مەيلى يۇقىرىقى دېلودىكى قىزلارنىڭ ئەھۋالى بولسۇن ياكى پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغان قىزلارنىڭ ئەھۋالى بولغان ۋە ياكى جەمئىيەتتىكى ئۆزىمىز كۆرۈپ تۇرىۋاتقان كۆپلىگەن قىزلارنىڭ ئەھۋالى بولسۇن بىزدە ئەخلاق تەربىيىمىزگە، تەشۋىقاتلىرىمىزدىكى مائارىپ مۇۋاپىققىيەتلىرىمىزگە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

تەشۋىقاتلىرىمىزدىكى «مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىمىز، ئەۋلادلىرىمىز ئەقلى ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردە ساغلام يېتىلىۋاتىدۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز» دېگەندەك ئۆزىمىزنى خوش قىلىدىغان گەپلەرگە مەسخىرىلىك سۇئال تاشلايدۇ. كىشىلەردە «تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل

كېلەچەكتە دۇنيانى تەۋرىتىدىغان قىزلار 16 ياشقا توشماي تۇرۇپ ئۆيپىتىنى يوقىتىدىغان مەزگىلمۇ؟ قورسىقى ۋە كىيىم - كېچەكى ئۇچۇن شۇندىقلا پۇل ئۇچۇن ئىككىلەنمەيلا ئۆيپىتىنى ساتىدىغان مەزگىلمۇ؟»، «ئۆيپەتسىز يېتىلىۋا-تقان قىزلار ساغلام يېتىلگەن بولامدۇ؟»، «خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان ئېتىقادتىن چەتنەپ، ئۆزگىلەرنىڭ ئىدىيىسى، قىممەت قاراشلىرىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، ئەخلاق بۇزۇلۇشىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىش مەدەنىيەت تەرەققىي قىلامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

خەلقىمىز ئەزەلدىن ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئېتىبار بېرىدىغان خەلق ئىدى. مۇكەممەل ئەخلاق - پەزىلەت ئىدىيىمىز ئۇزۇندىن تارتىپ مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ ئاياللار ۋە قىزلار ئەخلاقىي جەھەتتە ئالاھىدە سەزگۈر ئىدى.

كلاسسىك چۆچەكلىرىمىزدە ئاجايىپ ئەخلاقلىق قىزلار، پاراسەتلىك ئاياللار ئوبرازى كۆپ ئىدى. ماقال - تەمسىللىرىمىزدىمۇ ئەخلاق - پەزىلەت بولۇپمۇ ئاياللار ئەخلاقىنى مەزمۇن قىلغان ئاجايىپ ساباھەتلىك پىكىرلەر، ئېسىل دۇردانىلەر چاقناپ تۇراتتى. خەلقپەرۋەر يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەر «يىگانە ئارال» رومانى بىلەن بىر چاغلاردىكى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ، ئۇيغۇر ئېتىقادىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خۇددى ئېسىل رەسىمدەك كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ بەرگەن ئىدى. تالانتلىق يازغۇچى سەمەت دوگايلىمۇ «ھاياتشامالىرى» رومانىدا ئاينۇر، بۇسارەم قاتارلىق پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بىزدە بىر چاغلاردىكى ئاياللار ئەخلاقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەن ئىدى. ھازىرقى قەشقەركوچىلىرىدىن ئاينۇر، بۇسارەملەرنىڭ ئىزلىرىنى تاپالا-يمىزمۇ؟ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن خېنيا سايىت، ئانارخاننىڭ روھىنى، ۋىجدان سىماسىنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالايمىزمۇ؟

ئەشۇ گۈزەل ئەخلاقلىرىمىز، تەۋرەنمەس ئېتىقادلىرىمىز، ئىمان بىلەن ۋىجدان بىلەن ياشاپ ئۆتكەن دەۋرلىرىمىز، مۇھەببەت - نەپرەت ئېنىق چاغلىر-ىمىز، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن دەڭسەپ، ئادەمدەك ياشىيالىغان ئادەملىرىمىز ئەمدى كەلمەسكە كەتتىمۇ؟ نىملەرنى يوقۇتۇپ، نېملەرگە ئېرىشىۋاتىمىز؟ راست گەپنى دېگەندە بارغانچە قورقۇنچاق بولۇپ كەتتۇق. ھەق ئىش قىلىشتىنمۇ قورقتۇق. ھەقىقىي سۆزلەش-تىنمۇ قورقتۇق. ۋنيادا ئۇيغۇرنىڭ جېنىدىنمۇ تاتلىق جان بارمىكىن؟ مانا بىر

چاغلاردا ھەقىقىي ئادەملىرىمىز بار قووم ئىدۇق. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ
ئالمىشىشى بىلەن بارا-بارا تۇرقىمىز ئادەمدەك تۇرغان بىلەن روھىمىز ئادەملىك
-تىن ياتلاشتى. دۇنياغا ئىنسان نىمىشقا كەلدى؟ ئىنسان قانداق ياشىشى كېرەك؟
ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن نىملەرنى قىلىشى كېرەك؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىمىز
-گە قويۇشتىن ئۆلگۈدەك قورقتۇق. «ئىشەكنىڭ دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە
قولۇڭنى قاقلا»، «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەندەك كور مەنتىقى
-لەرنى شۇئار قىلىپ توۋلاپ، زامان قانداق كولدۇرلاتسا شۇنداق ئۇسۇل ئويناپ،
يىلتىزىمىزدىن، ئەسلى ئەقىدىلىرىمىزدىن ياتلاشقان بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ
چىقتۇق. تىلى ئۇيغۇرنىڭ بولغان بىلەن دىلى ئۇيغۇرغا يات بولغان؛ چىرايى
ئۇيغۇر بولغان بىلەن يۈرىكى ئۇيغۇر ئۈچۈن سوقمايدىغان» قېنى ئۇيغۇرنىڭ
بولغىنى بىلەن جېنى ئۇيغۇر ئۈچۈن چىقمايدىغان؛ دادىسى، ئاپىسى ئۇيغۇر
بولغان بىلەن ئۇيغۇرنى پەس كۆرىدىغان؛ ئىسمى ئۇيغۇرچە بولغان بىلەن
ۋۇجۇدىدىن ئۇيغۇرغا خاس ھېچنىمە تاپقىلى بولمايدىغان، ئىدىيىسى، قىلىق
-لىرى، ئەخلاقى ئۇيغۇرغا يات بىر تۈركۈم ماڭقۇرتلار توپى بارلىققا كەلدى.
ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ئېغىرلىشىپ شۇ دەرىجىگە باردىكى، يۇقىرىقى
دېلودىكىدەك ئىپپەتسىز قىزلار كۆپەيدى. يېشى بارغانچە كىچىكلەپ باردى.
«باچكا جالاپ» دېيىلىدىغان بۇنداق قىزلارنىڭ نۆۋەتتە مۇئەييەن جەمئىيە
-تلەشكىنى ئاشكارە پاكىت بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەتسىز
-لىشىشى نامراتلىق، جىنايەت، جەمئىيەت، ئائىلە، ئىشسىزلىق، زەھەرلىك
چېكىملىك قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئەمما نامراتلىق
بىلەن ئىشسىزلىق ئامىللىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۇ خىل ئەخلاق كىرزىسىنى
ئاقلاش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

يۇقىرىقى دېلودىكى ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ
باقساقلا ھەممە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ خېلى
ھاللىق ئائىلە ئىكەنلىكى، مەكتەپكە بېرىدىغان خىراجەتلەرنى تولۇق بەرگە
-نلىكى، قىزلىرىنى خىراجەتتىن قىسىپ قويمىغانلىقى، قىزلارنىڭ بۇ پۇللارنى
دېسكوخانىغا خەجلىگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ھاللىق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ قىزلىق
ئىپپىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان. بەش قىزنىڭ ئىچىدىكى تۆتى

جىنايەتتىن بۇرۇنلا قىزلىق ئىپپىتىنى يۇقۇتۇپ بولغان. بۇنىڭ سەۋەپچىسى قانداقتۇر جىنايەت ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قىزلاردىكى ئېتىقادسىزلىق ھەم ئەخلاق ئېڭىدىن ئىبارەت. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئالدىمىزدا پەيدا بولىدىغان بىر قاتار سوئاللارنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئامالسىز قالىمىز. ئەشۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەشكە مەجبۇر بولىمىز.

ئائىلە تەربىيىسى قىزلىرىمىزدا قىزلار ئەخلاقىنىڭ مېغىزى بولغان ئىپپەت ئېڭىنى نېمە ئۈچۈن يېتىلدۈرەلمەيدۇ؟ مەكتەپ تەربىيىسى قىزلارنى ئەخلاقى بۇزۇلۇشتىن نېمە ئۈچۈن توسۇپ قالالمايدۇ؟ جەمئىيەت ئەخلاقى بۇزۇلۇشنى نېمە ئۈچۈن ئەيىبلەشكە قادىر بولالمايدۇ؟ ئەكسىچە نېمە ئۈچۈن بۇزۇلۇشنى كۈچەيتىدۇ؟

مېنىڭچە تەربىيىسىز قېلىش ھازىرقىدەك ئېغىر كىرزىسقا يېتىپ قېلىشىدـ ـمىزدىكى تۈپ سەۋەپ بولسا كېرەك. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ، خەلقىمىزنىڭ تەربىيە (روھىيتىمىزدىن، ئەنئەنىمىزدىن، يىلتىزىمىزدىن چەتنەپ كەتكەن تەربىيە مەن كۆزدە تۇتقان تەربىيە ئەمەس) پۇرسەتلىرىگە قانچىلىك ئېرىشكە ـنلىكىنى تەكشۈرسەكلا ھەممە پاكىت ئايان بولىدۇ. بوران- چاپقۇنلۇق ئۇزاق ئۆتمۈشنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆتكەن بىر ئەسىرنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خەلقىمىزنىڭ كۆنى جىلىك شۇرىن، ياك زىڭشىن، شىڭ شىسەي قاتارلىق ئالدامچى، قانخور جاللاتلارنىڭ زۇلمى تىرورىستىك سىياسى ئاستىدا ئۆتتى. شۇنداقلا، يەنە ئاشۇلارنىڭ رەزىل سىياستىنىڭ نەتىجە ـسىدە، ھەمدە بوران- چاپقۇن، سىياسىي داۋالغۇشلار ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەركىن مۇھىت ئىچىدە تەربىيە ئېلىش، تەربىيە ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىش پۇرسەتلىرى نېسىپ بولمىدى.

20ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى باشلىنىش بىلەن تەڭ ئايىقى ئۈزۈلمەس 3 يىللار داۋاملاشقان سىياسىي ھەرىكەتلەر خەلقىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش چۈشىنى ئۈزىل- كېسىل بىتچىت قىلىۋەتتى. خەلقىمىزگە بۇنداق پۇرسەت يەنىلا نېسىپ بولمىدى. قول ئىلكىدە مۈلكى بارلار ئەسلى- ۋەسلىدىن تامامەن ئايرىلدى. بىلىمى بارلار زىندانغا تاشلاندى. ھەممە ئادەم ھايات ياشاش ھەلەكچىلىكىدە قېلىپ، تەربىيىلىنىش دېگەننى ئويلاشقىمۇ چولىسى تەگمىدى. ۋىلايىتىمىزدىكى ئەھۋالنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، باي ناھىيىدە سۈنئىي پەيدا قىلىنغان

ئاچارچىلىقتا مىڭلاپ ئادەملەر ئاچ قىلىپ ئۆلدى. ئۆز ئېتىقادى بويىچە هارام گۆش يېمەيدىغان خەلق ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئىشەك، ئىت گۆشلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. تاشلاندۇق سۆڭەكلەرنى، ئوت - چۆپلەرنى يەپ بېقىپمۇ هاياتىنى ساقلاشقا كۆزى يەتمىگەنلىرى ئادەم گۆشى (ئاچلىقتا ئۆلگەنلەرنىڭ گۆشى) يېيىشكە مەجبۇر بولدى. (مەن بۇ هەقتە ئەهۋال ئىگىلەپ بىر قىسىم ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم) ئاچلىقتا ئۆلگەنلەرنى قائىدە - يوسۇن بويىچە يۇيۇپ - تاراپ دەپنە قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئادەم گۆشى يېگەنلىرى ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نېمىش قىلغانلىقىنى بىلىپ پۇشايماندا ساراڭ بولۇپ، سۆرىلىپ يۈرۈپ ئۆلۈپ تۈگەشتى. شۇ يىللاردا يەنە بارلىق ئەنئەنىلىرىمىز كونىلىق قاتاردا ئەيىبلەندى. هەتتا كېيىم - كېچەك، ياسىنىش، قائىدە - يوسۇنلىرىمىزمۇ چەتتە قالدى. ئېتىقاد خورلاندى، روھ خورلاندى... ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىغان هەممىلا نەرسىمىز كونىچە تارتىلدى. قانۇن يوق، تەرتىپ يوق، ئادالەت يوق، پۇقرالار خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە، قورقۇنچ ئىچىدە، ۋەهىمە ئىچىدە قالغان بۇنداق جەمئىيەتتە تەربىيە مەسىلىسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئېتىقاد سۇسلاشتى، دىنسىز، ئەخلاقسىز، ئېتىقادسىز، ئىمانسىز ئادەملەر ئاۋۇپ باردى.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيە - تىنىڭ ئۆزگىرىشى ناهايىتى تېز بولدى. ئەسىرلەپ تەربىيىسىز قالغان خەلق ئۆزىنى تونۇپ ئۈلگۈرمەيلا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ ئېقىمدا خىلمۇ - خىل قىممەت قارىشى، خىلمۇ - خىل مەدەنىيەت هادىسىسى، تۈرلۈك ئىدىيە - كۆز - قاراش ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن رەۋىشتە تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىسىگە، قىممەت قارىشىغا، روهىيىتىگە، ئېتىقادىغا يات نەرسىلەرمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا قوبۇل قىلغاندا ئاۋال دەڭسەپ كۆرۈپ، پايدا - زىياننى ئويلۇشۇپ، مۇۋاپىقلىقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. قاراقويۇق قوبۇل قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئالدىن كۆرۈش كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن ساپا كېرەك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شەخسكە تايىنىپ بۇنى ئورۇندىغىلى بولمايتتى. بۇنداق ساپانى، شارائىتنى ئەسىرلەپ تەربىيىسىز قالغان خەلق تويېدىن تەلەپقىلىش مۇمكىنمۇ؟ نەتىجىدە رەڭگارەڭ ئۆزگىرىش ۋە بىنورمال تەرەققىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېڭى بىر كرىزىس ئېلىپ كەلدى. بۇ كرىزىس

دەل ئېتىقاد ۋە ئەخلاق كىرزىسى ئىدى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كىرىزىسكە تويۇنغان بىر ئەۋلاد نۆۋەتتىكى ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن تۈزۈلگەن تەربىيە سىستېمىمىزنى رېئاللىق ئارقىلىق كۈچلۈك مەسخىرە قىلدى. ئىپپەتسىز قىزلار، غايىسىز ئوغۇللار، ئېتىقادسىز ئەۋلاد، ماڭقۇرتلاشقان ياشلارنىڭ رېئا -للىقنى بىزنى تەربىيە سىستېمىمىزنى قايتا كۆزتىتىپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئېرىشكەن پۇرسىتىمىزدىكى تەربىيىدە كەمتۈكلۈك بارمۇ- يوق؟ دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ئائىلە تەربىيىمىزنى كۆزەتسەك شۇ پاكىت ئايانكى، باللارنى تەربىيىلە -شتە ئەقلىمىز كام، ساپايىمىز تۆۋەن بولدى. ئۆزىمىزدە توغرا بىر ئىدىيە بولمىغاچقا، باللارنى پىلانلىق، مەقسەتلىك تەربىيىلەشكە قادىر بولالمىدۇق. ئۆزىمىزدە ئېتىقاد بولمىغاچقا، باللارغا بىرەر ئېتىقادنى بالىلىق چاغدىن باشلاپ نىشانلىق سىڭدۈرەلمىدۇق. باللار ساغلام چوڭ بولسا خاتىرجەم بولدۇق. روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلەلمىدۇق. شەھەرلەردە ئانىلار ئوغۇز سۈت -لىرىنى باللاردىن ئاياشتى. ئانىسىنى ئىمىپ چوڭ بولۇشقا بۇيرۇلغان بوۋاقلار، هايۋان سۈتىنى ئىمىپ چوڭ بولدى. ئانىلار بوۋاقلارنىڭ هايۋان خۇيلۇق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي، باللارنى ئېمىتسە ئۆزىنىڭ سەتلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنداق قىلىپ بوۋاق تۇغۇلۇپلا شەخسىيەتچىلىكنىڭ قۇربانى بولدى. شەھەردىكى خىزمەتچى ئاتا- ئانىلار كۈندۈزى خىزمەت، كەچلىرى ئولتۇرۇش، قاتار چاي دېگەندەكلەر بىلەن ئالدىراش يۈرۈشۈپ، باللىرى بىلەن كۆپىرەك بىرگە بولۇشقا، كۆپىرەك سىردىشىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. باللارنىڭ كۆرگىنى ئانا ئورنىدا هالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان چالا ساۋات بالا باققۇچى قىزلار بولدى. بۇ قىزلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، باللارنىڭ قورسىقىنى باققاندىن باشقا، ئادەملىك يولىغا يېتەكلەپ ماڭالمىدى. يەنە بىر قىسىم ئاتا- ئانىلار كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىرىشىپ باللار ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىشكىمۇ قادىر بولالماي، باللارنى يېمەكلىك كوچىغا تاشلاشتى. يەنە بىر قىسىملىرى ھەتتا بىلدۈرۈپ يۈرۈپ سىرتتا ئاشنا تۇتۇپ ئەخلاقسىزلىق ئۇرۇقىنى باللىرىنىڭ قەلبىگە تېرىشتى... يېزىلاردا دېھقان دادا ئېتىزدا، هاشاردا، ئانىلارئېتىزدا،

قازان بېشىدا، بالىلىرىغا قاراشقا چولىسى تەگسە ياخشىراق بېقىشقا قادىر بولالماي بالىلىرىنى چوڭ قىلدى. شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ ئائىلىدىن كۆرىد -ىغان خوشاللىقى، بالىلىق ھۇزۇرلىرى، بالىلىق چاغدا ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىد -ىغان ئادىمىيلىك يوللىرى چالا قالدى. تۇنجى ئۇستاز بولغان ئاتا-ئانا بالىلىرىغا چالا تەربىيىلىك تۇنجى تامغىسىنى باستى. مەكتەپ بالىلارنىڭ ئادىمىيلىك يولىدىكى يەنە بىر بۆشۈكى ئىدى. بۇ بۆشۈك بالىلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى مەلۇم نوقتىدىن بەلگىلەپ قويىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئەمما بۇ بۆشۈك ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئەسلى يىلتىزىمىز، ئەنئەنىمىز، قىممەت قارىشى بويىچە ئەخلاق پەزىلەت ۋە ئېتىقاد ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقا -لمىدى. بالىلار مەكتەپكە كىرىپلا بىلىش دائىرىسىدىن، ھەزىم قىلىش ئىقتىدار -ىدىن ھالقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. چۈشەنمىسە يادىلاپ بېرىپ، كۆچۈرۈپ بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شەكىللىۋازلىقتىن تۇنجى نەپ ئالدى. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغانسېرى كۆپ نەرسىلەر ئۆگىنىلدى. ئەمما ئادەم بولۇش يولى ھەققىدە ئۆگىتىلمىدى. مىللىي ئەخلاق، غۇرۇر، ئېتىقاد، ئەنئەنە، مىللىي روھ قاتارلىق تولىمۇ زۆرۈر بولغان نەرسىلەر دەرسلىك كىتابتا بولمىغىنى ئۈچۈن دەرسخانىدا سۆزلەنمىدى. قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان قىزلار ئەخلاقى، ئىپپەت تەربىيىسى، قىزلىق ئىپپىتىنىڭ قىزلار ھاياتىغا، ئەۋلاد كېلەچىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەسىرى، مەنىۋىلىكنى ئاساس قىلغان ئېتىقاد تەربىيىسى دېگەنلەرمۇ تەربىيىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. دەرسخانىدا تىلغا ئېلىنمىغاچقا، كىچىك چاغدىن باشلاپ قىزلار قەلبىدە يەرلەشمىدى. قىزلار روھىيىتىگە سىڭىپ كىرەلمىدى... ئادەمگە ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەرنى چەتتە قالدۇرۇپ، ئادىمىيلىككە ياردىمى بولمىغان نەرسىلەرنى زورلاپ ئۆگىتىش نۆۋەتتىكى مائارىپىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپمۇ بالىلارغا چالا تەربىيىنىڭ يەنە بىر تامغىسىنى باستى.

ئاتا-ئانىلار جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى تەرەپكە يېتە -كلىشىنى، توغرا قىممەت قارىشى تىكلەپ، ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئادەملىك قىممىتى بىلەن ياشاشقا يول كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما جەمئىيەت تەربىيىسى بۇنداق ئۈمىدنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. بالىلارنىڭ جەمئىيەتتە كۆرگىنى، ھېس قىلغىنى ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا سۆزلىگەن ئوخشىمايدىغان

يەنە بىر دۇنيا بولدى. كىيلەچەكنىڭ بۇ «ئىگىلىرى» جەمئىيەتتە ئۆزى ئۈمىد قىلغان ئورۇنغا، ئالقىشقا، ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، قورساق بېقىش ئۈچۈن ئىش تېپىشمۇ تەسكە چۈشتى. ئۆگەنگەن نەرسىلىرى رېئاللىقى يوق، ئەھمىيەتسىز بىلىندى. ماتېماتىكا دەرسىدە ئۆگە ـنگەن مۇرەككەپ نەرسىلەر ئائىلىدىكى ئۇزۇلۇپ كەتكەن توك يولىنى ئۇلىشاشقا ئەسقاتمىدى. ئۆگەنگەن بىلىملەر جان بېقىشقاھېچنىمىگە دال بولالمىدى. نەتىجىدە قىزلار خۇددى ياراتقان دەسمايىسىنى بازارغا سېلىش، بىر قىسىم ئوغۇللار ئۆز يولىدىن چەتنەشكە باشلىدى.

تەربىيىدىكى كەمتۈكلۈك بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. تۆۋەندىكى غەلىتە كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ باقايلى:

بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل ئانىسىغا بىر توخۇنىمۇ بوغۇزلاپ بېرەلمىدى. ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئۆگەتمىگەن ئىدى. ئانا ئوغلىغا قاراپ ئۈمىدسىزلەندى.

بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇلنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولدى. ئوغۇل مېيىت نامىزىنى ئوقۇشنى بىلمىدى. چۈنكى بۇمۇ ئۆگىتىلمىگەن ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ مەنبەسى: بالىلىق بولغان ئوغۇل ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بېرىپ يىغلاپ-يىغلاپ قايتىپ كەلدى. يىغلاشتىن باشقا گەپ قىلالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا قەبرە يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان ئايەت- دۇئالار ئۆگىتىلمىگەن ئىدى. بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ ياكى تۇغقىنىنىڭ ناماز پەتىسىگە باردى. ئەمما بېرىپ بۇتتەك قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ناماز پەتىسىگە بارغاندا نېمە قىلىش ئۆگىتىلمىگەن ئىدى.

ئوغۇل چوڭلار ئارىسىدا غەرق مەست، ئالا- تاغىل سۆزلىدى. ئۇنىڭغا ئەخلاق ئۆگىتىلمىگەن ئىدى.

قىز بويىغا يېتە- يەتمەيلا ئېيىپتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭغا قىزلار ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكى، قىزلىقى بار يارىتىلىشىنىڭ ئۆزىلا قانداق چوڭقۇر ھېكمەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنى يوقىتىشىنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، ئائىلىمۇ، مەكتىپىمۇ، جەمئىيەتمۇ ئۆگەتمىگەن ئىدى.

يەنە نۇرغۇن- نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر بار. (ھەممىنى ساناپ بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس) ئەمما بالىلار ياقتۇرۇدىغان تېلۋېزور، رادىئو، گېزىت- ژورناللاربۇ

ھەقتە ھېچ نەرسە ئۆگەتمەيتتى. ئەجدادلار ئېتىقادىنى، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى، ئادەملىك يوللىرىنى سۆزلەيدىغان، ئۆگىنىدىغان سورۇن يوق ئىدى.

شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ خىل روھ ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ پۈتكۈل ساھەسىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ مەنىۋى تۈۋرۈك ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقى-مىزانلىرى، قىممەت قاراشلىرى، ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى، تىرىكچىلىك قىلىش ئىدىيىلىرى، ھالال بىلەن ھارام، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، قەھرىمانلىق ۋە مۇناپىقلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى؛ تۇرمۇش قۇرۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش، بىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق تۇرمۇش پەلسەپىلىرى بۇ روھنى مېغىز قىلىپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم بولۇش يولى، ئادەم بولۇش ئىدىيىسى ئەشۇ مېغىزدىن چەتنىسە، يىلتىزىدىن، ئەنئەنىلەردىن چەتنىگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەخلاقى ئۆنىگىدىن چەتنىسە بۇزۇلۇشقا ماڭغان بولىدۇ. تەربىيىلىرىمىز ئۆنىگىدىن چەتنىسە مۇكەممەل تەربىيە بولالمايدۇ. يۇقىرىدا بىز كۆزەتكەن تەربىيىلەرنىڭ چالا بولۇپ قېلىش سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە. بۇ روھ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقەددەس روھ.

جۇڭخۇا خەلقجۇمھۇرىيىتى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت. جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ۋە تۈرلۈك قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش يولى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئاساسىي قانۇن-بەلگىلىمىدە پۇقرانىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇر-ىيىتى بولىدۇ. دۆلەت ياشلارنى، ئۆسمۈرلەرنى، باللارنى ئەخلاقى، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەش ھوقۇقى، ئەتراپلىق يېتىلىش ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق يېتىلىشنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدىن دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، مىللىي ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىش، مىللىي ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ بۇنداق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ زۆرۈر بولغان دىنىي، ئەخلاقى تەربىيە ئالماي تۇرۇپ تەربىيىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بۇنداق تەلىملەرنىڭ چەتتە قالدۇرۇلۇشى قانۇندىكى ياشلارنى، ئۆسمۈرلەرنى،

باللارنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش تەلىپىگە، جۇملىدىن ئاساسىي قانۇن روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يىلتىزدىن باشلانغان ئائىلە تەربىيىسى؛ مىللىي ئەخلاق چەتتە قالدۇرۇلغان، تەشەببۇس قىلىنمايدىغان، ئىنسان روھىغا تەسىر كۆرسى-تىش، ئىنسان روھىنى قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى يوق سۇنئىيلەشكەن جەمئىيەت تەربىيىسى؛ روھىمىزغا، قېنىمىزغا، ئەقىدىمىزگە يات ئېتىقاد تەربىيىسى ھەر گىزمۇ، ياشلارنى، ئۆسمۈرلەرنى، باللارنى مۇكەممەللىككە باشلاشقا، ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. نەتىجىدە مۇشۇ دېلودىن ئاشكارلانغانغا ئوخشاش ئېپپەتسىز قىزلار تۇركۇم- تۇركۇملەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر ئاتا- ئانىلىرى جەمئىيەتكە چىرايلىق جالاپلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان؛ بۇ چىرايلىق جالاپلار ھازىرقىدەك جۇڭگونىڭ ھەممىلا شەھىرىگە يۆلتۈزدەك تارىلىپ، پاھىشۋازلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ بېرىدىغان؛ ناخشا- ئۇسۇل ماكانى دەپ تونۇلغان ئەزىز يۇرت قايتىدىن «ئوغرى- جالاپ» ماكانى دەپ تونۇلىدىغان ھالەت رويابقا چىقىدۇ...

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلار ئامىسىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھەممىگە ئايان پاكىت. ئاساسىي قانۇننىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغانلىقىمۇ ئاشكارە پاكىت. بۇ يەردە كىشلەر تىلغا ئېلىشتىن ئىھتىيات قىلىدىغان يەنە بىر پاكىتمۇ مەۋجۇت. نۆۋەتتە تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلار كىشىلەر -نىڭ بىلىم ئېگىلىشى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورالغا ئايلاندى. تەشۋىقات سالمىقى جەھەتتە ئاتېئىزملىق تەربىيىسى مۇتلەق ئۈستۈ -نلۈكنى ئىگىلىدى. شۇڭا بىز دېمەكچى بولغان، كىشلەر تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان پاكىت شۇكى، تەشۋىقاتلىرىمىز، مەتبۇئاتلىرىمىز دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا نىمىلەر زۆرۈرلۈكىنى، بۇ خىل ئامىمىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەشۋىقاتتىن مۇئەييەن ئورۇن بېرىش كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدى. بۇ رېئاللىق شۇكى، نۆۋەتتە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىدىن باشقا بۇ جەھەتتە ئىزچىل خىزمەت قىلىۋاتقان ئاخبارات، نەشرىيات، تەھرىرات ئورۇنلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. رادىئو، تېلېۋىز -يە جىنسى ئاجىزلىقنى داۋالاش توغرىسىدىكى تېتىقسىز ئېلانلارنى تەكرار- تەكرار بېرىدۇكى، ئۇيغۇر ئېتىقادىدىكى، روھىدىكى، ئەخلاقىدىكى ئۆڭكۈدىن

ئېغىر كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەققىدە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەكتە-پلەردە تاغلار، سۇلار، ھاشارەتلەر توغرىلىق سۆزلىنىدۇكى، ئەڭ زۆرۈر بولغان ئېتىقاد، قىزلار ئەخلاقى، ئوغۇللار ئەخلاقى، يەنە ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ھاياسىز تەرجىمە فىلىملىرى تەكرار- تەكرار بېرىلىدۇ. ئەمما دىنىي ئۆلىما، دىنىي ئالىم ۋە پىشۋالىرىمىزنىڭ ياشلارغا، باللارغا شۇنداقلا ھەممىمىزگە مەلۇم قاراتمىلىقى بولغان ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيلىرى، ئادەم بولۇش يولىنى چۈشە-ندۈرىدىغان تەربىيلىرى بېرىلمەيدۇ. رادىئودا تەشۋىقات ئۈچۈن پۇل بېرىپ يازدۇرۇلغان نەرسىلەر ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا ئاڭلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئەڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدە ساۋات ئاڭلىتىلمايدۇ. نەتىجىدە يەنىلا ئەدەپ- ئەخلاق ۋە ئېتىقاد جەھەتتە يېتەكلەشكە ئېرىشەلمەي خالىغان خىلمۇ-خىل نەرسىلەرنى ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋېلىپ، پاجىئە يولىغا قاراپ ماڭىدۇ... شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق ھالەت دېموكراتىيىگە قاراپ كېتىۋاتقان، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەتتە ئۇزاق داۋاملىشىپ كەتسە ئاساسىي قانۇنغا ئىشەنچىنىڭ سۇسلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاساسىي قانۇن روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن تەربىيەسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى، چالا تەربىيىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ، قانۇنغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئاساسىي قانۇن روھى بويىچە باللارنى قۇتقۇزۇش، قىزلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەق گەپ قىلىش ھەممىمىزنىڭ ۋىجدان بۇرچى بولسا كېرەك.

يەنە شۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇكى، يۇقىرىقى دېلودىن ئاشكار-بولانغان مەخپىيەتلىكلىرىمىزمۇ بىز قىزلىرىمىز توغرىسىدا ئەندىشە پەيدا قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇنداق ئاڭ پەيدا بولغاندىلا ئىپپەتسىز قىزلارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، گاڭگىرىغان ئەۋلادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەرنى قىلىش زۆرۈرلىكى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايمىز. چۈنكى يۈرەك پارىلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭكى، ئىزدەنگۈچىلەر كۆپ بەدەللەرنى تۆلەپ بولسىمۇ يولنى چوقۇم تاپالايدۇ.

## دېلودىنسىرت دېلو – پويىزدا ئۇچرىغان ئىككى ئۇيغۇر

ئەشۇ ئىشلاربولغىنىغا ھەش- پەش دېگۈچە بىر قانچە يىل بولدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنتۇلدى، ئەمما ئەشۇ ئىشلارنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. ھەر قېتىم ئەشۇ سەپەر ئېسىمگە كېلىپ قالسىلا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنتۇيالمايۋاتقان بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە ئاجايىپ- غارايىپ دېيلو ئەمەس. مېنىڭ چۈشەنچەمچە دېيلو ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنى قانۇن سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلالايدۇ. بىر خىلىنى قانۇن سۈرۈشتە قىلالمايدۇ. قانۇن سۈرۈشتە قىلىشقا قادىر بولمىغىنى ماھىيەتتە ئۇمۇ بىر خىل دېيلو. مەن ئۇنى ۋىجدان دېيلوسى دەپ ئاتىدىم. گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەم، مېنىڭ سۆزلىمەكچى بولغىنىم يازمىلىرىمنىڭ تېمىسىغا چېتىشلىق ئادەتتىكى بىر ھېكايە.

شۇ چاغدا مەن بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە ماڭغان ئىدىم. ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا بېيجىڭغا ماڭىدىغان پويىزغا چىقىپ جايلىشىپ بولغۇچە تارقىتىدىغان ئاۋارچىلىقلار- قىستاڭ زالدا ئۈچىرەتتە تۇرۇش، يۈك- تاقنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن يەر ئاستى يولىدا يۈگۈرگەندەك مېڭىش، ئورۇننى ئىزدەپ تېپىپ، يۈك- تاقنى كارۋات يېنىدىكى ئورۇنلاردىن بىرسىگە جاي تاللىشىپ يۆرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ جەرياندا يولۇققان قوپال مۇئامىلە، مىغىلدىغان ئادەم توپىدىن چىقىۋاتقان تەر ئارلاش سېسىق پۇراق، ۋاراڭ- چۇرۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ مۇشۇ مېنىڭ جايىمكەن دەپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتقىنىمدا خېلىلا كېچە بولغان ئىدى. ھەممىلا يولوچى چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. پويىزدا كېچە ئاسمىنىدا گۈدۈك تووۋلاپ قوزغىلىشى بىلەن ۋاراڭ- چۇرۇڭلارمۇ ئاستا- ئاستا بېسىقىپ قالغان ئىدى. جىمجىتلىقنى رېلىسنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى...

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا يۈز يۇيغىلى ماڭغاچ دىققەت قىلسام، بۇ ۋاگوندا ئۆزەمدىن باشقا بىرمۇ ئۇيغۇر كۆزۈمگە چېلىقمىدى. ۋاگوندىكى ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئىچىدە كىتاپ ئوقۇسام دىققىتىم بۆلۈنۈپ، ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇم قېچىپ باشقا ۋاگونلارنى ئارلاپ باققۇم، بىرەر تونۇش- بىلىش، ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئۇيغۇر ئۇچراپ قالسا پاراڭلىشىپ كەلگۈم كەلدى. خوشنا ۋاگوندىن ئۇستىۋېشى سالاپەتلىك بىر ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىر خەنزۇچە ژۇرنالغا قاراپ تۇرغاچقا مېنى كۆرمىدى. مەن باشقا ۋاگونغا ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق مېڭىپ باقسامىمۇ، بىرەر تونۇش- بىلىشنى ئۇچرىتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن كەينىمگە قايتىپ ھېلىقى سالاپەتلىك ئۇيغۇر بار ۋاگوندىن ئۆتۈۋاتقىنىمدا ئىككىمىز قارىشىپ قالدۇق.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - دېدىم مەن ئالدىمغا چامداپ.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ياخشىمۇ سىز، - دېدى ئۇمۇ ماڭا قول ئۇزىتىپ.

شۇنداق قىلىپ بىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇزۇن يولدا ھال مۇڭ بولۇشقىدەك بىر ھەمراھنىڭ چىقىپ قالغىنىدىن خوشال ئىدىم. ئۇ كىشى بېيجىڭغا يىغىنغا ماڭغان بولۇپ، مەلۇم شەھەردە مەلۇم ئورگاننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن. ئېيتىشىچە ئايروپىلانغا چىقسىلا بېشى قېيىپ قىلىنىپ كېتىدىكەن ھەم بىخەتەر ئەمەس دەپ قارايدىكەن. شۇڭا پويىزغا ئولتۇرغانىكەن. مەنزىلگە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئۇزاق ماڭاتتۇق. ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى. بىز يۇرتلار توغرىلىق، خەلقئاراد -ىكى ئىشلار توغرىلىق، يەنە ئاللىقانداق مەسىلىلەر توغرىلىق پاراڭ سوقۇپ كۆڭلىنى كەچ قىلدۇق. ئەتىسى كۆرۈشىدىغانلىقىمىزغا كېلىشىپ ئورنۇمغا كېلىپ ياتقىنىمدا كەيپىياتىم تولىمۇ ياخشى ئىدى. ئاخشامقى بىئاراملىقمۇ غايىپ بولغان ئىدى. پويىزدا بىر ئۇيغۇر بىلەن يەنە كېلىپ سالاپەتلىك ئەمەلدار بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمدىن خوشال ئىدىم. تۈنجى قېتىم بۇنداق ئۇزاق سەپەرگە چىققانلىقىم، يەنە كېلىپ يالغۇز چىققانلىقىمدىن بولسا كېرەك، پويىزدا كۆرگەن بۇ ئۇيغۇر ماڭا تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى يەنە ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقنىڭ يېنىغا باردىم. قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇ كۆزۈمدە تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈندى.

-ئۇكا، - دېدى ئۇ ماڭا كارۋات كۆرسىتىپ، (ئورنى تۆۋەنكى كارىۋات ئىكەن) بىر ھازاتاغدىن-باغدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، - سەپەردىكەندە ئانچە - مۇنچە ئىچىپ ماڭمىساق، كەپىمۇ تەگمەپ قالىدۇ. ئازراق ئىچىپ قويايلى.

مەن ئۆزرە سوراپ ھاراقتىن ئۆزمەنى قاچۇردۇم. ھەر ھالدا ئۇ بەك زورلاپ تۇرىۋالمىدى. كارۋات يېنىدىكى كىچىك شىرەگە تەرخەمەك، تۇخۇم قاتارلىق ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى قويۇپ شىشىدىن قەغەز ئىستاكانغا ئوتتۇرا ھاراقنى تۆكۈپ بىر يۇتۇم ئىچىپ تۇرۇشىغا قارىشى تەرەپتىكى كارىۋاتتا پاكار، سېمىز خەنزۇ كىشى كېلىپ ئولتۇردى.

- باشقا ۋاگونلارنى ئارلاپ كەلدىڭىزمۇ؟ كېلىك ھاردۇق چىقارغاچ بىرەر رومكىدىن ئىچەيلى، - دېدى مۇئاۋىن باشلىق ئۇنىڭغا.

- مەن ھاراق كۆتۈرەلمەيمەن، -دېدى ھېلىقى كىشى، -سىلەر شىنجاڭ -لىقلار ھاراقنى بەك كۆتۈرىدىكەنسىلەر، ھەۋىسىم كېلىپ قالدى.

- ھەۋەسكارلار كېلىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ، - دېدى مۇئاۋىن باشلىق ئۇنىڭغا، - تۆزۈت قىلماڭ. تونۇشۇپ دوستلىشىپمۇ قالدۇق. شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش نىيىتىدە ئەمەلىي شارائىتنى كۆرگىلى بېرىپ قايتىپسىز. بەك خاسىيە-تلىك ئىش قىپسىز. كېلىك دەيمەن بىرەر رومكىدىن كۆتۈرەيلى.

ھېلىقى كىشى شىرە تەرەپكە سۈرۈلدى. مۇئاۋىن باشلىق مېنى ئۇنىڭغا، ئۇنى ماڭا تونۇشتۇردى. مۇئاۋىن باشلىقنىڭ دېيىشىچە بۇ كىشى مەلۇم گورۇھ شىركىتىنىڭ خوجايىنىكەن. شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شىنجاڭغا بارغانىكەن. مۇئاۋىن باشلىقنىڭ خەنزۇچىنى شۇنداق راۋان، ئۆلچەملىك سۆزلىشىگە قاراپ ھۆرمىتىم ئېشىپ بېرىۋاتقاندەك تەسىراتتا ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ مۇئاۋىن باشلىق بىلەن خوجايىنىنىڭ سۆھبىتى قىزىپ كەتتى. گەپ تېمىسى بارا- بارا ئاياللارغا يۆتكەلدى. بۇنىڭغا ھېلىقى خوجايىن نىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى چىرايلىق كېلىدىكەن دېگەن سۆزى سەۋەبچى بولسا كېرەك. مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

- ئىسلاھات ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ ئىدىيىسى زور دەرىجىدە ئازات بولدى. خوجايىنلىق ئېگى ئۆزلۈكسىز كۆچەيدى. ئورنى بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى. ئىدىيىدە ئالغا باستى. بىر مىسال ئالسام ھاراق دېگەننى ھازىر ئاياللارمۇ، خانىم-قىزلارمۇ ئىچىدىغان بولدى. پۇل بەرسەڭلا توي قىلمىغان قىزلارمۇ قوينۇڭغا كىرىپ يېتىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى.

- ھە، مۇنداق دەڭ، - دېدى خوجايىن قىزىقىپ.

- بىزدە خانىم- قىزلار چىرايلىق بولغىنى بىلەن قابىلىيىتى تۆۋەن. قابىلىيەتسىزلىكتىن جان باقالمىسا ھۆسىن- جامالىغا تايىنىپ جان باقسۇن دەپ شۇنداق يارىتىلغانمىكىن دەيمەن. جاھاننىڭ ھەممە نەرسىسى تەڭشەكلىك ئەمەسمۇ. ھازىر چىرايى بولسىلا بۇرۇنقىدەك پۇل تاپىمىز دەپ جاپا تارتىپ ئىشلىمىسىمۇ، بىرەر يىل ئەر خەقلەرگە مۇلازىمەت قىلىپ بەرسە خېلىلا بېيىيا-لايدىغان شارائىت يارىتىلدى. ئۆتمۈشتە يۈزىنى ئوراپ يۈرۈيدىغان قىز- چوكانلارنىڭ بۈگۈن بۇنداق ھالەتكە كېلىشى چوڭ تەرەققىيات جۇمۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىنى ئازات قىلىڭلار دېگەن گېپى بەك دانا گەپ بولغانىكەن. مانا بۇنىڭ نەتىجىسىنى خانىم- قىزلىرىمىز كۆردى...

مەن ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش ئىچىدە مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى.

بىز ياشتىكى ئەرلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئوينىۋالمىساق كېيىن پۇشايمان قىلىمىز. ھازىر چوڭ بولۇۋاتقان قىزلارغا قارىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ. بىر- بىرىدىن چىرايلىق، شۇڭا مىنىڭ پەلسەپەم ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئويناپ تۇرۇش كېرەك. ھازىرغىچە ئويناپ كەلدىم، ئويناۋاتىمەن، ئوينايمەن. بىر گەپنى دەپ بېرەي. تېخى ئۇلۇشكۈن ئۇرۇمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان گۈزەللەردىن بىر قانچىنى ئاچىقىپ سورۇن تۈزەپ، هاراق ئىچكۈزدۇق. قارىسام ئەڭ چىرايلىق بىرىسى بار ئىكەن. بەئەينى كىنو چولپىنى، باشقىلاردىن چاققان چىقىپ كېچىدە ياتاققا ئەكىردىم. سورۇندا ئولتۇرۇپ ئويلىسام شوپۇرۇم ياتاقتا يالغۇز زېرىكىپ قالغۇدەك. بىرگە بارايلى دېسەم «ئۇيغۇرچىنى ئۇقمىسام، بىئەپ بولىدىكەن» دەپ ياتاقتا قېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزلارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىغان بىرسىگە «ھازىر دېگەن قايسى دەۋر، ئۇيغۇر بولسا نېمە بولغۇدەك، خەنزۇ بولسىمۇ بولىدىغۇ، پۇل بەرسىلا بولمىدىمۇ؟» دەپ خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ قايىل قىلىپ پۇل تۆلەپ شوپۇرۇمنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ بەردىم. قانداق قىزىقمىكەنمەن؟ ئىچىتىم ئەمەسمە.

بايىقى ھەيرانلىقىم بىر خىل نەپرەتكە ئۆزگىرىۋاتاتتى. سالاپەتلىك مۇئاۋىن باشلىق كۆزۈمگە ئەمدى باشقىچە كۆرۈنۈۋاتاتتى. ھېلىقى خوجايىن قىزنىق بىر ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندەك دىققەتتە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

مۇئاۋىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- پۇرسەت چىقىرىپ بىز تەرەپكە بىر بېرىڭ. ئاجايىپ چىرايلىق قىزلىرىمىز بار. مەن بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلارنى تېتىپ بېقىڭ.

- رەھمەت، رەھمەت، مەن چوقۇم بارمەن. بېرىپ سىزنى ئاۋارە قىلىمەن. گۈزەللەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرىدىغان ئىش بولسا تازا كۆڭۈلۈمدىكىدەك ئىش بولىدۇ.

-ھە راست، بىزدە سىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر بايلىق بار. سىز تېپىپ بېقىڭە.

-نېفىت؟

-ئەمەس.

-تەبئىي گاز؟

-ئەمەس.

-پاختا؟

-ئەمەس، تاپالمىدىڭىز. .

-ئۇران ئالتۇنمۇيا؟ بولدى، بولدى، مەن تاپالمىدىم،قېنى ئۆزىڭىزلا دەپ بېرىڭ.

-ئەمىسە مەن دەپ بېرەي. يەنە بىر بايلىقىمىز قىز بايلىقى.

-قىز بايلىقى؟،- دېدى خوجايىن. ئۇ چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

-شۇنداق قىز بايلىقى. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى گۈزەللىكتە جۇڭگودا داڭلىق. ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ بىر خىل بايلىق. بۇ بايلىق تېخى تولۇق ئېچىلمىدى. سودىگەرلەر تونۇپ يېتەلمىدى. مېنىڭچە مۇشۇ بايلىقنى چىقىرىشقا، ئېچىشقا مەبلەغ سېلىپ بېقىڭ.

خۇدايىم توۋا قىلدىم دەپ ياقامنى تۇتقىنىم ئېسىمدە، مۇئاۋىن باشلىقنىڭ يېنىدىن قانداق كەتكەنلىكىم ئېسىمدە يوق. سۆھبەتنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم. ئېچىم ئاچچىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. كارىۋاتتا ئەلەم بىلەن سوزۇلۇپ يېتىپ دېرىزىدىن ناتونۇش يېشىللىقلارغا، تۇمانلىق مەنزىللەرگە قارىغانچە خىياللار سۈرەتتىم. «قىز بايلىقى» دېگەن گەپنى تۇنجى ئاڭلىشىم ئىدى. كىتاپلاردىنمۇ، لۇغەتلەردىنمۇ بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئۇچراتمىغان ئىدىم. ئۇيغۇرنىڭ خانىم-قىزلىرى باشقىلار مەبلەغ سېلىپ ئاچىدىغان بايلىق دائىر -ىسىگە كىرىپ قالدىمۇ ئەمدى؟ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىق ئۇلارنى شۇ دائىرىگە كىرگۈزۈپ سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى (سۆيۈملۈك ھەدە- سىڭىللىرىمىز) نى باشقىلارئېچىپ، پايدىلىنىپ پۇل تاپسا بولىدۇ، مەبلەغ كىرگۈزۈشتە كوزىر قىلسا بولىدۇ، سىرتقا ئېكسپورت قىلسا بولىدۇ، بۇنداق قىلىش تەرەققىيات بولىدۇ، بۇنداق خۇمسلارچە مەنتىقە قانداق پەيدا بولدى؟ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى دەۋالغان ئەمەلدارنىڭ ئاغزىدىن چىقتى؟ خىياللىرىم چىگىشلىشىپ كەتتى. بىر خىل خورلۇق تۇيغۇسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقاندەك، يۈرىكىمگە زىختەك سانجىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىق بىلەن قايتا كۆرۈشمىدىم.

ئۇنىڭ سالاپىتى، يېقىملىق قىياپىتى قەلبىمدە بىر خىل نەپرەت ئۆركەشلە

-يتتى. ئۇنىڭ «قىز بايلىقى» ھەققىدە دېگەنلىرى كاللامغا كىرىۋېلىپ ئاچچىق مۇلاھىزىلەرگە يېتەكلەيتتى. بۇ باشلىقنىڭ ئۆزىنىڭ شوپۇرىغىمۇ ئۇيغۇر قىزىنى سۇلاپ بەرگەنلىكى نەپرىتىمنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان پاھىشىۋازلىق، سۇلامچىلىقتەك رەزىل ئىشلارنى يامان كۆرۈپ كەلگەن. بۈيۈك روھىمىزمۇ بۇنداق رەزىللىكنى قاتتىق جازالاپ شەرمەندە قىلىشقا «دەستەك» بېرىپ، ئاۋامغا ئىبرەت قىلغان. ئۇيغۇر ئەرلىرى سولامچىلىق دېگەننى ئەشەددىي ئۆچ كۆرگەن. ھەتتا جاندىن كېچىشكە رازى بولغانكى بۇنداق شەرمەندە نامنى كۆتۈرۈشكە ۋىجدانى چىدىمىغان. غۇرۇرىنى جاندىن ئەلابىلگەن. «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئەرنى نومۇس» دېگەن ئەقلىيە سۆزىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەيلى مىللىي ئەخلاقىمىز نوقتىسىدىن قارايلى ياكى مەدەنىيەت، ئېتىقادجەھەتتىن قارايلى ۋە ياكى قىممەت قارىشى نوقتىسىدىن كۆزىتەيلى، بۇنداق رەزىللىك لەنەتكە ئۇچراپ كەلگەن. بولۇپمۇ سولامچىلىق ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان رەزىللىك سۈپىتىدە باھالىنىپ كەلگەن. تارىخ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇيغۇر قىممەت قارىشىنىڭ تۇرلۇك تارىخ ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار تەرىپىدىن غىدىقلىنىشقا ئۇچرىشى گەۋدىلىك بولدى. بىر مەزگىل داۋام قىلغان خاتا سول سىياسەتنىڭ بېسىمى بىلەن بولسۇن ياكى ئىختىيارسىزلىق ئاساسىدا بولسۇن، ئەسلىدىكى قىممەت قارىشىمىز، ئەخلاق قارىشىمىز ۋە ئىمان- ئېتىقاد -لىرىمىزدا تەۋرىنىش، ئاجىزلىششتەك سان ئۆزگىرىشى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ 80-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى ۋە قىممەت قارىشى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ھادىسىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شۇ چاغدا ئۆز يىلتىزى ۋەخاسلىقتىن يىراقلىششقا باشلىغان. مۇئەييەن سۈپەت ئۆزگىرىشى ياساپ ئۈلگۈرگەن ئىدىئولوگىيمىز ۋە قىممەت قارىشىمىز شۇنىڭ بىلەن پارچىلىنىشقا، يامان سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. بۇ خىل يۈزلىنىش ئەزەلدىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىزنىڭ تېز ئۆزگىرىپ بېرىشى، ئىمان- ئېتىقادنىڭ ئاجىزلىششى، ئىدىيىمىزگە، ئېڭىمىزغا يات ھادىسىلەرگە ئاستا- ئاستا كۆنۈكۈش، جامائەت پىكرىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ، رەزىل ھادىسىلەرگە سوكۇت قىلىش دەرىجىسگە بېرىشى، مىللىي ئەخلاقتا، ئېتىقادتا يات ھادىسىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەمئىيەتلىششى قاتارلىق

تەرەپلەردە ئەڭ روشەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىدئولوگىيىسى، ئەنئە
ـنۋى قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى بۇنداق ھادىسىلەرنى ئەيىپلەش،
چەكلەش، ئۆزلۈكنى ساقلاش كۈچىدىن ئاستا ـ ئاستا مەھرۇم بولدى.  بىر قىسىم
زىيالىيلار بۇنى تەرەققىيات دەپ تونىدى. (ئاساسەن شەھەر، بازارلاردا). يەنە بىر
قىسىم ئاۋام بۇنى تېز  قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن زىيالىيلار شەپكىلىك ۋە
سەللىلىك، ئاۋام بولسا مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇر دېگەندەك بۆلۈنىدىغان غەلىتە
ھادىسە كېلىپ چىقتى. ئاقىۋەتتە ھازىرقى زامان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئىدئولو
ـگىيىسى شەكىللىنىپ چىقالمىدى. پۈتۈنلۈككە ئىگە بولمىغان ئىدولوگىيە،
يۆنىلىشى بىر بولمىغان جامائەت پىكرى ئەخلاقى رەزىللىكنى چەكلەش، توسۇش
قۇدرىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۆزىنى جاھان كۆرگەن دەپ سانايدىغان بىر قىسىم
ئەمەلدارلىرىمىز ھەمدە تەرەققىياتى تېزراق شەھەرلەردىكى بىر قىسىم كىشىلىر
ىمىزدە پاھىشىۋازلىقنى مەدەنىيەت ھادىسى قاتارىدا چۈشىنىدىغان، باھالايدىغان
ئەھۋال باش كۆتۈردى. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئەخلاقىمىزغا، ئېتىقادىمىزغا يات
ئىدى. ئەمما ئادەمنى ئەجەپلەندۈردىغىنى بۇنداق چۈشىنىش ۋە  باھالاش ئۇيغۇر
رايونلىرىنىڭ  ھەممىلا يېرىگە تارىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەخلاقى بۇزۇلۇشىغا،
جەمئىيەتلەشكەن چۈشكۈنلۈككە سۆرەپ ماڭدى. شۇنداقتىمۇ سۇلامچىلىقتىن
ئىبارەت رەزىللىكنىڭ ئۇيغۇرلار ئېگىدىكى لەنەتلىك ئورنىدىن قوزغىلىشى باشقا
ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا يەنىلا ئاستا بولدى. ۋىجدان بىلەن ياشاشقا ئادەتلە
ـنگەن بۇ مىللەت ئۇنى ھامان يامان كۆرۈپ لەنەتلەپ كەلدى. ئەمما دەۋرنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم ھېلىقىدەك ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بۇنىمۇ مەدە
ـنىيەت ھادىسىسى دەپ چۈشەنسە كېرەك. خەلق لەنەتلەۋاتقان ئەشۇ ھادىسە ـ
سۇلامچىلىقنى قوبۇل قىلدى. يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ شوتىسى، ئۆزگىرىشلەرگە
خوشامەت قىلىپ، مەنپەت ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ ئىشلەتتى. ئەمدى بولسا
يەنە شۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىدىن«قىز بايلىقى» دېگەن گەپ چىقىۋا
ـتىدۇ. دېمەك، ئىدىيە جەھەتتە خانىم ـ قىزلىرىمىز باشقىلارنىڭ كېلىپ
ئېچىشىنى قوبۇل قىلدى دېگەن گەپ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلقىمىز ئېگىدىكى ئەڭ رەزىل ھېسابلىنىد
ـىغان نەرسىلەر ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلىندى. ئاۋام قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغان
ئىشنى بەزى ئەمەلدارلار ئىختىيارى قوبۇل قىلدى. تېخى بۇنى تەرەققىيات دەپ

قاربدى. مۇبادا بۇنداق رەزىللىككە ئەشۇ مۇئاۋىن باشلىقتەكلەرنىڭ باشلامچىـلىقىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشسا، قۇبۇل قىلىنسا ئۇيغۇر جەمئىيىتى نەگە ماڭىدۇ.

مېنىڭچە بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. خەلق ھەرقانچە بولسىمۇ «قىز بايلىقىمىز بار، كېلىپ مەبلەغ سېلىپ ئېچىڭلار» دەپ ئېلان بېرىشكە، خېرىدار چاقىرىشقا ئۇنىمايدۇ.خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇنداق ئەمەس. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا دېھقانلارنى مىللەت گەۋدىسىدە مۇتلەق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ يۈرۈشى ئۇيغۇرنىڭ ئامىتى، تەلىيى ئوخشايدۇ.

مۇلاھىزىلىرىم ھامان داۋاملىشاتتى. ياتاقتا يالغۇز قالغان چاغلىرىمدىمۇ، مەكتەپ جايلاشقان رايۇندا سۆزلەشكۈدەك، پاراڭ قىلغۇدەك ئۇيغۇر يوق. مەكتەپ ئەتراپىدىكى بۈككىدە ئورمانلىق ئارىسىغا يۇشۇرۇنغان خىلۋەت يوللاردا ئۇيغۇرچە خىيال، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدىمۇ پويىزدىكى ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ «قىز بايلىقىمىز بار» دېگەن سۆزى كاللامغا كىرىپلا تۇردى.

ئۆگىنىش تۈگەپ يەنە شۇنداق پويىزنىڭ بىرىسىدە كۇرسىدىشىم بىلەن بىرگە شىنجاڭغا قايتتۇق. ئۆگىنىش جەريانىدا ئانا تىلىنى، ئانا تىلىمدا سۆزلىشىدىغانلارنى شۇنچە سېغىنغان بولسامۇ، ئالدىنقى سەپەرنىڭ تەسىراتى يۈرىكىمنى غاجىلاپ تۇرغاچقا، پويىزدا ئۇيغۇر ئىزدەپ يۈرگۈم كەلمىدى. كۇرسىدـىشىم ئۇچۇق ئادەم بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى ھەممە كىشىگە گەپ قىلىپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىگە، تەقىي- تۇرقىغا دىققەت قىلىپ سۆزلەپ تۇراتتى.

- قارا، قارا، - دېدى كۇرسىدىشىم مېنى نوقۇپ، - ئۇدۇل كارۋاتتىكى ئاۋۇ قىز گاچىكەن.

-گەپ قىلماي ئولتۇرسا گاچا بولامدۇ، - دېدىم مەن جاۋابەن.

-ئەمىسە مەن گەپ سوراپ باقاي.

كۇرسىدىشىم ئۇدۇل كارۋاتتىكى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپ قىلدى. شەرەت قىلدى، قەغەزگە بىر نىمىلەرنى يازدى. قىزمۇ بىر نىمىلەرنى يازدى. كۇرسىدىشىم ھەيران بولۇپ سۆزلىدى.

-ۋاي ئۇ گاچائەمەسكەن، ياپونلۇقكەن، تېخى توي قىلمىغان قىزكەن.

ئىشلەۋاتقان شىركەتتىن بىرئايلىق دەم ئېلىش ئېلىپ ئۆزى يالغۇز جۇڭگوغا كەپتۇ. بۇ قېتىم شىزاڭغا مېڭىپتۇ. جاڭيى شەھىرىدە چۈشۈپ قېلىپ، ئۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرۇپ دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ئاندىن لاساغا بارىمەن دەيدۇ.ـ قالتىسكەن، بىزنىڭ قىزلىرىمىزدا بۇنداق مۇستەقىل ئىش قىلىش، ياشاش ئېڭى يېتىلمىگەن. دۆلەت ئاتلاش ئەمەس، ناتونۇش بىرەر جايغىمۇ يالغۇز ماڭالمايدۇ.

ـماڭىمەن، قىلىمەن دېسىمۇ ئانىسى ماڭغىلى، قىلغىلى قويمايدۇ. بىز خەقنىڭ ئانىسىدا مەسىلە باردەك قىلىدۇ. لېكىن يەنىلا ئانىغا ئامراقمىز. ئەشۇنداق چوڭ بولغاچقا...

كۇرسىدىشىم گېپىنى توختىتىپ مېنى نۇقۇپ نېرىدىكى بىر كارۋاتنى ئىشارەت قىلدى. ـ قارا، ئاۋۇ ئىككىسىگە، قىز ئۇيغۇركەن، يىگىتى خەنزۇدەك قىلىدۇ.

ـكىم بولسا بولمامدۇ،ـ دېدىم پەرۋاسىزلا كىتاپ ۋاراقلاۋېتىپ.

بىر چاغدا كۇرسىدىشىم پىچىرلىدى.

ـقارا ھېلىقى ئىككىسى شۇ.

ـ مەن كىتابتىن باش كۆتۈرۈپ قارىدىم. بىر خەنزۇ يىگىت بىلەن چىرايلىق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق، غۇنچە بوي بىر قىز بەلكى باشقا ۋاگونغا ماڭسا كېرەك كارۋات يېنىدىن بىللە ئۆتۈپ كېتىشتى. چىرايى ئۇيغۇرغا ئوخشىسىلا ئۇيغۇر بولامدۇ، دېدىم ئىچىمدە ۋە يەنە كىتاپقا شۇڭغۇدۇم. پويىز ئۇزۇن يول بېسىپ باۋجى ۋوگىزالىغا كەلگەندە ئون مىنۇت توختىدى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر نەچچە مىنۇت ھەرىكەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن كۇرسىدىشىم بىلەن پويىزدىن چۈشۈپ تۇرىشىمىزغا ھېلىقى قىز-يىگىتمۇ ئارقىمىزدىن چۈشتى. يىگىت نېرىراقتىكى بوتكىغا ماڭدى. قىز بىزگە يېقىنلا يەردە قاراپ تۇردى.

ـسىز ئۇيغۇرمۇ،ـ دېدى كۇرسىدىشىم قىزغا قاراپ ئۇيغۇر تىلىدا.

ـگېپىڭىزنى ئۇقمۇدۇم،ـ دېدى قىز خەنزۇ تىلىدا.

ـسىز قايسى مىللەتتىن،ـ دېدى كۇرسىدىشىم خەنزۇ تىلىدا.

ـخەنزۇ،ـ دېدى قىز خەنزۇ تىلىدا.

كۇرسىدىشىم تەئەججۇپ ئىچىدە ماڭا قارىۋەتتىدە تاماكا ئەكىلىۋالاي دەپ بوتكىغا كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى يىگىت تاماكا ۋە سوغۇق ئىچىملىك كۆتۈرۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ كۇرسىدىشىمنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان

بولسا كېرەك، قىزدىن سورىدى.

-ئاۋۇ ئادەم نېمە دەيدۇ؟

سىز ئۇيغۇرمۇ دەيدۇ، كېپىڭىزنى ئۇقمىدىم دېسەم، سىز قايسى مىللەتتىن دەيدۇ مەن خەنزۇ دەپ قويدۇم،- دېدى قىز يىگىتنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ يىنىك قۇچاقلاپ تۇرۇپ. -مەن ئۇيغۇر دەۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بىرمىللەتمۇ سىلەر.

-ئۇيغۇر دىيىشكە نومۇس قىلىمەن. قارا ئۇلارنىڭ مەتولۇقىغا، گەپ- سۆز، تەقى- تۇرقىدا مەدەنىيەت دېگەننىڭ يۇقۇندىسىمۇ يوق. تېخىچە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ يۈرسە.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غەزىپىم مىڭەمگە تەپتى. غەزەپلىك كۆزلىرىم قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

-گېپىم راستمىكەن قارا،- دېدى قىز يىگىتكە بېشىدا مېنى ئىشارە قىلىپ كۆرسىتىپ،- قارىشىنىڭ سەتلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ كۆزلىرىدىن ۋەھىملىك چىقىپ تۇرىدۇ. ھازىرلا ئادەم ئۆلتۈردىغاندەك، ئۇيغۇر دېگەن ئەشۇنداق ياۋۇز بولىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى ئۇيغۇر دىيىشتىن نومۇسقىلىمەن، بىلدىڭمۇ؟ .

پويىزنىڭ يولغا چىقىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ بەرگەن سىگنالى پويىزغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. چەكسىز بىر خىل خورلۇق ئىچىدە ئورنۇمغا جايلاشتىم. ئۆزەم خورلىنىۋاتاتتىم. تىلىم خورلىنىۋاتاتتى. كارۋىتىدا ياتقان كۇرسىدىشىمغا، ئۆزۈمگە سەپ سالدىم. خەقلەر نومۇس قىلغۇدەك سەتلەردىن ئەمەسقۇ ئىدۇق. تىلىمىزمۇ ناچار تىل ئەمەس ئىدى. بەلكى ئەشۇ قىزنىڭ بوۋىسى، دادىسى ئىشلەتكەن، ئەشۇ قىزغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغاندا ئىشلىتىلگەن تىل ئىدى. يۈرىكىمگە نەشتەر ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىغا، زورلاپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان كۇرسىدىشىمغىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. ئەمما ئۇمۇ ئازاپلىنىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ئىدى. ئالدىنقى قېتىم ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارىنىڭ «قىز بايلىقى» ھەققىدىكى گېپىنى ئۇنتالماي تۇرغاندا، بۇ قېتىم ئۇچراپ قالغان ئۇيغۇر پاھىشىنىڭ گېپىمۇ يۈرىكىمگە قاتتىق تەككەن ئىدى. كۆزۈمگە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پاھىشىدەك كۆرۈندى. ئالدىنقىسى مىللەتنى غۇرۇرىنى، ئابرۇيىنى سېتىپ ئۆزى نەپ ئالىدىغان ئەمەلدار پاھىشە، كېيىنكىسى ئەسلىنى ئۇنۇتقان، تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان، ئەمما

يەنىلا «ئۇيغۇر» دېگەن تامغىسى بار بىر پاھىشە ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۇخشاش ئىدى. پويىز بىر خىل رىتىمدا تاراقشىيتتى. ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى. ئەشۇ پاھىشە جىنىدا ئۆز مىللىتىدىن، تىلىدىن نومۇس قىلىۋاتاتتى. مەنمۇ شۇ تاپتا «ئۇيغۇر» دېگەن تامغىسى بار بۇ پاھىشىدىن نومۇس قىلىۋاتا ـ تتىم. قەلبىمدە ئۆرلەپ تۇرغان نومۇس تۇيغۇسى كاللامدا تەربىيىنىڭ مېغىزى بولغان روھىي تۈۋرۈك خەلقىمىزنى پاكىز ساقلاپ قېلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە بىردىن بىر كاپالىتى ئىكەن دېگەن خۇلاسىنى پەيدا قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ بېيجىڭ سەپىرى قەلبىمدە ئاجايىپ ئاچچىق تەسىراتلارنى قالدۇردى. بەلكى پويىزدا ئۇچرىغان ئىككى ئۇيغۇر ئۆز مەسلىسىنى مەندەك مۇلاھىزە قىلمايدۇ. مەن چۈشەنگەندەكمۇ چۈشەنمەيدۇ. قىلمىشلىرىغا ھېچقاچان ئۆكۈنمەيدۇ. ئۆزلىرى ـ نىڭكىنى راس دەپ ئۆتۈۋېرىدۇ... ئاشۇلاردەك كىملەر پەيدا قىلغان ۋىجدان، نومۇس دېلولىرىنى سۈرۈشتە قىلغىلى بولمايدۇ. قانۇنمۇ، سىياسەتمۇ بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس.

ئۇنداقتا كۆپلەپ يۈز بېرىۋاتقان بۇنداق نومۇس ۋە ۋىجدان دېلولىرىنى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئېغىر سوئال ئۈستىدە ھەممىمىز ئويلىنىشىپ كۆرەيلى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنتۇلدى. ئەمما ئەشۇ ئىشلار ھېلىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىشلار پەيدا قىلغان ئاچچىق تەسىرات ۋە ئېغىر سوئال ئۇنتۇلغىنى يوق.

تۈگىدى

ئاقسۇ ئەدەبىياتىنىڭ 2004 ـ يىل 3 ـ سانىدىن كىرگۈزۈلدى.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى چاتما ھېكايىلەر توغرىسىدا

قىسقىچە مەزمۇنى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە، رەڭدار ئەدەبىي شەكىللەرگە ئىگە. شەكىل جەھەتتىكى رەڭدارلىق ۋە ئەدەبىي شەكىللەر ئارىسىدىكى توختاۋسىز يېڭىلىنىش، يۇغۇرۇلۇش ۋە ئۆتۈشۈش ئۇيغۇر ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ھەر بىر ئەدەبىي شەكىل-ژانىرنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى شەرھلەش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ماقالىدە، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى چاتما ھېكايىلەرگە تىپىك مىسال بولالايدىغان مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» نى ۋاستە قىلغان بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىسىنى، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا» ناملىق چاتما ھېكايىسىنى، ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ «دۆڭ مەھەللە ۋە ئوي مەھەللە» ناملىق چاتما ھېكايىسىنى مىسال قىلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا چاتما ھېكايىلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەۋەبلەر، ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە خۇلاسە بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى،ئالاھىدىلىكى، ئەھمىيىتى،شەكىللىنىش سەۋەبى

摘要

维吾尔文学形式是多种多样的，就其每一种形式而言，都有独特的发展历程。文学形式不断地创造和融合、更新与超越，也是维吾尔文学形式演变的主要原因和线索之一。因此解释每一种形式的形成、发展、演变过程机关重要与很有意义的一件事。本文章将维吾尔短篇小说中的买买提依明·吾守尔著的“疯子”等一系列短篇小说、阿里木江 · 司马义的系列短篇小说“永别了，灰楼”、艾买提江 · 买买提的系列短篇小说“我们街区的故事”作为出发点，主要探讨维吾尔系列短篇小说的形成历程，总结维吾尔系列短篇小说产生的诸种因素及其它的特征与意义。

关键词：维吾尔系列短片小说、特征、意义、形成

## كىرىش سۆز

«چاتما ھېكايە» دېگەن بۇ تۈر يېقىنقى ئون يىلدا ئۇيغۇر مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلگەن ھەمدە پروزىچىلىرىمىز بۇ تۈرنى قوللىنىپ بىر نەچچە پارچە ئەسەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزدا تېخى ئومۇمىيلاشقىنى يوق [1]. شۇ سەۋەبلىك، بۇ ماقالىدە چاتما ھېكايە دېگەن قانداق بولىدۇ؟ ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە كىملەر بۇ تۈرنى قوللىنىپ قانداق ئەسەرلەرنى يازغان، شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتى نېمە؟ دېگەن نۇقتىلارنى يورىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەمدە بۇ نۇقتىلار ئۈستىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى، يېڭىچە تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشۋاتقان بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىشقا تىرىشۋاتىدۇ. ئۇلار ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى، يەنى ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ، ھەرىكەتچان

پىسخىكىسى ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنى مۇمكىنقەدەر چىن يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزگە خاس ئەدەبىيات شەكىللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىپ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى يېڭىچە بولغان ئەدەبىيات شەكىللىرىگە قاراتتى.[2] چاتما ھېكايە دەل ئۇقۇرمەنلەرنى ئۆزگە جەلپ قىلغان يېڭىچە ئەدەبىيات شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ تۈرنى قوللىنىپ يېزىلغان ئەسەرلەر خۇددى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدەك زەنجىرسىمان ئۇلىنىشچانلىقى ھەم ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ ئۇقۇرمەنلەر تونۇشقا يېقىن بولغان مۇھىتتىن تاللاپ ئېلىنغانلىقى، «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدەك ئوقۇغانسىرى كىشىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىدىغانلىقى، بىر مەھەللە كىشىلىرىدەك بىر-بىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئومۇمىيلاشقان شەكىل ئەمەس.

## 1. چاتما ھېكايە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1. «چاتما» سۆزىنىڭ سۆزمەنىسى ۋە «چاتما ھېكايە» نىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدا

«چاتما» دېگەن سۆز ئىككى خىل مەنە بېرىدىغان بولۇپ، بىرىنچى مەنىسى، سۈپەت رولىدا كېلىپ «بىر-بىرىگە چېتىلغان» دېگەن مەنىدە؛ ئىككىنچى مەنىسى، ئىسىم بولۇپ كېلىپ «ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقىسىغا چېتىلىدىغان قوشۇمچە كوزۇپ» دېگەن مەنىدە.[3]

چاتما ھېكايىدىكى «چاتما» سۆزى بىرىنچى خىل مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، «ھېكايە» ئاتالغۇسى ئەرەبچە «ھېكايەت»دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان، ئۇيغۇر تىلىدا كىچىك ھەجىمدىكى پروزا ئەسەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[4]. دېمەك، چاتما ھېكايە بىر-بىرىگە چېتىلىدىغان كىچىك ھەجىمدىكى پروزا ئەسىرىدىن ئىبارەت. خۇددى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شاگخەيدە ئەۋج ئالغان ئەدەبىي ئەسەر، ھېكايە ياكى رېئال تۇرمۇشتىن

ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئىخچام خەتلەر بىلەن سىنارىيەلەشتۈرۈپ، ئاندىن رەسىملەشتۈرۈلگەن كۆپ سەھىپىلىك رەسىملەر بىلەن بىر ھېكايە ياكى ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان «چاتما رەسىم» دەك.

بىر چاتما ھېكايە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر كىچىك ھېكايە ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەردە يېزىلىشى مۇمكىن، لېكىن مەيلى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بولسۇن، ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغان تۈپ ئىدىيە، يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان مەركىزىي مەزمۇنى بولسۇن بىردەك ھەم بىر-بىرىگە باغلانغان بولىدۇ يەنى بىر باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»نى ۋاستە قىلىپ يازغان ھېكايىلىرى، ئالىمجان ئىسمائىلىنىڭ «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا» ناملىق كىتابى، ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ «دۆڭ مەھەللە ۋە ئۇي مەھەللە»قاتارلىقلار چاتما ھېكايىگە كىرىدۇ.

نەسرىي ئەسەر يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەلۇم بولغاندەك كۆپ ھاللاردا ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى يازغۇچى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تاللىنىلىپ قالىدۇ. بۇ خىل تاللىنىش ئەسەرنىڭ سۈژېتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ھېكايە بولالايدىغان، ئىپادىلىمەكچى بولغان تۈپ ئىدىيە ۋە يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان مەركىزىي مەزمۇنى بىردەك ھەمدە قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىشقا ئىگە بولغان بىر نەچچە پارچە كىچىك ھەجىمدىكى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى چاتما ھېكايە دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. باشقا مىللەت پروزىچىلىقىدىكى چاتما ھېكايىلەرنىڭ ئەھۋالى

پروزىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار بىردەك نەزىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلەرگە ھەمدە ئېپوس-داستانلارغا ئاغدۇرۇشىدۇ. يەنى بۇلارنى ۋەقە، پېرسوناژ ھەمدە مۇھىتتىن ئىبارەت پروزىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ ئامىلنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى جۇغلانغان ئەدەبىي شەكىللەر. پروزا ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ رېئاللىق تۇيغۇسىنىڭ تەخىرسىزلىنىشى

نەتىجىسىدە مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان، دەپ قارايدۇ.[5] چەت ئەللەردىن جۇڭگوغىچە بولغان ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەنئەنىۋى تەبىرلەرنىڭ بىرى: پروزىنى چۆچەك سۆزلەش دەپ قاراش بولۇپ، بۇنىڭدا پروزىدىكى ۋەقە-سۇژىتنى ئاساس قىلىدىغان ئەندىزە بەكرەك نەزەرگە ئېلىنغان. پروزا ئاتالغۇسى ئىنگلىز تىلىدا ھەم چۆچەك بىلەن ئوخشاشلا story دەپ ئاتالغان.[6]

خوش، ئەمدى نەزىرىمىزنى چەت ئەل ئەدەبىياتىدا خېلى سالماق ئورۇندا تۇرىدىغان «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىگە ئاغدۇرۇپ باقايلى. «مىڭ بىر كېچە» ياكى«ئەلىف لەيلە ۋە لەيلە» چۆچەكلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدىغان داڭلىق چۆچەكلەر توپلىمىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ــ ئاساسەن قەدىمكى زامانىدىكى شەرق پادىشاھلىرىدىن بىرى شەھرىيار ۋە ئۇنىڭ خانىشى شەھرىزاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۆچەكلەرنىڭ يىغىندىسى. ئەسەردە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ ھېكايىدىن كىچىك ھېكايىلەرنى شاخلىتىش ئۇسلۇبى قوللىنىلغان؛ ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ، ۋەقەلەر ئۆزگىرىشچان ۋە خىلمۇخىل بەدىئىي تۈزۈلۈشى رەڭگارەڭ بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» دە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ تولىسى قەدىمكى زاماندا ئەرەب خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈيدىغان ئەل ئەدەبىياتى شەكلىدىن ئىبارەت. «مىڭ بىر كېچە» دىكى ھەسەتخور، زالىم پادىشاھ شەھرىيار ھەر ئاخشىمى بىر خوتۇن ئالىدۇ-دە، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرىنىڭ قىزى شەھرىزاد باشقا قىزلارنى بۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بويىچە پادىشاھقا تېگىدۇ. ئۇ ھەر ئاخشىمى چۆچەك ئېيتىپ بېرىش يولى بىلەن پادىشاھنى قىزىقتۇرۇپ، مىڭ بىر كېچىگىچە چۆچىكىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. خانىش بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىككىنچىدىن پادىشاھنىڭ باشقا بىگۇناھ قىزلارنى يەنە داۋاملىق ئۆلتۈرۈۋېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى خۇددى چاتما ھېكايىلەردەك مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئۇلاپلا قالماي قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ بىر-بىرىگە زەنجىرسىمان ھالەتتە باغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ.[7] مەسىلەن،«ھامال بىلەن

باغداتلىق ئۈچ چوكاننىڭ ھېكايىسى» دە، ‹بىرىنچى قەلەندەرنىڭ ، ئىككىنچى قەلەندەرنىڭ، ئۈچىنچى قەلەندەرنىڭ ھېكايىسى› دەپ ئېلىنغان بولسا، «ماشىنچى، دوك،جوھۇت، ئاشپەز، نىسارالارنىڭ ھېكايىسى» دە، ئايرىم-ئايرىم ‹نىسارا، ئاشپەز، جوھۇت،ماشىنچى، ساتىراش› نىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن باشقا، ساتىراشنىڭ بىرىنچى ئۈكىسىدىن تارتىپ ئالتىنچى ئۈكىسىنىڭ ھېكايىسىگىچە بولغان ۋەقەلەرنى رەت تەرتىپى بويىچە بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن. بۇ قۇرۇلما جەھەتتىكى چېتىلىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ، قۇرۇلما جەھەتتىن شەھرىزاد سىڭلىسى دۇنيازادنىڭ تىلى ئارقىلىق پادىشاھدىن ھېكايىنى داۋاملاشتۇرىشىغا رۇخسەت ئېلىشى ۋە شۇنداقلا ھېكايىنىڭ كۈلمىناتسىيە نۇقتىسىغا كەلگەندە توختىۋېلىپ پادىشاھنى بۇ ھېكايە ئارقىلىق يەنە بىر ھېكايىگە قىزىقتۇرىشمۇ قۇرۇلما جەھەتتىكى باغلىنىشنى ھاسىل قىلغان. يەنە مىسالەن، ھىندىلارنىڭ ھېكمەت سۆزلىرىنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشقا ئىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن كىتابلىرىدىن ۋە نەسىھەت سىياقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا پۈتۈلگەن رىسالىلەردىن بىرى «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن چۆچەكىدىمۇ «مىڭ بىر كېچە»چۆچەكلىرىگە ئوخشاش ھېكايىدىن ھېكايىگە ئۇلاش ئۇسۇلى بويىچە كىشىلەرگە پەند-نەسىھەت بېرىلگەن. بۇنىڭدىن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى چاتما ھېكايىلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى IX~ VIII ئەسىرلەردە يېزىلغان «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن، قەدىمكى زاماندىكى ھىندى بەھرەمىلىرىنىڭ رەھبىرى، پەيلاسوپ بىدپاي ھىندىستان پادىشاھى دابىلشىمغا ئاتاپ يازغان «كەلىلە ۋە دىمنە»دىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى زامانغا مىسال ئالساق، ئازات سۇلتان ئەپەندىم «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»نى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ يازغان بىر نەچچە پارچە ئەسىرىنى شېئىرىيەتتىكى «سېكىل»غا ئوخشىتىش بىلەن بىرگە بالزاك (1799~1850، فرانسىيەلىك)، مۇپاسسان (1850~1893، فرانسىيەلىك)، چېخوۋ (1860~1904، روسىيىلىك) قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىگە ئوخشىتىپ « ھېكايىلەر توپ»ى دەپ باھا بەرگەن. بۇنىڭدىن يۇقارقىلارنىڭ

ئەسەرلىرىنىڭ چاتما ھېكايە تۈرىگە مىسال بولالايدىغانلىق پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ بالدۇرقى ھېكايە - رومانلار ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ يىراق ئۆتكەن زامانلاردىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن كېلىپ چىققان. بۇ ۋاقىتتىكى ھېكايىلەر ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولۇپ، ئاددىي بولغان ھېكايە مەزمۇنلىرىغىلا ئىگە ئىدى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇلار ھېكايە-رومانلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ھېسابلىناتتى. تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەر ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ھېكايە-رومان ئىجادىيىتىنى مول مەزمۇن بىلەن تەمىنلەپ سۇژىت مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋر پروزىچىلىقى ئالدىنقى دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا تەرەققىي قىلدۇ.[8] مۇشۇنداق تەرىزدە جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا پروزىچىلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاددىيلىقتىن مەزمۇنى مولىشىپ، ئىپادىلەش دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تەرەققىي قىلىپ كۆپخىل ئىپادىلەش شەكىللىرىگە ئىگە بولغان مۇھىم بىر تۈرگە ئايلاندى.

ئازات سۇلتان ئەپەندىم «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ«ساراڭ»نى تېما قىلىپ تۇرۇپ يازغان بىر نەچچە پارچە ئەسىرىنى يەنە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى«شاپائەتچى جىگۇڭ» ،«لىياۋجەي رىۋايەتلىرى» قاتارلىق ھېكايىلەر تۈپلاملىرىغىمۇ ئوخشىتىدۇ. «لىياۋجەي رىۋايەتلىرى» چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، پۈسۇڭلىڭ ئاچكۆز، نادان، رەھىمسىز ۋە ۋەھشىي ھۆكۈمرانلارغا بولغان قارشىلىقىنى تۈلكە، ئەرۋاھ، پەرىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىپ ئىپادىلەيدۇ. قارىماققا، بۇ ھېكايىلەردە پەقەت تۈلكە، ئەرۋاھ، پەرىلەر توغرىسىدا سۆزلەنگەندەك، بىكار ۋاقىتلاردىكى كۆڭۈل ئەرمىكىدەك كۆرۈنىدۇ، ماھىيەتتە بولسا، بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. كىشىلەرنى زۇلۇمكەشلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەركىنلىك ۋە سائادەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى مەزمۇننى

ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە تارقىلىپ يۈرگەن «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» 431 پارچە ھېكـايىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان بولـۇپ، كېـيىن بـۇ ھېكـايىلەردىن يەنە 60 نەچچىسى تېپىلىپ، جەمئىي500 پارچىغا يېقىنلاشقان. بۇ 500 پارچىغا يېقىن ھېكايىلەرنىڭ ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىردەك.[9]

خەنزۇ پروزىچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھېكايە توپلاملىرى قارىماققا چاتما ھېكايىدەك تەسىر بەرسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىـدىن پەرقلىـق. يەنى مەركىزىي ئىدىيەسى بىردەك، لېكىن بىـر نەچچە ئاپتورنـىڭ قولـىدىن چىققان ھېكايىلەرنى يەنە باشقا بىر ئاپتور توپلاپ، رەتلەپ بۇ ھېكـايىلەرگە يـېڭىچە نـام بېرىشـىدىن شـەكىللەنگەن ھېكـايىلەر تـوپلاملىرى. مەسـىلەن، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا»دېگەن چاتمـا ھېكايىسـىنى نەشرىياتنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە 短篇小说集 دەپ تەرجىمەقىلغان.

短篇小说 «ھېكـايە»[10] دېـگەن مەنىنـى، 集 «تـوپلام»[11]دېـگەن مەنىنى بېرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن «ھېكايىلەر تـوپلىمى» دېـگەن ئۇقـۇم كېلىپ چىقىدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «ئويغان، ئۇكام» دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىمۇ 短篇小说集 دەپ ئېلىنغان بولـۇپ، لـېكىن بـۇ تـوپلامنى چاتمـا ھېكايە دېگىلى بولمايدۇ. بـۇ ئەسـەردە، ئـونبەش ئاپتورنـىڭ ئـون سـەككىز پارچە ھېكايىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە «تۆت كىشىلىك گـورۇھ» نىڭ رەزىللىكـى قـاتتىق قامچىلىنىـپ، خەلـق ئاممىسـىنىڭ «تـۆت كىشـىلىك گورۇھ»قا بولغان غەزەپ-نەپرىتى، پـارتىيىگە بولغـان قىـزغىن مۇھەببىتى، شـۇنداقلا سوتسىيالىسـتىك گـۈزەل جەمئىـيەتكە بولغـان مەدھىيەلىرىنـى ئىپادىلەشـنى مەقسـەت قىلىنغـان.[12]بـۇ ئەسـەرلەرنىڭ مەركىزىـي مەزمۇنى بىردەك بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلما جەھەتتىن «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىگە سىلىشتۇرساق ئۇنداق بىر-بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىـدا ئېنىقلىمـا بېرىـپ ئۆتكىنىمىزدىكىـدەك چاتمـا ھېكـايە ھەم مەزمۇن ھەم قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشى بولغان، بىر-بىرىگە زەنجىردەك چىتىشـلىق ھېكـايىلەرنى كۆرسـىتىدىغانلىقى ئۈچـۈن، بـۇ خىلدىكى ھېكايىلەر توپىنى بۇ قېلىپقا سالساق چاتما ھېكايە بولالمايدۇ.

ئۇنداقتا، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا چاتما ھېكايە يوقمۇ؟ ئـاۋۋال مويەننىـڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سېلىپ باقساق، مـويەن 1984-يىلـى يازغـان«ئـاق ئىـت

ئىلەڭگۈچى» ھېكايىسىدە «شەرقىي شىمالدىكى گاۋمىي» دېگەن سىموۋوللۇق يۇرتنامىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن ۋە بۇ نامنى كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە قوللىنىپ كەلگەن.يەنى «قىزىل قۇناق تېرىغۇچىلار ئائىلىسى»نىڭ يېزىلغىنىغا 30 يىل بولغان بولسىمۇ، مويەن يەنىلا «شەرقىي شىمالدىكى يۇرت گاۋمىي»دا يۈز بەرگەن ھېكايىلەرنى يېزىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھېكايىلەرنى بوۋىسىدىن دادىسىغا، دادىسىدىن بالىسىغا قالغان بويىچە يېزىۋېتىپتۇ. ئۇ «قىزىل قۇناق تېرىغۇچىلار ئائىلىسى» دە ۋەقەلەرنى «بوۋام»، «مومام»لار تىلىدىن بايان قىلغان بولسا، 1995-يىلى يازغان «تولغان بەدەن» ناملىق روماندا «دادام»، «ئاپام»لار تىلىدىن بايان قىلغان. 2005-يىلى يازغان «ھايات-ماماتلىق چارچاش» رومانىدا گاۋمىيدىكى ھېكايىلەر «مەن»نىڭ تىلىدىن بايان قىلىنغان.[13] دېمەك، مويەننىڭ ھېكايىلىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن ياكى شەكىل جەھەتتە بولسۇن بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ سېھرىي تۇس ئالغان ئىپادىلەش يوللىرى بىلەن ئىزچىل بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن مويەننىڭ ھېكايىلىرىنى چاتما ھېكايە دەپ قاراشقا بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ. لېكىن خەنزۇ پروزىچىلىقىدا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكىدەك مەتبۇئات يۈزىدە ژانىرى ئېنىق قىلىپ چاتما ھېكايە دەپ يېزىلغان ھېكايىلەر يوق.

## 2- چاتما ھېكايىلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

چاتما ھېكايە پەقەت «ھېكايە» ئاتالغۇسىغا «چاتما» دېگەن سۈپەت سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقى بىلەن ئادەتتىكى ھېكايىلەردىن پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى،چاتما ھېكايە كۆپلىگەن كىچىك ھېكايىلەردىن تەشكىل تاپسىمۇ، ھېكايە سۇژېتلىرى ۋە ھېكايىچاقلار ئوتتۇرىسىدا زىچ بىرلىك بولىدۇ. ۋەقەلىكلەر بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىپ، باش-ئاخىرى ئېنىق بولغان مۇكەممەل بەدىئىي گەۋدە شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچى، چاتما ھېكايىنىڭ ھەربىر كىچىك ھېكايىسىدە ئۆزىگە خاس نىسبىي مۇستەقىللىق بولىدۇ، يەنى ھەربىر ھېكايىچاق مەلۇم ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەلۇم ئوي-پىكرنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ھېكايىچاقلار بىر-بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، چاتما ھېكايىنىڭ بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئورگانىك گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئۈچىنچى،چاتما ھېكايىنىڭ ھەرقايسى كىچىك ھېكايىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا بېقىنىش ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىشتەك بىرلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. بۇ ھېكايىچاقلار،ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئاساس بولۇش، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى شەرت قىلىشتەك ئورگانىك بىرلىك ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، باش-ئاخىرى بىرىككەن مۇكەممەل بەدىئىي گەۋدە ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.

تۆتىنچى، چاتما ھېكايە ھەجىم جەھەتتىن كەڭلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ سانى، مۇناسىۋىتى، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىكنىڭ يىپ ئۇچى، زىددىيەت توقۇنۇشى،ۋاقىت جەريانى ۋە شارائىت ئۆزگىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كەڭلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا خاراكتېر-ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئوبرازى، ھېكايىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن قويۇق باغلىنىشى بولغان كۆپلىگەن يىپ ئۇچلىرى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن كۆپ ۋەقە-ھادىسىلەر بىر-بىرى بىلەن كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا تەسۋىرلىنىپ، چاتما ھېكايىنىڭ ھەجىمىنىڭ كەڭلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،چاتما ھېكايىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ھېكايىنى باي ئىدىيىۋى مەنىگە ئىگە قىلىش، باي تۇرمۇش سىغىمچانلىقى ۋە باي مۇناسىۋەتلەرتارىخىغا ئېرىشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 3- ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى چاتما ھېكايىلەرتوغرىسىدا1. ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۇنداق ياكى مۇنداق ژانىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ژانىرسىز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ھەرخىل ـ ھەرياڭزا ئەدەبىي شەكىللەر، مەسىلەن، ئەپسانە، ئېپوس، مەسەل، لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر، پوۋېست، رومان، ھېكايە،دىراما، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوبزور قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن. تۈرلۈك نامدىكى بۇ خىل ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىمۇ ئەيىەن ئىجتىمائىي ئاساسقا ۋە ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىششى مۇقەرەر تۈردە مۇشۇ خىل تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى مۇناسىپ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەدەبىي ژانىرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچلىرىدا بارلىققا كەلگەن تېخنىكا شارائىتلىرى ۋە باشقا ئامىللارمۇ مەلۇم ئەدەبىي ژانىرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش ۋە ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى ھەمدە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن ژانىر ـ شېئىر بولۇپ، ھېكايە، رومان، دىراما، تىياتىر ئەدەبىياتى ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن. بۇنى بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ كۈنسايىن بېيىپ بېرىشى بىلەن تەرەققىي قىلىشى بەلگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنى يازغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى توپلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر دەۋر، بىر يازغۇچى ئەگەر ئالدىنقىلارنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئاساس قىلمىسا، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت توپلىمىسا، شۇنىڭدەك دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئۆز ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرمىسا، ئۇ ھالدا، يېڭى ئەدەبىي ژانىرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.[14]

20ـ ئەسىرنىڭ 70ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئېلىمىز ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قېتىملىق زور گۈللىنىشنىڭ داغدام يولىنى ئاچتى. ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىشىغا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭرى زېمىن ھازىرلاندى. كېيىنچە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىلدى. ئەدەبىياتقا سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپىنىڭ قويۇلماسلىقىيازغۇچىلارنى تېما تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلغان بولسا، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتقاسىياسىي ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقۋازلىق بىلەن مۇئەييەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى زورلاپ تېڭىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپ قۇتۇپلىشىش، ئەركىن ئىزدىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، 20ـ ئەسىرنىڭ 80ـ يىللىرىدىن كېيىن، غەربنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەم تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلىرى بەس ـ بەستە جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلدى. نەتىجىدە جۇڭگودا ئۇلارنى ئۆگىنىش، ئۈرنەك قىلىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالدى. غەرب ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىقلارغا قىزىققان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئۆگىنىش، ئۈرنەك قىلىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆزگىلەرنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى.شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۈرنەك قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزنىغا سەكرەش ۋە ئۆزرىدىن ھالقىيالماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، 20ـ

ئەسىردىكى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەھۋال چاتما ھېكايىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، شۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزى ژانىرلار مۇستەقىل ئەدەبىي شەكىل تۈسىدە ئايرىم تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئاۋۋال خېلى ئۇزۇنغىچە باشقا ژانىرلارنىڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ھەم ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئەدەبىي فورمىسىنى، يەنى تىل، تەسۋىر، بايان، قۇرۇلما قاتارلىق ئالاھىدىلىك،خۇسۇسىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ھەر قانداق بىر ژانىر ئۆز ئەدەبىيات تۈرىقى دائىرىسىدە ئۆزىگە خاس يىلتىزغا ئىگە. مۇنداق يىلتىزسىز ھالدا شۇ ئەل ئەدەبىياتىدا مەلۇم ژانىرنىڭ توساتتىنلا پەيدا بولۇپ قېلىشى ياكى سىرتقى ئەل ئەدەبىياتلىرىنىڭ تەسىر-ئالاقىسى جەريانىدىلا شەكىللىنىپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.[15] ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ بۇ سەۋەبلەردىن مۇستەسنا ئەمەس.

دۇنيا ئەدەبىياتىدا سېكىل[16] ھېكايە شەكلىدە ۋە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىدىغان بولۇپ،لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىر بىلەن يېزىلغان شېئىرىي سېكىللار كۆپرەك ئۇچرايدۇ.[17] خۇددى مىكرو ھېكايىلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئاڭ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ «گۈڭگا شېئىر»لىرىنىڭ پروزىغا تەقلىد قىلىنىشىدىن پەيدا بولغانلىق[18] ئېھتىماللىقىنى مىكرو ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن بايقاشقا بولغانلىقىغا قاراپ، چاتما ھېكايىلەرنىمۇ چاتما شېئىر ژانىرىنىڭ ئىچىدە تاۋلانغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. چۈنكى ھازىرقى ياكى تارىخىي تېمىلاردىن ئىبارەت بىرنەچچە ۋەقەلىكنى بىر-بىرىگە چېتىپ مەلۇم بىر ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شېئىرىي شەكىلنى چاتما شېئىر ياكى سېكىل دەپ ئاتايمىز.[19] ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىمۇ مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرىگە باغلىق بولغان بىر قانچە ماۋزۇلارنىڭ يىغىندىسىدىن شەكىللىنىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا چاتما ھېكايە تۈرىنى قوللانغان پروزىچىلار ۋە ئەسىرى

1) مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»دىن باشلانغان بىرنەچچە پارچە چاتما ھېكايىسى

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»نى ۋاستە قىلغان چاتما ھېكايىلىرى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت، يەنى خەمىت زاكىر ئەپەندىمنىڭ باشچىلىقىدا كوللىكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئالىي مەكتەپ تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىك كىتابىدا، «ساراڭ، مۇساپىرلار قاۋىقىدا، قىرلىق ئىستاكان، بۇرۇت ماجىراسى، داپ، ئالتۇنچىشلىق ئىت، چار خوراز، چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق ھېكايىلەرنى بىر يۈرۈش چاتما ھېكايە دەپ ئالغان بولسا،«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىدا بېرىلگەن كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «مەمتىمىن ھوشۇر چاتما ھېكايىچىلىقىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن ماقالىسىدە، «ساراڭ، بۇرۇت ماجىراسى، قىرلىق ئىستاكان، ئالتۇن چىشلىق ئىت، چارخوراز» قاتارلىق بەش ھېكايىنى چاتما ھېكايە دەپ قارىغان. ماقالىدە، «ساراڭ»،«بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر»، «داپ» قاتارلىق يەتتە ھېكايىنى بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلەر قاتارىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

گەرچە بۇ يەتتە پارچە ھېكايە مۇستەقىل ھېكايىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلەردە مەلۇم ئورتاقلىقلارغا، باغلىنىشلارغا ئىگە. بۇ بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە يېزىشقا قىزىقىدىغان، ئەمما نام چىقىرىشنى خالىمايدىغان، مىجەز-خاراكتېرى، ئوي-خىيالى سەل باشقىچەرەك بىرى يېزىپ كىلىپ «مەن»گە بېرىدۇ، ئەسلى ئاپتورنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ھېكايىلەرنى «مەن» ئۆز نامىدا ئېلان قىلىدۇ، ئەسلى ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى باشقىلار نامىدا ئېلان قىلىنغانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ھېكايىلەرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئومۇمىي

كەيپىياتى، ئۇسلۇبى ئاساسەن بىر خىل بولۇپ، كىشىگە چاتما ھېكايىدەك تەسىراتىنى بېرىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدە يازغۇچى ئىلگىرىكىدەك تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن قايتىدىن ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان مېخانىكىلىق ئەكىس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئومۇمىيلاشتۇرۇپ سۈرەتلەپ بېرىدىغان يېڭىچە بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر، مەنىۋىيىتىمىزدىكى بەزى ئورتاق ئىللەتلەر ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنغان، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ھېكايىلەردە يازغۇچىنىڭ چوڭقۇر بەدىئىي مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ ھېكايىلەرنىڭ مەيلى قۇرۇلمىسى بولسۇن، ياكى مەزمۇنى بولسۇن بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ھالىتى مەزمۇنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى بىلەنگىرەلىشىپ كەتكەن. «ساراڭ» ھېكايىسى چاتما ھېكايىلەرنىڭ باشلانمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلەكتە، ئىككى پېرسوناژ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، مۇشۇ پۈتۈن ھېكايىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتقان «مەن» بولۇپ، ئۇ مەلۇم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى بولغاچقا، «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىنى ئىلىپ كەلگەن ئاپتور بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ بەزى قىلىق، ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنىپ، كىتابخانلارغا بەزى يىپ ئۇچى ۋە زۆرۈر ئۇچۇرلار بېرىلىدۇ. بۇ يالغۇز ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغىلا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولماستىن، ئاساسلىق ۋەقەلىكنىڭ قانداق بايان قىلىنىشىغا تېخىمۇ بەك مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بۇ ئارقىلىق ھېكايىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولغان ئىككىنچى بۆلەكتىكى ۋەقەلىكنىڭ بايانچىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئۇنىڭ بايانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ ماھىرلىق بىلەن تاپشۇرۇلۇپ، ئەسەردىكى ئۆتۈشمۇ ناھايىتى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. مۇقەددىمە ھېسابلىنىدىغان بۇ بۆلەك ئارقىلىق يازغۇچى يەنە ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەسىلىدىن بىشارەت بېرىش بىلەن بىرگە ئەسەر كەيپىياتى ئۈچۈنمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلايدۇ.

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېلىقى ئاپتور مۇھەررىرنىڭ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ھېكايىدىن ئىبارەت. بۇ بۆلەكتە، ۋەقەلىكلەرنىڭ بايانچىسى ۋە ئاساسلىق پېرسوناژلىرىدىن بىرى ھېلىقى ئاپتور ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ قىزىقارلىق ھېكايىلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بۆلەكتە، «مەن» ھېكايىنى خىزمەتداشلىرىغا كۆرسىتىدۇ، بۇ ھېكايىنى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر كۆرۈپ، ئۇ ھەقتە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ،قاتتىق غۇلغۇلا قىلىشىدۇ، ئەمما زادىلا پىكىر بىردەكلىككە كېلەلمەيدۇ. بەزىلەر ماختاپ ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ، بەزىلەر بۇ ھېكايىنى قىلچە چۈشىنەلمىگەنلىكىنى يوشۇرمايدۇ، «مەن» ‹ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم› دېيىش ساۋاتسىزلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ، تېڭىرقىشىنى يوشۇرىدۇ. ئۈچىنچى بۆلەكتە بۇنداق تېڭىرقاشنىڭ يالغۇز «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزدە ئورتاق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ساراڭ» ھېكايىسىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىنىڭ يېزىلىشى «بۇرۇت ماجراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»،«ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر»، «داپ» قاتارلىق بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلەرنىڭمەيدانغا كېلىشىگە مۇمكىنچىلىك قالدۇرغان. «ساراڭ» دىن باشقا ئالتە پارچە ھېكايە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلىكىدە «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئورگىنالنى مۇھەررىرگە تاپشۇرۇش جەريانى سۆزلىنىدۇ، ئىككىنچى بۆلەكتە ھېكايىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بايان قىلىنىدۇ. «ساراڭ» ھېكايىسىدە ھېلىقى ئاپتور ئورگىنالنى مۇھەررىرنىڭ ئۆيىدە بەرگەن بولسا، «بۇرۇت ماجراسى»نى كوچىدا ئۇچرىشىپ قىلىپ قويىندىن چىقىرىپ بېرىدۇ، «قىرلىق ئىستاكان»نى بولسا خىزمەت ئورنىغا ئاپىرىپ بەرسە، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»نى مۇھەررىر بىلەن يەنە بازاردا ئۇچرىشىپ قالغان بولسىمۇ، سودا-سېتىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراشلىقىدىن يوچتىدىن سېلىپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر» بىلەن «داپ» ھېكايىسىمۇ پوچتا ئارقىلىق مۇھەررىرگە تاپشۇرۇلىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ خىل تاپشۇرۇلۇش، تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ

تەرەققىياتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. يەنى، «ساراڭ»نىڭ ئاپتورى ئەڭ دەسلەپتە مۇھەررىرنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ۋاقتىدا كىيگەن كىيىمىدىن ياش قۇرامىنىڭ نەچچىدىلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، ھەتتا ئىچىدىغانغا قايىنتىلغان چاينى رەت قىلىپ سوغۇق سۇ تەلەپ قىلغان ئادىدىي-ساددا قىياپەت تەسۋىرلىرى بىلەن «ساراڭ» ھېكايىسىدە پۇل-مال، نام-شۆھرەت قوغلاشمايدىغان ئوبراز سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، «بۇرۇت ماجراسى»دا كوچىدا ئۇچرىشىپ قىلىپ زامانىنىڭ ئۆزگىرەۋاتقىنىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تېز ئۆزگىرەۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىنى «بۇرۇت» ۋەقەسى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. «قىرلىق ئۇستاكان»دا مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسىدا ئورگىنالنى تاپشۇرىۋاتقاندا، ئورگىنالنى «گۇپپىدە»تاپشۇرۇشلىرى ۋە ئەتراپىغا قاراپ كالپۇكىنى يالاپ قويۇشتەك ھەرىكەتلىرى، سۇنىڭ ئورنىغا ئەتتىگەندە بىر ئۇستاكان قىنقۇالغانلىقلىرى بىلەن زەيىپ ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. «ئالتۇن چىشلىق ئىت»تا بولسا كوچىدا سودا-سېتىق بىلەن ئالدىراشلىقتا كىتىپ بېرىپ مۇھەررىرگە ئۇسۇلۇپ كېتىدۇ-دە، مۇھەررىر بىلەن چەتئەلچە ئالاھىدە سالاملىشىشى ئارقىلىق چەتئەل كۆرۈپ كەلگەن ئىتنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئىتتىن كېيىن «چار خوراز» ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ. خورازنىڭ ھېكايىسىدە چۈش توغرىسىدا گەپ بولىنىدۇ، بۇنىڭ ئارقىلىق «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر» ھېكايىسى يېزىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ قەلىمىنىڭ خىلى پىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە قارىماققىلا ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، بۇ قېتىم مۇھەررىر پەقەت چېكىت، پەشلىرىگىلا تۈزىتىش كىرگۈزگەن «داپ»ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشلىرى، قەلىمىنىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى بۇ ھېكايىلەرنى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرىگە ئۇلاپ زەنجىرسىمانلىققا ئىگە قىلغان.

2)ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا» ناملىق چاتما ھېكايىسى

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل ھېكايە

ئىجادىيىتىدە كونا ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئىزدىنىدۇ. ئەينى چاغدا ئىسلاھاتنىڭ تەسىرىبىلەن كىشىلەر تۇرمۇشىدا شەھەرلىشىش، بىنالىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھايات رىتىمى تېزلىشىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ ئەخلاق، مەنىپەئەت، قىممەت قاراشلىرىغىمۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتتىكى مۇشۇ ئېقىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن ئالىمجان ئىسمائىل كۆل رەڭ بىنادىن ئىبارەت بىر ئۇلتۇراق بىنانى سەھنە قىلىپ تاللانغان، «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا» نامىدىكى بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

«ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا»دا « ئىچ پۇشۇقى» ، «ھەر كاللىدا بىر خىيال» ، ...«ئۆزگىرىش»قاتارلىق جەمئىي 42 پارچە ھېكايە بېرىلگەن بولۇپ، ھەر بىر ھېكايىدە بىر ئادەم ياكى بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىلەر سۈژىت پۈتۈنلىكى بىلەن مۇستەقىل ھېكايە بولالايدۇ، ھەم شۇنىڭدەك بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئورتاق بولغان كۆل رەڭ بىنا بۇ ھېكايىلەرنى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ باشلانمىسىدا ئاپتور ۋەقەلىكنى «مەن» تىلىدا بايان قىلسا،«تېلېفونلۇق ئائىلە» دىن باشلاپ ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ئاپتورنىڭ ئايالىنىڭ بايان تىلى قوشۇلىدۇ. «ئۇششاق ئىشلار»دىن باشلاپ دەرۋازىۋەن تۇسۇنجاننىڭ بايان تىلى قوشۇلىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ بېشىدا ئاپتورغا تونۇش بولغان «ئاكا» لارنىڭ ھېكايىلىرى سۆزلەنسە، كېيىن ئايالىغا بەكرەك تونۇش بولغان «ئاياللار»نىڭ ھېكايىلىرى سۆزلىنىدۇ، بىر ئۆي كىشىلىرىگە تونۇش بولغان ھېكايىلەر سۆزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بىنادىكى كىشىلەرنىڭ دەرۋازىۋەننىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تېخىمۇ كۆپ ھېكايىلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ تەرىزدە ۋەقەلىك بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلەرنى تەشكىللەيدۇ.

3) ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ«دۆڭ مەھەللە ۋە ئۇيى مەھەللە» ناملىق چاتما ھېكايىسى

«دۆڭ مەھەللە ۋە ئۇي مەھەللە»ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ[20] چاتما ھېكايىسى بولۇپ، بۇ ھېكايە «زەيدەش»، «دوقمۇش»، «ياتباش ئادەم» ۋە «مەرتىۋىلىك قوي» قاتارلىق تۆت پارچە ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھېكايىلەر قارىماققا ئايرىم-ئايرىم مۇستەقىل تۆت پارچە ھېكايىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مەھەللىدە بىر-بىرىگە چېتىلىپ يۈز بېرىپ زەنجىر ھاسىلقىلغان ئۇششاق ھېكايىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھېكايىلەردىن شۇ مەھەللە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق بىر روھىي دۇنياسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور يەنى«مەن» ئۆزىنىڭ سوغۇقىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىگە تەمسىل قىلىپ بۇ چاتما ھېكايىنىڭ باشلانمىسى بولغان بىرىنچى ھېكايىسىگە «زەيدەش» دەپ ماۋزۇ قويىدۇ ۋە بۇ ھېكايىسىدە، «مەن» سوغۇقىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بار بەزى ئىشلارنى پەرەز قىلىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سوغۇقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە پايدا قىلىدىغان ئاغىنىسى«ئەركىن پايپاق»نىڭ باچكىسىنى سوراش ئۈچۈن ئۆيىدىن ئاغىنە-بۇرادەرلىرى دائىم يىغىلىدىغان مەھەللە دۇقمۇشىغا قاراپ يول ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ چاتما ھېكايىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان «دۇقمۇش» ھېكايىسى باشلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە «مەن» ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، پۈتۈن مەھەللىنىڭ پاك-پاكىز تازىلاقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئاشۇ دۇقمۇش بېشىدا ھەرخىل ئۆزگىچە خاراكتېر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان «مەن» ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ــــ مەمەتسېرىق (كۆپ ئوقۇغانلىقتىن ‹بىر ۋىنتىسى› كەم دەپ ئاتىلىپ، مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئانچە خۇشى يوقلىقىغا قارىماي مەھەللىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى)، ئەلى ھېسام (بىرەرسىنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى تۇتۇۋالسا قويۇپ بەرمەي بىر نەچچە كۈنگىچە شۇنىڭغا يۆلەپ چاقچاق قىلىپ ئاھانەتكە قويىدىغان، لېكىن ھەزىلكەش دەپ كەتكىلى بولمايدىغان ‹يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ› دېگەندەك مەھەللىدىكى قىزىقچى)، قېيۇم توڭگۇز (تاشقى قىياپىتىدىن بۇقىغا، مىجەزىدىن توڭگۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ‹توڭگۇز› لەقىمىنىمۇ ئەلى ھېسام چاقچاققا قېتىپ قويۇپ قويغان، ئىنتايىن

كۈچتۈڭگۈر)، ھېزىم پاينەك (بېشىدا چېچى يوق، ئايالىدىن قورقىدۇ)، ئەركىن پايپاق (كەپتەرۋاز)، رېھىم تاغار (بۇ مەھەللىلىك ئەمەس، لېكىن بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن، مىجەز-خاراكتېرىنى بەك چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان، گەپ-سۆزى، يۈرۈش-تۇرۇشى جايىدا بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن بىر خىل قۇۋلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، قۇرسىقىنىڭ يوغانلىقىدىن ‹تاغار› دەپ ئاتىلىپ قالغان پېرسوناژ) قاتارلىقلارنىڭ مۇنازىرە قىلىشى، ئۆزئارا دىئالوگلىرىلىرى ئارقىلىق مەلۇمات بېرىلىدۇ ۋە يەنە مۇشۇ سەۋەبلەر ئارقىلىق ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بۇ كىشىلەر توغرىسىدا ئۇچۇرلار بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن«ياتباش ئادەم» ھېكايىسىگە ئۆتۈشكە ئارقا سەھنە ھازىرلىنىدۇ. يەنى مۇشۇ دۇقمۇشتا«مەن» ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى مەھەللىنىڭ «مەن»نىڭ «چۆمۈلە» لەقەملىك قوشنىسىنىڭ تازىلىغانلىقى مەمەت سىېرىقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ ۋە ئەركىن پايپاقنىڭ مەھەللىنىڭ ئۆيلىرىنى بىناالاشتۇرغاندىن كېيىن كەپتىرىنى قەيەردە باقىدىغانلىق غېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن «ياتباش ئادەم» ھېكايىسىدىكى ئاساسلىق شەخس رېھىم تاغار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ چاتما ھېكايىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان «ياتباش ئادەم»دە «چۆمۈلە»نىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ نەزىرىنى كىمنىڭ بېرىشى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر «دۇقمۇش» ھېكايىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان «مەن» ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇنازىرە پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش»قا ئۇستا رېھىم تاغارنىڭ«ئەتراپلىق، ئاقىلانىلىك» بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نەزىر بېرىلىدۇ. رېھىم تاغار بۇ ھېكايىدە ئاساسلىق شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈزى بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلىدۇ. بۇ ھېكايىدە مەھەللە ئىمامى ۋە «مەن»نىڭ نەۋرە ئاكىسى قاتارلىق پېرسوناژلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى «مەن»نىڭ سوغۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تېزلەتسە، ئىمامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ چاتما ھېكايىنىڭ داۋامى بولغان «مەرتىۋىلىك قوي»غا ئۇلاشتۇرىدۇ. ھېكايىدە،رېھىم تاغار نەزىرنى «كاۋابمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەم ئىمامغا ھەم «مەن»نىڭ نەۋرە ئاكىسغا يارايدۇ،

بۇ ئارقىلىق رىھىم تاغار«مەن»نىڭ ئىشەنچىسىنى ئاستا-ئاستا قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ مەھەللىدىكى ئاخىرقى مەقسىتى بولغان «چۈمۈلە»نىڭ ئۆيىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ ۋە يۇقىرى باھادا باشقا كىشىگە سېتىۋېتىپ قويۇرۇقنى تىكىپ بۇ مەھەللىدىن كېتىپ قالىدۇ.

بۇ چاتما ھېكايىنىڭ تۈتىنچىسى بولغان «مەرتىۋىلىك قوي»نىڭ بېشىدا، «مەن»چۈش كۆرىدۇ ۋە چۈشىدە ئاغىنىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىنى سېتىپ باي بولۇپ، رىھىم تاغارنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا نەۋرە ئاكىسى بىلەن ئايالىمۇ رىھىم تاغارنىڭ قول ئاستىغا كىرىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ «مەن» چۈشىدە بۇ ئۆزگىرىشلەردىن تولىمۇ بىئارام بولىدۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدە «مەن» بىلەن مەمەت سىرىقلا رىھىم تاغارغا ئۆيىنى سېتىپ بەرمەيدۇ. «مەن» مىڭ تەسلىكتە چۈشىدىن ئويغىنىدۇ. چۈشىدىن ئويغىنىپ مېھمانخانىغا قارىسا خوتۇنى يوقتۇرغان (بۇ دەل ‹مەن› نىڭ سوغۇقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىش ئىدى). شۇنىڭ بىلەن مەھەللىگە چىقسا قوشنىسى «چۈمۈلە»نىڭ ئۆيىنىڭ تېمىنى ناتونۇش كىشىلەر پاسىلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ سوققىلى تۇرغان، «مەن» بۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئاغىنىلىرى يەنە شۇ دۇقمۇشتا بۇ ئىش توغۇرلۇق ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۆزىنىڭ قوپال خاراكتېرى ۋە يىرىك سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىشىدۇ. شۇ ئارىدا «مەرتىۋىلىك قوي»نىڭ ئىگىسى بولغان «مەكىت قويى» لەقەملىك ئابدۇقادىر كېلىپ بۇلار بىلەن جىددىيلا كۆرۈشۈپ، «مەن» نىلا ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى سۆزلىنىدۇ. يەنى پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشكەن «مەن» ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىسى ھېزىم پاينەك ئابدۇقادىرنىڭ نەچچە يۈز مىڭغا يارايدىغان مەكىت قويلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئابدۇقادىرغا بولغان كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە بىللە ھاراق ئىچىشىدۇ. ئالىلبۇرۇن كىملەر تەرىپىدىن ئالدىن پىلانلاپ قويۇلغان ئابدۇقادىرنىڭ قىممەت باھالىق قويلىرىنى بوغۇزلىۋېتىش ۋەقەسى دەل «مەن» ۋە ئابدۇقادىر قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ ھاراق ئىچىپ كەيىپ بولغان ئاخشىمى يۈز بېرىدۇ. نەچچە ئايدىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ بېقىلغان نەچچە يۈز

مىلىك كويغا يارايدىغان بۇ «مەرتىۋىلىك قوي»لارنىڭ بىر كېچىدىلا بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بولۇپ قېلىشى ئابدۇقادىرغا قاتتىق ھار كېلىپ ئۆزىنى بوغۇزلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇقادىرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە قاتناشقان«مەن» ۋە ھېزىم پاينەكنىڭ نامىز چۈشۈرۈش جەريانىدىكى ھەر خىل پىسخىك ئۆزگىرىشلىرى ۋە پۇل تېپىشقا بولغان ئەخمىقانە خىياللىرىغا بولغان پۇشايمانلىرى قاتارلىقلار سۆزلىنىش ئارقىلىق بۇ چاتما ھېكايىنىڭ ئاخىرى چۈشىدۇ.

بۇ ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق مەيلى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى بولسۇن ياكى قۇرۇلمىسى بولسۇن بىر-بىرىگە ئۇلىنىدىغانلىقىنى، بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇ ھېكايىمۇ چاتما ھېكايىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدەگەۋدىلەندۈرگەن.

## 4-ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى يوقلىقتىن بارلىققا كېلىش، ئاددىيلىقتىن مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن:

1) چاتما ھېكايىلەر مەزمۇن ۋەقۇرۇلما جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «سارالڭ»دىن باشلانغان يەتتە پارچە چاتما ھېكايىسىدە، بىرىنچى بۆلەك ئاساسەن بىر-بىرىگە چېتىشلىق تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن سىرت، ئىككىنچى بۆلەكتىمۇ قارىماققا مۇستەقىل، باغلىنىشى يوقتەك ھېكايىلەر سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئىككىنچى بۆلەكتىكى بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىمۇ كېيىنكى ھېكايە بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. يەنى، «سارالڭ» ھېكايىسىدە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى تېز ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن تېڭىرقاش ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلىك بايان قىلىنسا، «بۇرۇت ماجراسى»دا كىشىلەرنىڭ زادى قايسى يۆنۈلۈش

بويىچە ئىش تۇتۇشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي، بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق ھالەتتە يۇرىۋاتقانلىقى بازار باشلىقى ۋە «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ «بۇرۇت قويۇش ۋە چۇشۇرىۋېتىش» ۋەقەسى ئارقىلىق بۇ «تېگىرقاش»نىڭ دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. «قىرلىق ئىستاكان»دا بولسا، ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ بۇ خىل «تېگىرقاش» ئىچىدە يولىنى تاپالماي مەستخۇش بولۇپ، خۇددى «ساراڭ»دەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكى بايان قىلىنسا، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»تا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنۈلۈشىنى ئاز-تولا پەرق ئەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ سودا-سېتىق بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ چەتئەللەرگىچە زىيارەتتە بولۇپ، چەتئەلنىڭ ئۆزگىلا ئەمەس، ھەتتا ئائىلىسىدىكى ئىتقىمۇ بولغان تەسىرلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. «ساراڭ»نىڭ ئاپتورى «چارخوراز» نىمۇ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىگە تەمسىل قىلىپ، كىشىلەردىكى مال-دۇنياغا تويماسلىقتەك بۇ خىل خاراكتېرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا قىزىقارلىق تىللار، مەسخىرىلەر، ئاچچىق كىنايىلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر»دە ئالدىنقى ھېكايىلەردىكى «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن ھالىتىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ سەل ئەقلىگە قايتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ھېكايىسى «داپ»دا بولسا،ھېكايىسىنىڭ خېلى پىشىپ قالغانلىقى سۆزلەپ ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، ھېكايە قۇرۇلمىسىنىمۇ بىر-بىرىگە باغلاپ، بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايە ماۋزۇسى، پېرسوناژى قاتارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

2) چاتما ھېكايىنىڭ ئىچىدىكى ئۇششاقھېكايىلەر ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل ھېكايە بولالايدۇ.

مەيلى «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا»دىكى 42 پارچە ھېكايەبولسۇن، مەيلى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»دىن باشلانغان ھېكايىلىرى بولسۇن، ۋە ياكى ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ «دۆڭ مەھەللە ۋە ئويي مەھەللە» ناملىق

چاتما ھېكايىسىدىكى ئۈششاق ھېكايىلىرى بولسۇن بۆلارنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر ھېكايىنى تارتىپ ئېلىپ كۆزەتسەك ئادەتتىكى ھېكايىلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. دېمەك، چاتما ھېكايىنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر ھېكايە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېكايە بولالايدۇ.

3) چاتما ھېكايە ئۆزئارا باغلىنىشبولغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ ئۈششاق ھېكايىلەردىن تۈزىلىدۇ.

چاتما ھېكايە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۆزئارا باغلىنىشى بولغان ئىككى پارچە ھېكايىدىن تەشكىللىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ كۆپلۈكى مەزمۇن ئىپادىلەش جەھەتتە چەكلىملىككە ئۇچرىمىسا سانىغا چەك قويۇلمايدۇ. يەنى «ئەلۋىدا، كۆل رەڭ بىنا» كۆل رەڭ بىنادىكى كىشىلەرنىڭ 42 ھېكايىسىنىڭ يىغىندىسىدىن تەشكىللەنگەن. «دۆڭ مەھەللە ۋە ئوي مەھەللە»دىمۇ مەھەللىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ياشاش جەريانىدىكى تۇرمۇشىنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر بۆلىكىنىڭ ھېكايىلىرى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئەگەر ئاپتور يەنە يازماقچى بولسا، شۇ بىناغا مۇناسىۋەتلىك باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆزگىچە ھېكايىلىرىنى، شۇ مەھەللىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ يەنە ھەرخىل قىزىقارلىق تۇرمۇش ھېكايىلىرىنى قوشسا بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقىغا ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىغا قاراش كېرەك. مەزمۇنى لەغمەن چۆپىدەك سوزىلىپ تۈترۇقسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4) چاتما ھېكايىلەردە كەگمەنىدىكى ئوبراز بولۇپ، بۇ ئوبرازلار چاتما ھېكايىلەرنىڭ «چاتما»لىق رولىنى ئويىنىشىغا ئاساس بولۇپ، ھەربىر كىچىك ھېكايىنى چاتما ھېكايىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا باغلايدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدە «ساراڭ»نى ۋاستە قىلغان ۋەقەلەر ئوبرازى «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر»، «داپ»

قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «ئەلۋىدا،كۆل رەڭ بىنا» چاتما ھېكايىسىدە ئۆلتۈراق جاي بولغان كۆل رەڭ بىنانى ئاساسلىق ئوبراز قىلىپ جەمئىي 42 پارچە كىچىك ھېكايىنى ئۆزئارا باغلىغان. ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ «دۆڭ مەھەللە ۋە ئۇي مەھەللە» ناملىق چاتما ھېكايىسىدە مەھەللە ئوبرازى بار.

## 5 - ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىنىڭ پروزچىلىقتىكى ئەھمىيىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ 2-قىسمىدا چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا سۆزلەنگەن سۆزدە ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ: «چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە نەسرىي ئەسەرلەر شەكىللىرى خاقانىيە ئەدەبىياتى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە مۇكەممەللەشتى. بۇ دەۋر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رىۋايەت، ئەپسانە، ئۆگۈت-نەسىھەت ۋە تەرجىمھال خاراكتېرىدىكى نەسرىي شەكىللىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. ئۇنىڭ قىسسە، داستان، تەزكىرىچىلىك، جەڭنامە، ھېكايە، چاتما ھېكايەتلەر، رېئالىستىك خاركتېرىدىكى نەسرىي ئەسەر شەكىللىرى قوشۇلدى.» دېمەك، چاتما ھېكايە تۈرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يېپيېڭى ھەم يېزىلىپ ۋايىغا يەتكەن كونا تۈرمۇ ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى باسقۇچىدا يازغۇچىلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەركىن ھالدا قەلەم تەۋرىتىشكە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى تېز ئۆزگىرىشلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن شەكىل.

ئۇيغۇرچاتما ھېكايىلىرى مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، يېقىنقى زامانلاردا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ تۈرنى ئۈستىلىق بىلەن قوللىنىپ جەمئىيەتتىكى، كىشىلەردىكى، مەھەللە، شەھەرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىزىقارلىق، بىر-بىرىگە باغلىغان ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، خۇددى ئۆزىگە ۋە بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېكايە قىلىنىشى چاڭقاپ كەتكەن دىللىرىنى بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرغاندەك ھوزۇر بېغىشلاپ، «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكىدىكى پادىشاھنىڭ شەھرىزاتنىڭ مىڭ بىر كېچىلىك ھېكايىسىنى شۇنچە تەشنالىق ۋە ھېكايە ئىچىگە چۆمگەن ھالەتتە ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، «يەنە بىر كۆرسەم»گە تەمسىللەندى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ ئاددىيلىقى، تىلىنىڭ قىزىقارلىق ۋە جانلىقلىقى، ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلىقى بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ يېزىلىش ئېنتىزارلىقىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇرچاتما ھېكايىلىرى مەيلى يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ھېكايە مەزمۇنى،قۇرۇلمىسى بولسۇن مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ، يازغۇچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەھەللە، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق ئېدىئولوگىيە جەھەتلەردىكى ھېكايىلەرنى بايان قىلدى. ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى باشقا ھېكايىلەرگە ئوخشاشلا تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھېكايە تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگۈسى.

## خۇلاسە

يىغىپ ئېيتقاندا، ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ھېكايە بولالايدىغان، ئىپادىلىمەكچى بولغان تۈپ ئىدىيە ۋە يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان مەركىزىي مەزمۇنى بىردەك ھەمدە قۇرۇلما جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىشقا ئىگە بولغان بىر نەچچە پارچە كىچىك ھەجىمدىكى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى چاتما ھېكايە دەپ ئاتىلىدۇ. چاتما ھېكايىلەرنىڭ

دەسلەپكى ئىزنالىرىنى چەتئەل ئەدەبىياتىدىكى «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن بايقىغىلى ھەم باشقا مىللەت پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە چاتما ھېكايىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تاپقىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى مەتبۇئات يۈزىدە ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىدىكىدەك ئېنىق قىلىپ «چاتما ھېكايە» دەپ ئەسكەرتىلمىگەن.

ئۇيغۇرئەدەبىياتىدا، چاتما ھېكايە سۆزىنى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى يېڭى قوشۇلغان شەكىللەر مەزمۇنىدىن ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، لېكىن 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن غەربنىڭ مودېرنىزىملىق ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەم تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلىرىنىڭ تەسىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىگە ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىت يارىتىلىپ مەمتىمىن ھوشۇر، ئالىمجان ئىسمائىل ۋە ئەمەتجان مۆھەممەت كۆنچىدەك يازغۇچىلىرىمىز بۇ تۈرنى قوللىنىپ ئەسەرلىرىنى يازدى.

ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئوبيېكتىپ قىلغانلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرىدە مىللىي خاسلىققا ئىگە كەڭ ئوبراز بار. مەسىلەن، مەھەللە ئوبرازى، ئولتۇراق جاي ئوبرازى دېگەندەك. ئاپتورلارنىڭ بۇ تۈرنى ئۈستىلىق بىلەن قوللىنىپ جەمئىيەتتىكى، كىشىلەردىكى، مەھەللە، شەھەرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىزىقارلىق تىل ۋە بىر-بىرىگە خۇددى چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدەك بىر-بىرى بىلەن ئۇلاپ ئىپادىلەپ بېرىلىشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر چاتما ھېكايىلىرى باشقا ھېكايىلەرگە ئوخشاشلا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ،كىشىلەرنى بىر تەرەپتىن يۇمۇرلۇق تىللىرى بىلەن كۈلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاددىي لېكىن چوڭقۇر ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى بىلەن تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگۈسى.

# پايدىلانمىلار


1. ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997-يىل 4-ئاي،1-نەشرى.

2. ئالىمجان ئىسمائىل:«ئەلۋىدا، كۆلرەڭ بىنا»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،2011-يىل 9-ئاي،1-نەشرى.

3. ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى:«دۆڭ مەھەللەۋە ئۆي مەھەللە»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 3-سانى، 2012-يىللىق 4-، 5-سانلىرىغا بېسىلغان.

4. ئىمام مۇللاخۇن: «ئەدەبىيات ئېقىملىرى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012-يىل 7-ئاي، 1-نەشرى.

5. ئىمام مۇللاخۇن: «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000-يىل 11-ئاي،1-نەشرى.

6. باش تۈزگۈچى، ئابلەت ئۆمەر، كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (1-، 2-قىسىم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل 6-ئاي، 1-نەشرى، 2002-يىل 3-ئاي، 2-نەشرى.

7. باش تۈزگۈچى، خەمىت زاكىر، كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئالىي مەكتەپ تىل-ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل7-ئاي، 1-نەشرى.

8. پۇ سۇڭلىڭ: «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشىر قىلدى، 1979-يىل 2-ئاي، 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

9. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2-قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي،1-نەشرى.

10. مەمتىمىن ھوشۇر: «قىرلىق ئىستاكان»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2010-يىل5-ئاي، 1-نەشرى، 2012-يىل 2-ئاي، 2-

بېسىلىشى.

11. نەشىر تەييارلىغۇچى: ھاجى نېمىتۇللا ئەبەيدۇللا:«كەلىلە ۋە دىمنە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي، 2-نەشرى.

12. نەشرگە تەييارلىغۇچى، ئەرشىدىن تاتلىق: «مىڭ بىر كېچە» (1-قىسىم)،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 3-ئاي 2-نەشرى.

يى چۈن: «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» (تۈزۈتىلگەن نۇسخا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل 1-

[1] « ‹چاتما ھېكايە› لەرئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن يېپيېڭى ھەم يېزىلىپ ۋايىغا يەتكەن كونا شەكىلمۇ ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر يوچۇن مەھەللىسىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئېچىپ، سىزگە بىر قاراپ قويۇپلا قېچىپ كىرىپ كەتكەن خىجىلچان، گۈزەل قىزدەك تولىمۇ تاتلىق، تولىمۇ ئەپچىل بىر شەكىل»، ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى: «ئۇي مەھەللە ۋە دۆگمەھەللە»، «تەڭرىتاغ»، 2011- يىل، 3-سان.

[2] ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل 4-ئاي1-نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، (2-قىسىم) ،1991-يىل،11-ئاي، 1-نەشرى، 628-بەت.

[4] ئىمام موللاخۇن :«يېزىقچىلىق ئاساسلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000-يىل،11-ئاي، 1-نەشرى.

[5] كوللىكتىپ تۈزگەن:«ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» ، (ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 3-ئاي، 1-نەشرى.

[6] نۇرمەھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2011-يىللىق، 6-سان.

[7] نەشىرگە تەييارلىغۇچى، ئەرشىدىن تاتلىق: مىڭبىر كېچە (1-قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 3-ئاي 2-نەشرى؛

[8] يى چۈن: «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» (تۈزۈتىلگەن

نۇسخا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل 1-ئاي 1-نەشرى.
[9]پۇ سۇڭلىڭ : «لىياۋجەي رىۋايەتلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلدى، 1979-يىل2-ئاي، 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.
[10]
。王一川:《文学概论》, 中央广播电视大学出版, 2005年8月第一版
[11]
中国社会学院语言研究所词典编辑室编:《现代汉语词典》(第5版)、, 北京: 商务印书馆, 2008年3月(第379次印刷)639页
[12] كوللىكتىپ تەرىپىدىن رەتلەنگەن: گۇاڭ دوڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1978-يىل 12-ئاي، 1-نەشرى، 1979-يىل 3-ئاي، 2-بېسىلىشى.
[13] ئەكبەر قادىر: «مويەننىڭ ‹نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى› غا ئېرىشىشى» ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2012-يىللىق 5-سان.
[14] باش تۈزگۈچى، ئابلەت ئۆمەر، كوللىكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (1-قىسىم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل6-ئاي 1-نەشرى، 2002-يىل 3-ئاي 2-نەشرى.
[15] نۇرمەھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2011-يىللىق، 6-سان.
[16] سېكىل: بىر-بىرىگە باغلىق بولغان بىر قانچە ماۋزۇلار ئاستىدىكى مەزمۇنداش ئەسەر ياكى شېئىرلارنىڭ چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە.«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، (3-قىسىم) ،1991-يىل، 11-ئاي،1-نەشرى،664-بەت.
[17] ئىمام مۇللاخۇن: «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى،2000-يىلى 11-ئاي،1-نەشرى.
[18] باشتۈزگۈچى، ئابلەت ئۆمەر، كوللىكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (2-قىسىم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

نەشرىياتى، 1997-يىل6-ئاي 1-نەشرى، 2002-يىل 3-ئاي 2-نەشرى.
[19] ئىمام مۇللاخۇن: «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى،2000-يىلى 11-ئاي، 1-نەشرى.
[20] «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 3-سانى، 2012-يىللىق 4-، 5- سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2013-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى.

# قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە

تەپسىر پەنلىرى دوكتورى نۇرئەھمەد قۇربان

## كىرىش سۆز

ئىسلام ئەقىدىسىدە ھاياتلىق بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى يوقلۇقتىن بار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى ئالەملىك ھاياتلىق ئاتا قىلغان. دۇنيا ھاياتى ئەبەدىي ئالەمنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ھاياتىدا ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كېرەك بولغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەر تەق قىلىنغان. ئاللاھتائالا ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدىن ئاداشماسلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخى باسقۇچتا، نۇرغۇن يولباشچى ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئىنسانلارنى توغرا يولدا مېڭىشقا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن توسقان. ئۇلار بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئۆزلىرى بىۋاستە ئۈلگە بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك (ئەلچىلىك) ۋەزىپىسىنى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان بىلەن تاماملىغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر ۋە ساھابىلەردىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئىسلام ئەھلى ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا تىرىشقان ۋە بۇ كىتابنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان. بۇ ۋەزىپە پەقەت ئۇنىڭ مەنىسىنى

چۈشىنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. قۇرئاننىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشۇش يولىدا تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئىشىنىمىزكى بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقلار تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى ھاياتلىق باشلانغان كۈندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگىچە دۇنياغا كەلگەن ۋە كېلىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق نىزامى قۇرئان كەرىمگە مۇجەسسەملەنگەن. دېمەك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى بۇ كىتابقا ماسلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ قۇرئانى كەرىمنى چۈشىنىشكە بولغان ئېھتىياجى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بارماقتا. بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە تەرجىمە ۋە تەپسىر پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، قۇرئان تەرجىمىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىزمەتلەر ۋە قۇرئان تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى كۆز قاراشلار ئۆتمۈشتىكىدىن پەرقلىق ھالدا يېڭى ئېقىملارنى شەكىللەندۈرمەكتە. تىلنىڭ قۇرۇلمىسى، تەپسىرچىنىڭ بىلىم سەۋىيەسى، ياشىغان دەۋرىنىڭ شەرت-شارائىتى ۋە تەپسىرچىنىڭ ياقىلىغان مېتودى بۇ ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل ئوخشىماسلىقلارغا قارىمۇ قارشىلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس بەلكى مەنىۋى بايلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە بىر قاتار ئىجابىي نەتىجىلەرنى روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، ئاز بىر قىسىم پىكىر ئېقىملىرى قۇرئاننىڭ ئىلاھى كىتاب ئىكەنلىكىگە شەك چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تەۋرەنمەس پرىنسىپلىرىنى ئېتىبارسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىسلام چەمبىرى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىھاد خاتالىقى بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى يامان غەرەزنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرماقتا.

جەمئىيىتىمىزدە بىلىم سەۋىيەسىنىڭ چەكلىكلىكى ياكى تەتقىقات مەنبەسىنىڭ كەمچىللىكى ۋە ياكى قاراشلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى

تۆپەيلىدىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار قۇرئاننى "مۇھەممەدنىڭ سۆزى" دەپ ئىسپاتلاشقا كۆچىگەن. بۇنىڭ ئاساسسىز بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئاشكارا ھەقىقەتتۇر. دەرۋەقە بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ۋە شۇ تەتقىقاتىدا توغرا نەتىجىگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەن ھەر بىر تەتقىقاتچى ئالدى بىلەن كونا كۆز قاراشلىرىدىن ئازاد بولۇشى، ئاندىن ئۇچۇق زېھنى بىلەن، مەزكۇر ساھەنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ۋە تەتقىقات پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئۇسۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات ئادىل بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىلىمغا ئۆز ئۇسۇلى ۋە مەنبەسى دائىرىسىدە باھا بېرىلىشى كېرەك.

## 1. تەپسىر تېرمىنىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىر ئىككى كەلىمە

تەپسىر كەلىمىسى ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «ئۈستى يېپىق بىر نەرسىنى ئېچىش ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىش» دېگەنلىك بولىدۇ. 1 بەزى ھاللاردا «بايان قىلىش ۋە ئىزاھلاش» دېگەن مەنىدە كېلىپ، «بىر سۆزنىڭ تەپسىلاتى ۋە يېشىمى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى تەپسىر كەلىمىسىنىڭ تېرىم مەنىسى ھەققىدە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان خىلمۇ-خىل ئېنىقلىمىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلەپ ئېيتقان ۋاقتىمىزدا تەپسىر ئاتالغۇسىنى قىسقىچە «ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كىتابتىن ھېكمەت ۋە ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بىر ئىلىم» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن تەپسىر تېرمىنى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشنى تېما قىلغان پۈتۈن پائالىيەتلەرگە قوللىنىشقا بولىدۇ.2

تەپسىر تارىخىدا، تەپسىر بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغان يەنە بىر ئۇقۇم «تەۋىل» كەلىمىسى بولۇپ، ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسمى تەۋىل ئۇقۇمىنى تەپسىر

ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىدە دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. تەپسىر تارىخىنىڭ تۇنجى مەزگىللىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تەپسىر ۋە تەۋىلنىڭ بىرى-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، شۇ زامانىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بىرى تەۋىل كەلىمىسىنى، كالامنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ياكى كالامدا دېمەكچى بولغان مەقسىتىنىڭ ئۆز ئەينىسى، دەپ قارىغان. كېيىنكى ئەۋلاد فىقھشۇناسلار، كالامچىلار، ھەدىسشۇناسلار ۋە تەسەۋۋۇپ ئالىملىرى بۇ كەلىمىنى «بىر دەلىلگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سۆزنىڭ ئەسلى ئوچۇق مەنىسىدىن چىقىپ كېتىپ ئىپادىلەش مۇمكىن بولغان، ئېھتىماللىي مەنىلىرىدىن بىرىنى تالاش» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆزلەر كېيىنكى چاغلاردا، فىقھە، كالام، تەسەۋۋۇپ ۋە ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن بۇرۇنقىدىن پەرقلىق مەنىلەردە قوللىنىلغان. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى پەرقلەرنى يىغىنچاقلىساق، تەپسىر ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى تەۋىل كەلىمىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرەك دېيىشكە بولىدۇ. تەپسىردە، ئايەت ۋە ھەدىسلەر سايىسىدە كەسكىن بىر نەتىجە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، تەۋىلدە ئېھتىماللىقى بولغان مەنىلەردىن بىرى ۋە مۇئەللىپنىڭ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.3

تەپسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشتىن ئىلگىرى، تەپسىر ئىلمى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەرەققىيات باسقۇچى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 2- تەپسىر ئېقىملىرى ۋە شەكىللىنىش جەريانى

قۇرئاننىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولماستىن، تۈپتۈغرا يىگىرمە ئۈچ يىلدا، ئايەت - ئايەت، سۈرە-سۈرىدىن بىر - بىرلەپ نازىل بولغانلىقى

ھەممىسىگە ئايان. نازىل قىلىنغان ھەر بىر ئايەت ۋەھيي كاتىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ تۇرغان ھەمدە بۇنى ساھابىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يادقا ئېلىۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نازىل بولغان ھەر بىر ئايەتنى جامائەتكە تەبلىغ قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى ساھابىلەرنىڭ ئېسىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر نامازدا ئۇنىلۈك ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بەزى مەزمۇنلارنى ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ساھابىلەر ئېنىق چۈشىنەلمىگەن ۋە تۇرمۇشتا تېخى ئۇچراتمىغان مەسىلىلەرنى پەيغەمبىرىمىزدىن سوراپ ئۇنىڭدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكەن. دېمەك، ئۇ زاماندا ساھابىلەر يۇقىرىقى سەۋەبتىن ئايرىم تەپسىر يېزىپ قالدۇرمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى ئۇلار چۈشىنەلمىگەن ھەرقانداق بىر مەسىلىنى قۇرئاننىڭ ئەڭ ياخشى تەپسىرچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە، دەل ۋاقتىدا سوراپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تۆردىكى ئېنىقلىمىلىرىنى، ئاساسەن ھەدىس مەنبەلىرىنىڭ «كىتابۇتتەپسىر» بابلىرىدا ئۇچرىتىمىز. بۇنى قۇرئان تەپسىرى تەرەققىيات تارىخىدىكى تۇنجى باشلىنىش دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، قۇرئان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىغا يازدۇرغان ياكى ئۆزى ئىجاد قىلغان كىتاب ئەمەس. قۇرئان، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۆزى. ئۇ ھەرخىل ۋاستە ۋە يوللار ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ زاماننىڭ ئۆزىدىلا يازدۇرغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يادلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلىغان رىۋايەتلەرنى رەتلەپ، توپلاش ئىشلىرى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دەۋردە تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ئىشەنچلىك دەلىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلىنىشى كېرەك ئىدى.4 ساھابىلەر دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى زامانىدىكى قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان تېرە، تاختا ۋە سۆڭەك پارچىلىرىنى رەتلەپ چىقىش ئەڭ مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئىشلەنگەن ئىدى. توپلانغان بۇ نۇسخا كېيىن «ئىمام نۇسخا» نامىدا قوبۇل قىلىنغان ۋە ھەزرىتى ئوسمان زامانىغا كەلگەندە كۆپەيتىلىپ، ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىلگەن.5 تۆت چوڭ خەلىپە

زامانىدا، ئىسلام جۇغراپىيەسى تېز سۈرئەتتە كېڭەيگەن ھەمدە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن كىشى ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەرخىللىشىشى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى، ھەمدە بۇ جەھەتتە قۇرئاننىڭ دانا پىكىرلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى، تەپسىر ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن يەنە بىر ئامىل، دەپ قارالماقتا.6 بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ئىزاھات ۋە ئېنىقلىمىلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى قولىدىكى قۇرئان تېكىستلىرىنىڭ يېنىغا خاتىرىلەپ قويغانلىقى بايقالغان بولۇپ، بۇمۇ بىرخىل تەپسىر دەپ قارالماقتا. لېكىن بۇخىل ئەھۋالنىڭ قۇرئاننىڭ ئېتىبارىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ھەزرىتى ئۆمەر قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ئۈستىگە بۇ شەكىلدە ئېنىقلىما ۋە تەپسىرنىڭ يېزىلىشىغا قارشى پىكىردە بولغان.7

بۇ دەۋردە يۇقىرىقىدەك ئىشلاردىن باشقا، تەپسىر پائالىيەتلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىدەك كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىغان. تەپسىرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولغان بۇ دەۋردە، ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش (چۈشۈرۈلۈش) سەۋەبلىرى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ساھابىلەرنىڭ بۇ توغرىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىھاد ۋە ئېنىقلىمىلىرى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.8

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا ساھابىلەرنىڭ سەركىسى دەپ سانالغان بىر قىسىم ساھابىلەر، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن فەتىھە قىلىنغان (بويسۇندۇرۇلغان) زېمىنلارغا كۆچكەن. ئۇلاردىن بەزىلىرى ۋالىي، بەزىلىرى قازى، بەزىلىرى مۇئەللىم ۋە باشقا ھەرخىل خىزمەتلەر بىلەن ئوخشىمىغان رايونلارغا كەتكەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە، ئۆزلىرى بىلگەن دائىرىدە قۇرئاننى تەپسىر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن مەيدانغا چىققان مەزھەپ ھەرىكەتلىرىدە چوڭ رول ئوينىغان. 9

ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ساھابىلارنىڭ

قۇرئان ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى ئوخشىمىغىنىدەك، قۇرئاننى چۈشىنىش سەۋىيەلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى.10 ئۇلارنىڭ ئەقلىي مۇھاكىمە قابىلىيىتىدە پەرقلەر مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان چۈشەنچىسى، تارىخىي مەلۇماتىدىمۇ مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرئان ھەققىدە ئىگە بولغان بىلىملىرىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.11 مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پەرقلىق مېتودلاردىن تۇغۇلغان ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنسانلار دۇچ كەلگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپقۇدەك يېگانە مەنبە قۇرئاندىن باشقا بىر ئىلاھىي ئاساس يوق ئىدى. سوئاللارنى پەقەت قۇرئان تېكىستى ۋە ئېنىقلىمىلىرىغا تايىنىپ جاۋابلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئەھۋال تەپسىردە پەرقلىق ئېقىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە چوڭ تۆھپە قوشقان.

ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن «تابىئۇن» دەپ ئاتالغان ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ھەرقايسى شەھەرلەردە ئوخشىمىغان تەپسىر ئېقىملىرى ناھايىتى تېز ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. پىكرىي جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلارمۇ بىر قەدەر كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ ئۆتكۈنچى دەۋردە، بۇ ھەقتىكى ئىجابىي تەرەققىياتلاردىن باشقا، يەنە قۇرئاننىڭ مەقسىتىگە زىت بولغان بەزى كۆز-قاراش ۋە پىكىرلەرمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىغان.12 شۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننىڭ قايىل قىلارلىق ۋە توغرا شەكىلدىكى تەپسىرىگە بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئېشىپ بارغان. تابىئۇن ئالىملىرى بۇ ھەقتىكى بەزى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان. ئۇلار قۇرئاننى تەپسىر قىلغان چاغلىرىدا، ساھابىلەردىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ئىجتىھاد ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان. ئايەتلەر نازىل بولغان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر ۋە باشقا بىلىم ساھەلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرئان تەپسىرى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن. ساھابە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى، ئىسلام جۇغراپىيەسىدە تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققان بەزى تەپسىر ئېقىملىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا مەككە تەپسىر

ئىقمى، مەدىنە تەپسىر ئىقمى ۋە ئىراق تەپسىر ئىقمى قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز.13

مەدىنىدە ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان ساھابىلەر بار ئىدى. بۇ يەردىكى دەرس سورۇنلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ باشقا ساھەدىكىگە ئوخشاش قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ساھەسىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ يەردە شەكىللەنگەن ئىلىم سورۇنلىرىنىڭ بېشىدا ئۇبەي ئىبنى كەئىب بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر تالىپلىرىدىن ئەبۇل ئالىيە ئەر-رىياھى (708/90)، مۇھەممەد ئىبنى كەئىب ئەل-قۇرەزى (736/118) ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم (753/136) قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر مەدىنە ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئېقىملاردىن يەنە بىرى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ئىراق ئېقىمىدۇر. بۇ رايونغا نۇرغۇن ساھابىلەر كەلگەن. ئىراقلىقلار ئۇلاردىن ئىسلامىي ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن تەپسىر ئىلمىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئېقىمنىڭ تۇنجى ئۇستازلىق نېسۋىسى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا بېرىلگەن. ھەزرىتى ئۆمەر، ئەممار ئىبنى ياسىرنى كۇفەگە ۋالىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنى مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ كۇفەدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشى ئىراق ئېقىمىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. تەپسىر ساھەسىدىكى ئىناۋەتلىك ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئېقىمدا يېتىشىپ چىققان.14

مەككە ئېقىمىغا كەلسەك، بۇ ئېقىمنىڭ ئۇستازى، تەپسىر ئىلمىدىكى قابىلىيىتى ۋە بىلىمى بىلەن شۆھرەت تاپقان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستۇر. ئىبنى ئابباسنىڭ ئەرەب تىلى، ئەرەب تىلى ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب جاھىلىيە ئۆرپ-ئادەتلىرى ساھەسىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغاندىن باشقا، ئىجتىھادى ۋە جاسارىتى بارلىق، تەپسىر پائالىيەتلىرىگە مۇھىم تۆھپىلەر قوشقان.15 ئۇنىڭ تالىپلىرىدىن سەئىد ئىبنى جۇبەير (714/95)، مۇجاھىد ئىبنى ئىبنى جەبر (721/103)، ئىكرىمە (723/105) ۋە تاۋۇس ئىبنى كەيسان (724/107) قاتارلىقلار تەپسىر ئىلمىدە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان مەككە ئېقىمىغا ئىبنى تەيمىيە «تابىئۇن ئىچىدە تەپسىردە ئەڭ

بىلىملىك كىشىلەر- مەككە ئېقىمىنىڭ ئالىملىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئىبنى ئاببىاسنىڭ تالىپلىرى ئىدى» دەپ باھا بەرگەن.16

كېيىنكى مەزگىللەردە، يېڭى ئەۋلاد تەپسىرچىلەر، ئەجدادلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى قوشۇپ، تەپسىر ئىلىم ساھەسىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ ئۇسۇلدا قۇرئاننى تەتقىقات ئېمىسى قىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردىكى مۇھىم ئالىملاردىن ئەلى ئىبنى ئەبى تەلھە، يەھيا ئىبنى زىياد ئەل-فەررا ۋە مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## 3. تەپسىر مېتودى ۋە قۇرئان ئىلىملىرى

قۇرئان كەرىم بىر ئىلاھىي كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇ ھەقتە خالىغانچە پىكىر بايان قىلىش توغرا ئەمەس. تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئالىملىرى بۇ كىتابنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا باش قاتۇرغان ۋە بەزى ئۇسۇل- چارىلەرنى تېپىپ چىققان. بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ خىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئىپادىسى «ئۇلۇمۇل قۇرئان» بولۇپ، بىز بۇ ئىلىمنى «تەپسىر مېتودى»، «تەپسىر ئىلىملىرى» ۋە «قۇرئان ئىلىملىرى» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئىپادىلەيمىز.

بۇرۇنقى ئالىملار قۇرئاننى ئىزاھلاشنى مەقسەت قىلغان ئىلىملارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئۇلۇمۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى دەۋردە شاھ ۋەلىييۇللاھ ئەددېھلەۋىنىڭ (1762/1176) «ئەل فەۋزۇل كەبىير فى ئۇسۇلىتتەپسىر» ناملىق ئەسىرى بىلەن «ئۇسۇلۇتتەپسىر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قۇرئان بىلىملىرى ساھەسىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئەرەب تەتقىقاتچىلىرى «ئۇسۇلۇتتەپسىر» (تەپسىر مېتودى) ئىبارىسىنى مەزمۇن جەھەتتە «ئۇلۇمۇل قۇرئان» (قۇرئان ئىلىملىرى)غا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە قوللانماقتا. مەزمۇن جەھەتتە كۆرۈلگەن بۇ پەرق، «ئۇلۇمۇل

قۇرئان» ئىبارىسىنىڭ «ئۇسۇلۇتتەپسىر (تەپسىر مېتودى)» بىلەن مەنداش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تەپسىر مېتودى» خۇسۇسىيلىقىدا ئىگە بولۇپ، «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئاتالغۇسى ئومۇمىيلىقىدا ئىگە . چۈنكى «ئۇلۇمۇل قۇرئان» قۇرئان ۋە تەپسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن بىلىم تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تەپسىر مېتودى» ئاتالغۇسى تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك قورال، قائىدە ۋە ئىزاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپسىر مەسىلىلىرى، تۈرلىرى، شەرتلىرى ۋە قوراللىرى، شۇنداقلا تەرجىمىگە ئوخشاش تەپسىر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك تېمىلار، تەپسىر ئۇسۇلىدىكى مەزمۇنلاردۇر. قۇرئان ئىلىملىرى بولسا، بۇنىڭدىن تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە.17

دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئالىملار ئەسەر يېزىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «ئەسبابۇن نۇزۇل» (بەزى ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش سەۋەپلىرىنى بايان قىلىدىغان ئىلىم) ھەققىدە ئىمام بۇخارىينىڭ ئۇستازى ئەلى ئىبنى ئەل مەدىنىي (843/234)؛ قۇرئان قىرائىتى ھەققىدە ھەسەن ئەل بەسرى (728/110)؛ «غەرىيبۇل-قۇرئان» ۋە «فەزائىلۇل قۇرئان» ھەققىدە ئەبۇ-ئۇبەيدە (824/209)؛ «ئەنناسىخ ۋەل مەنسۇخ» ھەققىدە ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەللام (839/230)؛ «مۇشكىلۇل قۇرئان» ۋە «مەجازۇل قۇرئان» ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى قۇتەيبە (889/276)؛ «ئىجازۇل-قۇرئان» ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەل ۋاسىتى (918/306)؛ «ئىرابۇل-قۇرئان» ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى سەيد ئەل خۇفى (951/340)؛ «ئەمسالۇل قۇرئان» ھەققىدە ئەبۇل ھەسەن ئەل ماۋەردى (1058/450)؛ «ئەقسامۇل قۇرئان» ھەققىدە ئىبنى قەييۇم (1350/751) ۋە «جەدەلۇل قۇرئان» ھەققىدە نەجمۇددىن ئەتتۇفى (1316/716) قاتارلىق كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئەسەر يازغان.18 قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئەتراپلىق ۋە ئەڭ پايدىلىق ئەسەر، بۇرھانۇددىن ئەز-زەركەشىنىڭ (1392/794) «ئەل بۇرھان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرى ۋە سۇيۇتىنىڭ «ئەل ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرىدۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ تېمىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغان.

# 4. تەپسىردە رىۋايەت ۋە دىرايەت مېتودى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر، ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، ئىشلىتىلگەن تەپسىر ماتېرىياللىرى نۇقتىسىدىن ئادەتتە «رىۋايەت تەپسىرى» ۋە «دىرايەت تەپسىرى»19 دەپ، ئىككى ئانا تىپقا ئاساسەن يىغىنچاقلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاۋۋال تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز رىۋايەت تەپسىر ئۇسۇلىدۇر.

## 4-1. تەپسىردە رىۋايەت مېتودى

رىۋايەت تەپسىرىگە، «مەئسۇر» ياكى «نەقلىي» تەپسىرمۇ دېيىلىدۇ . يەنى- ئايەتلەرنىڭ، قۇرئان ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. بۇ خىلدىكى تەپسىر دەسلەپتە رىۋايەت بىلەن باشلانغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ساھابىلارغا، ئۇلاردىن تابىئىنلارغا يەتكۈزۈلگەن. پەقەت رىۋايەت تەپسىردە ھەزرىتى پەيغەمبەردىن باشلىنىپ، ساھابىلارغا ھەتتا تابىئىلارغىچە سوزۇلغان رىۋايەت زەنجىرى ئىچىدە بەزى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان خەۋەرلەرنىڭ كۆپلۈكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان مەنبەلىرىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە رىۋايەت زەنجىرىدىكى رىۋايەتچىلەرنىڭ قىسقارتىۋېتىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بۇ تەپسىر تۈرىنىڭ نۇقسانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەپسىر مەنبەلىرى سۈپىتىدە ئىبنى جەرىر ئەت- تەبەرىي (922/310) نىڭ «جامىئۇل-بايان ئەن تەپسىيرىل قۇرئان»؛ ئەبۇل لەيس ئەس سەمەرقەندىي (898/373) نىڭ «بەھرۇل ئۇلۇم»؛ ئەل ۋاھىدىي (1075/468) نىڭ «ئەل ۋەجىز فى تەفسىيرىل قۇرئانىل ئەزىز»؛ ئەل بەغەۋىي (1122/516) نىڭ «مەئالىمۇتتەنزىل»؛ ئىبنى ئەتىييە (1151/546) نىڭ «ئەل مۇھەررەرۇل ۋەجىيز فى تەپسىرى كىتابىل ئەزىز»؛ ئىبنى كەسىر (1372/774) نىڭ «تەپسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم»؛ جەلالۇددىن ئەس سۇيۇتى

(1505/911) نىڭ «ئەد ـ دۇررۇل مەنسۇر فىتتەفسىر بىل مەئسۇر»؛ جامالۇددىن قاسىمىي (19147/1332) نىڭ «مەھاسىنۇت تەۋىل» غا ئوخشاش ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ساناپ چىقىش مۇمكىن.

## 4-2. تەپسىردە دىرايەت مېتودى

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەردە تەپسىرچى پەقەت رىۋايەتلەر بىلەنلا قانائەت قىلماي، تىل ـ ئەدەبىيات، دىن ۋە ھەر تۈرلۈك بىلىملەرگە تايىنىپ ئىلىپ بارغان ئىجتىھادى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن تەپسىرلەردۇر. بۇ تۈر تەپسىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىپ، قىلىنماسلىقى توغرىسىدا دەسلەپتە تالاش ـ تارتىشلار بولغان، ئۇنى بەزى ئالىملار توغرا دەپ قارىسا، يەنە بىر تۈركۈم ئالىملار ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرى جەھەتتىن توغرا، دەپ قارىغان. تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ بارغان ئىسلام جۇغراپىيەسىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا ۋە غەيرى ئەرەبلەرگە سىستېمىلىق ھالدا ئەرەب تىلىنى، شۇنداقلا قۇرئاننى ئۆگىتىش ئېھتىياجى دىرايەت تەپسىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئېقىمدىكى تەپسىرمۇ تەرەققىي قىلغان ئىلىم ـ پەن، پىكىر ۋە ئوتتۇرىغا چىققان مەزھەپلەرگە قاراپ ھەرخىل تارماقلارغا ئايرىلغان. ئىشارىي تەپسىر، ئىجتىمائىي تەپسىر، ئەدەبىي تەپسىر، ئەھكام تەپسىرى، پەلسەپىۋىي تەپسىر ۋە ئىلمىي تەپسىر دېگەندەك تەپسىر تۈرلىرىنى دىرايەت تەپسىرى كاتېگورىيىسىدە مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

ئىمام ماتۇرىدىينىڭ (994/333) «تەئۋىلاتۇل قۇرئان»؛ نەسەفىي (1142/537) نىڭ «مەدارىكۇت تەنزىل ۋە ھەقائىقۇتتەئۋىل»؛ زەمەخشەرىي (114/538) نىڭ ئەل ـ كەششاف ئەن ھەقائىقىت تەنزىل ۋە ئۇيۇنىل ئەقاۋىل فى ۋۇجۇھىت تەئۋىل»؛ ئىبنى ئەتىييە ئەل ئەندەلۇسىي (1147/541) نىڭ «ئەل مۇھەررەرۇل ۋەجىز فى تەپسىرى ـ كىتابىل ئەزىز»؛ فەخرۇددىن ئەر رازىي (1209/606) نىڭ «مەفاتىيھۇل غەيب» ئەل ـ قۇرتۇبىي (1272/671)

نىڭ «ئەل جامىئ لىئەھكامىل قۇرئان»؛ قازى ئەل بەيداۋىي (1288/685) نىڭ «ئەنۋارۇت تەنزىل ۋە ئەسرارۇت تەئۋىيل»؛ رەشىد رىزا (1935/1354) نىڭ «تەپسىرۇل مەنار»؛ سەييىد قۇتۇب (1967/1906) نىڭ «فى زىلالىل قۇرئان» غا ئوخشاش تەپسىرلەر بۇلارنىڭ بىرقىسمىدۇر.

## 5. زامانىمىزدىكى تەپسىر پائالىيەتلىرى

ئون توققۇزىنچى ئەسىردىن باشلاپ، غەرب دۆلەتلىرىدە ۋە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان مۇستەملىكە رايونلاردا بىر ئېقىم سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان مودېرنىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىرى، باشقا ئىلىم ساھەسىگە ئوخشاشلا تەپسىر ئىلمىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتمۈشنى تىرىلدۈرۈش كېرەكمۇ ياكى ئېزىلگەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ ۋەياكى بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىچە بىر يول تۇتۇش كېرەكمۇ؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر، بىلىم ئىنسانلىرى ئوتتۇرىسىدا قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ جەھەتتە ھەر ئېقىمنىڭ قۇرئاندىن چىقارغان ھۆكۈملىرىدە پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى ھەممە ئېقىمنىڭ ئۆز ئالدىغا تەتقىقات مېتودى بار ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار، تارىخىدا تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان پىكرىي زىددىيەتلەر بىلەن داۋالغۇشقا باشلىدى. ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ غايىسى، ئىلىم مەنبەلىرى ۋە تەلىم-تەربىيە مېتۇدى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم تارىخىدا يېڭىچە بىر سەھىپە ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، بۈنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە مەسىلىنى، ماقالىمىزدە باش تېما قىلىپ تاللىغان دائىرىگە يەنى، قۇرئان تەپسىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىمىز. بىرىنچى قىلىپ تەپسىر مېتودولوگىيەسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1.5- زامانىمىزدىكى قۇرئان مېتودولوگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك قۇرئان كەرىم، تارىختىن بۇيان مەيلى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەر تەرىپىدىن بولسۇن ئەھمىيەتلىك بىر كىتاب، دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋە مۇھىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بىر ساھە بولغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچبىرىگە نېسىپ بولمىغان بىر ئىلىم ئېيتىشقا ئايلانغان. 20. ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن قۇرئاننىڭ بەزى تېمىلىرى ھەققىدە ئايرىم ئىلمىي تەتقىقاتلار بار ئىدى. بەزى تېمىلار ھەققىدە نەچچە ئونلىغان ئەسەرلەر يېزىلغان. ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن باشلانغان بۇ خىزمەتلەر بەزى زامانلاردا تېز، بەزىدە ئاستا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ھېلىغىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. 21. قۇرئانغا بولغان بۇ كۈچلۈك يۈزلىنىش نەتىجىسىدە، ئۇلۇمۇل قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئاساسى مەنبە بولۇشقا لايىق نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. سۇيۇتى (1504/910) ئۆز دەۋرىدە قەلەمگە ئالغان «ئەل ئىتقان» ناملىق ئەسىرىدە قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر 80 ئايرىم تېمىدا توختالغان بولسا، 20-ئەسىردە قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدە ئەڭ ياخشى دەپ قارالغان «مەناھىلۇل ئىرفان» ناملىق ئەسەردە پەقەت ئون ئالتە تېما تەتقىق قىلىنغان. پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەرلەردە «ئەل ئىتقان» دىكىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك بولمىسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى ھەر جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان ۋە يازغۇچى مۇھىم دەپ قارىغان تېمىلار ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان.

قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدە 20-ئەسىردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى، غەربلىكلەر قىزىقىۋاتقان قۇرئاننىڭ مەنبەسى، قۇرئاننىڭ جەملىنىشى، يەتتە ھەرپ مەسىلىسى، سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر

مەسىلىسى ۋە ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارالغان قۇرئان مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئاساسى تېما قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. زامانىمىزدىكى قۇرئان ئىلىملىرى خىزمىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئۆتمۈشتە بىر كىتابنىڭ ئىچىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈپ كېتىلگەن بەزى تېمىلارنى مۇستەقىل تېما قىلىپ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال بۇرۇنقى دەۋرلەردە، قۇرئان ئىلىملىرى ھەققىدىكى خىزمەتلەردە بىر كىچىك تېما سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ھەقتە مۇستەقىل ئەسەرلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.22

بۇ دەۋردىكى مېتودولوگىيەلىك پائالىيەتلەر دائىرىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە، قەدىمكى مېتودلارنىڭ دەۋرىمىزدىكى مەسىلىلەرگە چارە تېپىش كۈچىنىڭ قالمىغانلىق مەسىلىسى بولۇپ، بۇ قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «مەۋجۇد تېكىستلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش، ئۇنى مۇستەھكەملەش ۋە شۇ دائىرە ئىچىدە تەنقىد يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، يېڭىدىن پەيدا قىلىنىشى زۆرۈر بولغانغا دائىر چارە ئوتتۇرىغا قويماسلىق» جەھەتتىن يېتەرسىزدۇر. 23

## 2-5. زامانىمىزدىكى تەپسىر پائالىيەتلىرى

قۇرئان ۋە تەپسىر تەتقىقاتىنىڭ ئىسلاھات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ئىككى يۈز يىل مابەينىدىكى ئەسەرلەر ئاساسلىقى، ھىندىستان يېرىم ئارىلى بىلەن مىسىردا ئوتتۇرىغا چىققان. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى قۇرئان ۋە تەپسىر خىزمەتلىرىدە، تۈنجى بولۇپ تىلغا ئالىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرى سەييىد ئەھمەدخاندۇر. ئۇ ئۆزى ياشىغان جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى ئىنگلىزلارغا ساداقەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ سىياسىي مايىللىقىدىن مەمنۇن بولغان ئىنگلىز ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «سىر» (ئەپەندى) ئۇنۋانىنى بەرگەن. سەييىد ئەھمەدخان (1898)

ئىلمىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلىرى ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىر تەپسىر بىلەن، بۇ ساھەدە يېڭى بىر ئۇسلۇپ (مېتود) يارىتىش ئىدىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەھرىر فى ئۇسۇلىتتەپسىر» ناملىق ئىككى ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ قۇرئان چۈشۈرۈلگەن ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرى ئەنئەنىۋى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭچە بولغاندا ۋەھيي، رىئال ۋە مۇستەقىل بىر مەۋجۇدات بولغان پەرىشتە (جەبرائىل) ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، پەيغەمبەرلىك قۇۋۋىتى سايىسىدە، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن ياكى ئىلھام بېرىلگەن.24 بۇ كۆز قاراشنىڭ قۇرئاندىكى كۆپ قىسىم ئايەتلەرگە زىت ئىكەنلىكى ئوچۇقتۇر.

ئەھمەدخان قۇرئاندا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيەتكە (مۆجىزە)، ئەنئەنىۋى مۆجىزە چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن ھالدا باھا بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئەرەب تىلىنىڭ كىنايە، تەمسىل (سىمۋول)، ئوخشىتىش قاتارلىق تىل بايلىقى ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ياقلىملىق باھا بېرىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ دائىرىدە، مۆجىزىلەر سۆز تېمىسى بولغاندا، ئىرراتسىيونال مەنىلەرنى، بەزىدە ئەرەب تىلىنىڭ ئىمكان ۋە چەك- چېگراسىنى زورلاش ئارقىلىق راتسىيونالللاشتۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ھەزرىتى يۇنۇسنىڭ بىر چوڭ بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئايەت (37/سافات 142) بىلەن مۇناسىۋەتلىك، قۇرئاندا بۇنى جەزملەشتۈرىدىغان ئېنىق بىر ئىپادە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئايەتتىكى «يۇتۇش» مەنىسىدە كەلگەن «ئىبتەلەئە» پېئىلىنىڭ ئەمەس، «ئاغزى بىلەن تۇتۇش» مەنىسىدىكى «ئىلتەقەمە» پېئىلىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ شەكىلدە، ئايەتتە چۈشەندۈرۈلگەن ھادىسىنىڭ ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ھەم ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاسا بىلەن ئۇرۇپ دېڭىزنى ئىككىگە ئايرىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتنى25 مەد جەزرىر (ئاينىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدە دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ- پەسىيىشى) ھادىسىسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.26 مۇنداق بولغاندا دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئىلاھىي مۆجىزە بولماستىن، بىر تاسادىپىيلىق بولغان بولىدۇ. ئەمما قۇرئان بۇ ھادىسىنى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە بايان

قىلىدۇ.

ئەھمەدخاننىــــــــڭ قۇرئــــــان تەتقىقاتىـــــــدا ئەڭ ئاساســــــلىق تەكىتلەيدىغانلىرىدىن بىرى، تەبىئەت قانۇنلىرىغا دىققەت قىلىش. ئۇنىڭچە، ئـاللاھ كائىناتقا ئەزەلـدىن بىـرى ئۆزگەرمەيـدىغان بىـر يـارىتىلىش قـانۇنى قويغان. تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرى، ئاللاھنىڭ ئەمەلىي سۆزىدۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر سۆزىدە (قانۇنلىرىـدا) ئـۆزگىرىش بولمايـدۇ ، قۇرئانـدىمۇ ئەزەلـدىن بېـرى ئۆزگەرمىگەن تەبىئەت قانۇنىغا زىت ھېچبىـر بايـان يـوق. يىغىـپ ئېيتقانـدا ئۇنىڭچە، ئىسلام ئۆلىمالىرى مۆجىزە دەپ ئاتالغۇلاشتۇرغان ھادىسلەر ھەققىدە گەپ قىلغــان قۇرئــان ئــايەتلىرى، ئەســلىدە بىــز بىلىــدىغان تەبىــئەت ھادىسىلىرىگە ئىشارە قىلىدۇ.

ئەھمەدخاننىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىـڭ كىلاسسىـك نەسـىخ نەزەرىيەسـىگە قىلغـان ئېتىرازىـدۇر. ئۇنىـڭ بـۇ پىكـرىگە ئوخشـاش مەسـىلە ئەسـىرلەر بـۇرۇن، مۇئتەزىلە مەزھىبىنىـڭ تەپسىرچىلىرىدىن ئەبـۇ مۇسلىم ئەل-ئىسفاھانى تەرىپىدىن ئەتراپلىق بىر شەكىلدە بايان قىلىنغان. تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئۆزگەرمەسـلىكى پىرىنسـىپىغا كەلسـەك، ئەھمەدخـان بـۇ مەسـىلىگە مۇناسـىۋەتلىك كـۆز قاراشـلىرىنى ئـۆزىگە خـاس بىـر ئۇسـلۇبتا ئىپادىلەشـتىن باشـقا، غەرب دۇنياسـىدا ھۆكـۈم سـۈرگەن راتسـىيونال ۋە ناتۇرالىسـتلاردىن ئىلھـام ئالغـان. بولۇپمـۇ ئەھمەدخـان بـۇ يەردە يېڭـى ۋە ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇب تەكىتلەشتىن باشقا يەنە، ئىبنى سىنا (1067/428) ۋە ئىبنى رۇشد (1198/595) قا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ مـۆجىزە ھەققىـدىكى رادىكـال قاراشـلىرىنىمۇ جانلاندۇرىـدىغان، قۇرئـاننى راتسىيونالىست ۋە ناتۇرالىست كۆز قاراش بىلەن تەتقىـق قىلىـش تەكلىـۋىنى ئوتتۇرغا قويغان.27

ئەھمەدخان، ئادەم ۋە ئىـبلىس قىسسـىلىرىنىڭ تەپسـىرىدە، ئەپسانە تۈسىدىن ئـايرىش يـولىنى تۇتقـان. يەنـى مەزكـۇر قىسسـەدىكى پەرىشـتە ۋە شـەيتانغا ئوخشـاش مەخلۇقلارنـىڭ ئەسـلىدە بىـر خىـل كـۈچ ۋە قـابىلىيەت ئىكەنلىكىنـى ئېيتقـان. جەنـنەت، جەھەنـنەمگە ئوخشـاش غـايىۋى ئـالەمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى تەمسىل، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىقلارغا يۈكلەشنى ئەۋزەل بىلگەن. ئەھكام ئايەتلىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەرقانداق زاماندا لەۋزى

بىلەن ياكى ئەينەن تەتبىقلاشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدىن بولسا كېرەك، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تەھلىل قىلغاندا، بولۇپمۇ تالاق، كۆپ خوتۇنلۇق، جازانە (ئۆسۈم) ئېلىشقا ئوخشاش تېمىلاردا يەنە قوغدىغۇچى بىر ئۇسلۇبتا، قۇرئان ئەھكاملىرىنىڭ ھازىرقى زامان قانۇن سىستېمىلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەن ماسلىشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان.28

ئەھمەدخان، ئەنئەنىدىن يىراق بولغان بەزى كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇشى بىلەن بىللە ئىسلام تەپسىر ئەنئەنىسىگە ئۆز زامانىدا بولسۇن ياكى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇستىدە بولسۇن، مەلۇم دەرىجىدە ئىز قالدۇرغانلىقى شۈبھىسىز. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئادەم قىسسىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھ ئۇسلۇبى، قىسمەن بولسىمۇ مۇھەممەد ئابدۇھ (1905) ۋە مۇھەممەد ئىقبال (1938) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك ھەزرىتى مۇسانىڭ دېڭىزنى ئىككىگە ئايرىشى، بېلىقنىڭ ھەزرىتى يۇنۇسنى يۇتۇشى، جىن، پەرىشتە، شەيتان، جەننەت ۋە جەھەننەمگە ئوخشاش تېمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلار، كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ قىسىم تەپسىرچىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقى بايان قىلىنغان.29

بۇ يەردە ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئابدۇللاھ چەكرئالەۋى (1914) تەرىپىدىن، 1912-يىلى «ئەھلۇز زىكىر ۋەل قۇرئان» ئىسمى بىلەن تەشكىللەنگەن قۇرئانچىلار ئېقىمىدىنمۇ سۆز ئېچىش مۇمكىن. ئاساسەن سەييىد ئەھمەدخان، چىراگ ئەلى (Melevi Chirag Ali) ۋە سەييىد ئەمىر ئەلى (1928) قاتارلىق مودېرنىزمچىلار ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆز قاراشنىڭ بىرئاز تاكامۇللاشقان شەكلىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئېقىم، كىلاسسىك «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئەدەبىياتىدىكى مەزمۇنلارنى، قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بىلەن پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىشقا قاراپ ماڭغان. ئاتالمىش زامانىۋى قۇرئان ئىسلامچىلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نەزەرىيەچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېقىمنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى، ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغاندەك، قۇرئاننىڭ ھەر تەرەپتىن كافى (يېتەرلىك، كۇپايە) ۋە شافىي (شىپالىق، تولۇق ھەل قىلغۇچ) بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتۇر.

بۇ قاراش ئىگىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان رىۋايەت ماتېرىياللىرىنى ئەڭ باشتا رەت قىلغاندىن باشقا، بۇ ئىشنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە، ناماز ۋاقىتلىرى ۋە رەكئەتلىرى قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە توختالغاندا، بەزىدە قۇرئان تېكىستلىرى ئۈستىدە، ئۇنىڭ مەنىسىنى بۇزۇش دەرىجىسىدە تەھلىل ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، «بارلىق مەدھىيە يەر ۋە ئاسماننى يوقتىن بار قىلغان؛ پەرىشتىلەرنى ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغان ئاللاھقا خاستۇر.» مەنىسىدىكى ئايەتنى (35/فاتىر،1)، «ئەي، ئاسمان ۋە يەر ئەھلى! ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەش ۋاخ نامىزىڭلاردا فاتىھەنى ئوقۇڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئالتە رۇكنى (قىيام، قىرائەت، رۇكۇ ۋە باشقىلار) بار نامازغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەرىشتە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىدۇ.» شەكلىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ جەرياندا، ئىسلام دۇنياسىدىكى زەئىپلىك ۋە يوقىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەنئەنىگە ئارتىلغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ياشىغان دەۋردىكى كېلىشمەسلىكلەرنىڭ پۈتۈن گۇناھى ئىسلامىي ئىلىملەر ۋە مەدەنىي مىراسلارغا ئارتىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئەنئەنىۋى تەتقىقاتلارنى كىلاسسىك شەكىللەردىن ئايرىپ چىقىپ، يېڭى بىر قېلىپقا كىرگۈزۈشكە تىرىشقان.30

ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى باشقا يېڭىلىق، پەرۋەر كىشىلەر قاتارىدا بولۇپمۇ فەزلۇرراھمان« ئىسلام ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن ئەسىرىدە تەۋسىيە قىلغان تەپسىر ئۇسۇلى بىلەن شۆھرەت قازانغان. فەزلۇرراھماننىڭ ئاساسى لايىھەسى، ھازىرقى زاماندا كۆپلىگەن مۇسۇلمان تەرىپىدىن زامانىۋىلىققا يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر يېڭىلىق ۋە يېڭىلىنىش چاقىرىقى، دەپ قوبۇل قىلىنماقتا.31

تۈتۈرۈقسىز يېڭىلىقچىلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئىسلاھاتچى، غەربلىكلەرنىڭ ئالدىدا قوغدىغۇچى پوزىتسىيە تۇتۇشىنىڭ «ئۆزگىچىلىك ۋە خاسلىق» نەتىجىسى يارىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان فەزلۇرراھمان قۇرئاننى ئەخلاق يولباشچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئالغا سۈرگەن. ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس ئىپادە بىلەن «قۇرئان ھەممىدىن ئاۋۋال بىر

قانۇن كىتابى بولمىغىنىدەك، مۇنداق مەقسىتىمۇ يوق. ئۇ ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى دەپ ئاتايدۇ. ئىنسانلاردىن شۇ كۆرسىتىلگەن يول بويىچە مېڭىشنى ئىستەيدۇ. ئەمما بۇ ئەمرلەر ئومۇمىي جەھەتتىن بىر قانۇنىيلىقتا ئىگە ئەمەس، ئەخلاقىيلىقتا ئىگە» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.32 ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ كۆز قاراشلىرى بىلەن ئىسلامنىڭ شەرىئەت هۆكۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى پاسسىپلاشتۇرماقتا. بۇ يەردە فەزلۇررااھمان، قۇرئاندىكى شەرىئەت ـ ئەھكاملىرىنىڭ نەچچە ئەسىر ئاۋۋالقى مەسىلىلەرگە بېرىلگەن جاۋاب ، چۈشەنچىسىنى نەزەرگە ئېلىپ ، بۈگۈنكى كۈندە ئەينەن يولغا قويغاندا پايدىلىق نەتىجە يارىتالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.33 فەزلۇررااھماننىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى دەۋرىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن ناھايىتى قاتتىق تەنقىدلەنگەن.34.

ئاخىرقى مەزگىلدە ئۇنىڭ «ئەھۋال قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ چىن قەلبىمدىن ئىشىنىدىغىنىم، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا قۇرئاننىڭ كۆز قاراش ۋە غايىلىرىنى تارىخنىڭ خارابىلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ قايتىدىن جانلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار.» دېگەن سۆزلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئېتىبارغا ئېلىنغان.35 فەزلۇررااھماننىڭ ئەخلاق ۋە قانۇننى مەقسەت قىلغان ھەم بۇنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغان قۇرئان چۈشەنچىسى 1982 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىغان فىرانسىيەلىك روگۇر گارۇدى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. خۇددى فەزلۇررااھماندەك قۇرئاننىڭ بىر ئەخلاق يولباشچىسى ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن گارۇدى، ئىلاھىي تەبلىغكە ھاياتلىق ئاتا قىلىشنىڭ پەقەت مۇھەببەت باغلاش ـ بۇنىڭغا تەقۋا ئەخلاقىمۇ دېيىلىدۇ ـ ۋە ئىجتىھات يولى بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.36 بۇ يەردە پەلەستىنلىك ئىسمايىل راجى فارۇقىنىڭ (1986) قۇرئان پىكرى ۋە قۇرئان ئىرادىسىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بەزى مەملىكەتلەردە ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن تونۇلغان فارۇقىينىڭ قارىشىچە، قۇرئان ئاساسىي جەھەتتىن ئەخلاقىيلىقتا ئىگە بىر كالام. قۇرئان تېكىستلىرىدىكى ئەخلاقىي قىممەت تىپىدا قىلىنمىغان مەزمۇنلار بولسا، ئەسلىدە

دىنىي ـ ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ بايانىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىيلىقىقا ئىگە بىر ئۆرنەكتۇر. بۇگۈن مۇسۇلمانلارغا چۈشكەن ۋەزىپە قۇرئاننىڭ قىممەتلىك تەلىماتلىرىنى سىستېمىلىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.37 زامانىمىزدا بۇ توغرىدا جىددىي خىزمەت ئىلىپ بېرىلىۋاتقان يەرلەرنىڭ بىرى مىسىردۇر. «مەنار ئېقىمى» ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق چاقىرىقى، بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قۇرئاننىڭ ھىدايەت ۋە قۇدرىتىنى (تەجدىد) يېڭىلىق پەرۋەرلىك يولى بىلەن تۇرمۇشقا ئېلىپ كىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىسلام ئېقىملىرى ئارىسىدا، مىسىردىن يەنە باشقا بىر ھەرىكەت قېتىلدى. جامالىددىن ئافغانىينىڭ (1935) كۈچىنى بىلەن بارلىققا كېلىپ، مۇھەممەد ئابدۇھ (1905) ۋە رەشىد رىزا (1935) نىڭ كۆپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان بۇ ھەرىكەت، زامانىمىزدىكى قۇرئان تەھلىللىرىگە پەرقلىق مەزمۇن قوشتى. تەپسىر تارىخى كىتابلىرىدا «ئىجتىمائىي تەپسىر ئېقىمى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇھتۇر. ئىسلامنىڭ ئاساسى مەسىلىلىرىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى كىملىكى بويىچە تەھلىل قىلىشقا تىرىشقان ۋە بۇ دائىرىدە پىكرىي يېڭىلىق ئارقىلىق ياخشى يېتىشكەن ئىنسان ئامىللىرىغا تايانغان بىر خىل «يېڭىدىن تۇغۇلۇش» ئىدىيەسىنىڭ ئىزىنى قوغلىغان ئابدۇھنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ قاتلاملىق چۈكۈش ۋە مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دىنىي تەپەككۇردا يېڭىلىق شەرتتۇر. بۇ لايىھەنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسى شەرتى، ئىسلامنى مەزھەپ ئىختىلاپلىرىدىن بۇرۇنقى ساپ ھالىتىگە قايتۇرۇش. بۇنىڭدىن باشقا تەقلىدنى رەت قىلىش، قۇرئان ـ سۈننەتنى ئەقىل بىلەن چۈشىنىشنى ئاساس قىلىش ۋە زامانىۋى بىلىملەردىن پايدىلىنىشمۇ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى دەپ قارالغان.

ئىسلامنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدىكى تۈنجى بېكەت قۇرئاندۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان، يېڭى بىر كۆز قاراش بىلەن تەھلىل قىلىنىشى كېرەك. تەھلىل پائالىيەتلىرىدىكى ئاساسى پرىنسىپ قۇرئاننىڭ ۋەھىي قىلىنىش مەقسىتىنى دىققەتكە ئېلىش، يەنى ئىلاھىي خىتاپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنىڭ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش

مەقسەتتىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.38 بۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننى چۈشىنىپ ئىزاھلاشنى، پەقەتلا كىلاسسىك تەپسىرلەردە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، تېكىست يېشىش پائالىيىتى سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. يەنە ئىشەنچلىك بولمىغان رىۋايەت ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىنى ئالدى بىلەن يەنە قۇرئاننىڭ باشقا بىر ئايىتى بىلەن ئىزاھلاش ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئەقلنى ئاكتىپ بىر شەكىلدە ئىشقا سېلىش كېرەك. قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتىكى غايە ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەلگەن كىشىلەر توپىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا تەپسىر بىر ئىلمىي پائالىيەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن كۈتكىنىگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى. بۇ سەۋەبتىن تەپسىرچىنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي چۈشۈرۈلۈش سەۋەبى بولغان ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش غايىسىنى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتۇر.39

ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزانىڭ پىكرىچە كىلاسسىك تەپسىرلەر، تەپسىلىي گىراماتىكىلىق ئىزاھلار، بالاغەت ماھارىتى ۋە ئەدەبىي سەنئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنچىكە نۇقتىلار، كالامى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قاراشلار، مېتودولوگىيە ئالىملىرىنىڭ كەشپىياتلىرى، دورامچى فىقھىچىلارنىڭ ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ مەلۇماتلار دۆۋىسى، قۇرئاننى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈيايىتا تۇرسۇن، ئاللاھ نىشان قىلىپ كۆرسەتكەن دىنىي ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشنى خالايدىغان ئىنسانلار ئۈچۈن توسالغۇ. شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەرەب تىلىنى ئاساس قىلغان مېتود (ئۇسۇل)، رىۋايەت ۋە باشقا بىلىملەردىن پايدىلىنىش كېرەك. پەقەت بۇ خىلدىكى بىلىملەردىن كېرەكلىك بولغان جايلاردا ئۆلچەملىك پايدىلىنىش، يەنى كىلاسسىك تەپسىرلەرگە ئوخشاش ۋاستىنى غايىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق، بولۇپمۇ، ئەرەب تىلىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى قۇرئان تېكىستىنى تىزگىنلەيدىغان بىر مۇراجىئەت مەنبەسى ھالىغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

40 ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزانىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قاراتقان ئەڭ يېرىك

تەنقىتلىرىدىن بىرى «ئىسرائىلىيات» دەپ ئاتىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ (ئىسرائىل) ئەپسانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «ئىسرائىلىيات» خاراكتېرلىك رىۋايەت ماتېرىياللىرى قۇرئاننى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن توسالغۇ بولىدىغانلىقتىن، قەتئىي دەلىل قىلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، رەشىد رىزا «ئىسرائىلىيات» نى رەت قىلىش بىلەنلا قالمىغان، بۇ تېمىدا مەنبە قىلىپ كۆرسىتىلگەن يەھۇدىي نەسلىلىك كەئبۇل ئەخبارنى (652/32 ـ 653) ئىسلام ئېتىقادىنى بۇزغۇنچىلىقا ئۇچراتتى، دەپ ئەيىبلىگەن. بۇ ھەقتە قەدىمدىن تارتىپ ھەقىقىي، راست دەپ قارالغان دەججال، قىيامەت، ۋە ئەيسانىڭ چۈشۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرگە، «ئىسرائىلىيات» كاتېگورىيەسىدە باھا بېرىشى تەنقىدكە ئۇچرىغان. كىلاسسىك تەپسىرلەرنى بەزىدە ناھايىتى ئېغىر تىللار بىلەن تەنقىد قىلغان ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزا قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىييە (1328/728) نىڭ ئىزىدىن ماڭغان «مەنار ئېقىمى»، بولۇپمۇ ئابدۇھ، ئەقلىي كۈچكە بەرگەن ئەھمىيىتى جەھەتتىن مۇئتەزىلىلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئابدۇھ، «فۇرقان» دەپ ئاتىغان ئەقلىنىڭ رولى، ئۇنىڭ قىسسىلەرنى تەپسىر قىلىشى جەريانىدا ئەڭ روشەن ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇھ مۆجىزىنىڭ رېئاللىقى رەت قىلماسلىق بىلەن بىللە قۇرئاندىكى ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئىپادىلەرنى مەجاز (بىر كەلىمە ياكى ئاتالغۇنى ئاشكارە مەنىسىنىڭ سىرتىدا باشقا بىر مەنىدە قوللىنىش)، تەمسىل قاتارلىق تەپسىر قوراللىرى (قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جەريانىدا پايدىلىنىدىغان ئىلىم تارماقلىرى) بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ھاياتى، مەنئى قىلىنغان دەرەخكە يېقىنلىششى ۋە جەننەتتىن قوغلىنىشى قاتارلىقلارنى، ئىنسان ھاياتىدىكى باللىق، ياشلىق ۋە قېرانلىق چاغلىرىغا تەمسىل قىلىپ، شۇ ھەقتىكى قىسسەنى ئەپسانىلەردىن ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.41

مەنار تەپسىرىگە قارىساق، ئەھكام ئايەتلىرى ئۈستىدە قوغداش خاراكتېرىدە تەھلىل ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى، ئاياللىنىڭ ئېرىدىن تاياق يېيىشى قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە سۆزلەنگەن ئايەتلەرنى، ئۈستىلىق بىلەن

زامانىۋى قىممەت سىستېمىلىرىغا ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. «قۇرئاندا ۋاقتى ئۆتكەن ھېچبىر بۇيرۇق يوق. ئەكسىچە، ھەر ئايەتنىڭ ھەر زامان ۋە ماكاندا سۆزلەيدىغان سۆزى بار» دېگەن پىكرىنى بەك قوغدىغان.42

مەنار تەپسىرىگە قارىساق، ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزا، كىلاسسىك تەپسىر قاراشلىرىنى ناھايىتى قاتتىق تەنقىدلىگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتى بولغان مەنار تەپسىرى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ماتېرىياللىرى بىلەن ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئەڭ روشەن پەرقى، ئابدۇھنىڭ تەپسىر قارىشىدا ئەقلىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن مەنار تەپسىرى كېيىنكى مەزگىللەردە قۇرئان تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن قىممەتلىك بىر ئەسەرگە ئايلانغان ۋە ھازىرغىچە كۆپلىگەن قۇرئان تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

تارىخى باسقۇچ جەريانىدا رەشىد رىزا ئۇستازى ئابدۇھنىڭ يولىدىن چىقىپ، ۋاھابىيلىك ئېقىمىغا يېقىنلىششقا باشلىغان ۋە سەلەفى-ھەنبەلىلىككە مايىل بىر پوزىتسىيەدە بولغان. بۇ يېڭىچە سەلەفى مايىللىق مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار (ئىخۋانۇل مۇسلىمىين) تەشكىلاتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زېمىن ھازىرلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن مىسىردا ھەسەن ئەل-بەننانىڭ (1949) 1928-يىلىدا ئاساسىنى تۇرغۇزغان ئىخۋانۇل مۇسلىمىين تەشكىلاتى بىلەن مەۋدۇدىينىڭ ئىسلامىي نىزام تەسىس قىلىش ئىدىيەسى بىلەن پاكىستاندا قۇرغان «جامائەتى-ئىسلامى» كېيىنكى مەزگىللەردىكى قۇرئان ئوقۇش ئىشلىرىنى پەرقلىق بىر سەۋىيەگە كۆتۈرگەن.43

زامانىۋى دەۋردىكى تەپسىر خىزمەتلىرىدە مۇھىم كۆز قاراشلارغا ئىگە بولغان سەييىد قۇتۇپنىمۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. مىسىردىكى كۆرىشىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن تېخىمۇ رادىكال بىر دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بارغان ۋە شۇ سەۋەبتىن 1966-يىلى جامال ئابدۇناسىر تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان سەييىد قۇتۇپنىڭ «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت»، «جاھىلىييە ۋە شەيتانىي تۈزۈم»، «ساختا تەڭرىلەر» قاتارلىق تەبىرلەردىن مۇرەككەپ كۆپلىگەن ئىپادىنى «فى زىلالى-قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.44

ئىسلامنىڭ زامانىۋىلىشىشقا ياكى زامانغا ماسلىشىشقا ئېھتىياجى بولمىغان كامىل بىر سىستېما ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بۇ سىياسىي رادىكال چۈشەنچە، غەرب دۇنياسى بىلەن كېلىشىش ۋە ياكى مۇداپىئەلىنىشتەك بىر پوزىتسىيە تۇتمىغان. ئەكسىچە، ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدا ھەر زامان بىر زىتلىق پەيدا قىلىشقا تىرىشقان. بولۇپمۇ، ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە ھوقۇق ئاساسلىرىنى زامانىۋى سىياسىي بىر يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان جاھىلىيەت، تاغۇت ( شەيتان)، تەۋھىد ( بىر خۇدالىق)، شۇرا، ھىزىب (گۇرۇھ )، چارەسىزلەر، ئۇلۇغلار مەجلىسى ۋە مۇترەف (راھەت-پاراغەت ئىچىدىكى ھاكاۋۇرلار) قاتارلىق ئاتالغۇلار زامانىۋى دەۋرگە تەتبىقلاپ تەھلىل قىلىنغان. بۇ شەكىلدە قۇرئان ئېكىستلىرىنى سىياسىي مۇستەقىللىق، سايلام، مەجلىس، قانۇن، ئاساسى قانۇن، سىياسىي پارتىيە، كاپىتالىزم، ئىمپېرىيالىزم، سىنىپسىز كوللېكتىپ ، دېموكراتىيە، بۇرژۇئازىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە ئوخشاش زامانىۋى ئۇقۇملار تالاش-تارتىش قىلىنىدىغان بىر مەيدانغا ئېلىپ كىرگەن.45

سەييىد قۇتۇپقا كۆرە، زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت، نادانلاشقان جەمئىيەت بولغانلىقتىن، مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆسۈم، سۇغۇرتا، نوپۇس پىلانلاش قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىشى ۋە بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا بېرىشكە تىرىشىشى ھەم ھەجۋىي ھەم ئورۇنسىز ئىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش، مەۋجۇت جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن جاۋاب تېپىپ چىقىش ئەمەس، بۇ ئىككى مەنبەنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىنى دەل مەنىسى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان جامائەت شەكىللەندۈرۈش.46 ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بىر جامائەت شەكىللەنگەندە، ھەممە نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەت ئىسلامىي بولمىغان بىر جەمئىيەت بولغاچقا، نادانلىقتىن كېلىپ چىققان ئېھتىياجلىرىنى دىققەتكە ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.70

بۇ ساھەدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى، ئىززەت دەرۋەزەدۇر. دەرۋەزە تەپسىرىدە قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش تەرتىپىنى بىر قەدەر يۈزەكى ۋە تولۇقسىز ھالدا ئۇتتۇرىغا قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئەسەر،

ئىسلام تەپسىر تارىخىدىكى تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققان مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ھەم مۇئەللىپىنىڭ بەزى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت تەھلىل ۋە تەتقىقات خىزمىتى دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان نۇقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى» ناملىق ئەسىرىنى قۇرئاننى ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئوقۇش تىرىشچانلىقىغا نىسبەتەن قىممەتلىك بىر ئەسەر دەپ قاراش مۇمكىن.

ئىلمىي تەپسىر خىزمەتلىرى راۋاج تاپقان مەزگىل يەنىلا يېقىنقى دەۋر بولغان. ھىندىستان بولۇپمۇ مىسىرنى مەركەز قىلغان زامانىۋى قۇرئان تەتقىقات خىزمەتلىرىدە، دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىلمىيلىك، يەنى قۇرئاننىڭ زامانىۋى بىلىملەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى تونۇتۇش تىرىشچانلىقىدۇر. سىر ئەھمەدخان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مۆجىزىنى ئىنكار قىلىش چۈشەنچىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان تەھلىللىرىدىن بىر قىسمى ئىلمى تەپسىر كىملىكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە، قۇرئاننى ئىلمىي قاراش بىلەن تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى مۇھاكىمىنىڭ تۇنجى مەھسۇلى مىسىردا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ساھەدىكى تۇنجى ئەسەر، ئەسلى كەسپى دوختۇرلۇق بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەل-ئىسكەندەرانى (1889) «كەشفۇل-ئەسرارىننۇرانىيەتىل قۇرئانىيە» ناملىق ئەسىرىدۇر. تاش كۆمۈرنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر سۆز بىلەن باشلىغان بۇ ئاجايىپ تەپسىرنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇراھمان ئەل-كەۋاكىبىنىڭ (1902) «تەبائىئۇل-ئىستىبدات ۋە مەسايرۇل ئىستىئباد» ناملىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. يەنە بۇ تارىختا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ، فىل سۈرىسى 3- ئايەتتىكى «تەيرەن ئەبابىل» ئىبارىسىنى «مىكروپلار» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەنتاۋى جەۋھەرى (1940) «ئەل- جەۋاھىر ناملىق» ئېنسىكلوپېدى خاراكىرلىك ئەسىرى بىلەن ئىلمىي تەپسىر ساھەسىگە چوڭ تۆھپە قوشقان. ئىلمىي تەپسىر ئېقىمىغا ئىزمىرلىق ئىسمايىل ھەققى (1946)، مۇھەممەد ھۈسەيىن ئەز-زەھەبى (1978) ۋە ئەمىن ئەل- خۇلى (1966) غا ئوخشاش شەخسلەر تەرىپىدىن جىددىي تەنقىدلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، قۇرئاندىن بىلىم چىقىرىش

غەيرىتى ئازايىغىنى يوق؛ ئەكسىچە، يېقىنقى زامانلاردا، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن يېڭى- يېڭى خىزمەتلەر ۋە ئۇخشىمىغان سادالار مەيدانغا چىقماقتا.

زامانىمىزدا، مەيلى ھوقۇقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەقىدە جەھەتتىن بولسۇن ياكى قۇرئانغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراش جەھەتتە بولسۇن يېڭىچە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان جايلاردىن بىرى تاتارىستاننى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيەسى . بۇ يەردىكى يېڭىلىقپەرۋەر ئىقىمىنىڭ بېشىدا مۇسا جارۇللانى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ ھەممە ساھەسىدە چوڭقۇر بىلىم ئالغان مۇسا جارۇللاھ، ئۆز دەۋرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەتنىڭ يولىنى تۇتقان. بىر تەرەپتىن كىلاسسىك ئوقۇ-ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ جەمئىيەتنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان.

## خۇلاسە

قۇرئانى كەرىم، مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى ئاساس يولباشچى. بۇ كىتابنىڭ يولباشچىلىق ۋەزىپىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەپسىر ئىلمى بولسا، قۇرئان ئايەتلىرى يەتكۈزمەكچى بولغان مەنىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇزى بىر ئەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرئاننى ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ زامانىدا ھېچقانداق بىر دىنىي مەسىلىدە ئىختىلاپ يۈز بەرمىگەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا ساھابىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ساھابىلىرى ئاساسەن ئەرەبلەردىن ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆپ ھاللاردا بىللە

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئاننى ئاڭلاپلا چۈشەنگەن بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدىكى ۋەزىيەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىدىن پەرقلىنىپ كەتمىگەن. پەقەتلا چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى قۇرئان تېكىستىنىڭ بىر توپلام ھالىتىدە جەملىنىشىنى بۇ باسقۇچتىكى مۇھىم بىر خىزمەت، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بولسا، شەرت-شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە ساھابىلەر ئىچىدە مۇھاكىمە سوروۇنلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام تارىخىنىڭ بۇ باسقۇچىدا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاشقا بولغان ئېھتىياج قەدەممۇ قەدەم ئېشىشقا باشلىغان. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە بولسا، تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىغان ئىسلام جۇغراپىيەسىدىكى قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىپ يېڭىدىن پەتھ قىلىنغان رايونلارغا ئەۋەتتى. بۇنىڭ سىرتىدا قۇرئان تەپسىرىگە دائىر تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر پائالىيەت كۆرۈلمىدى.

ساھابە دەۋرىدە قۇرئان ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن نامى مەشھۇر ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەلي ئىبنى ئەبى تالىپ ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قاتارلىق كىشىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن داۋاملىق تەپسىر تارىخى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

ساھابىدىن كېيىنكى ئەۋلادنىڭ مەزمۇنى مول، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بۇ كىتابنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى باشقىلارغا ئېنىق ئىزاھلاپ بېرەلىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ياردەمچى مەلۇماتلارغا ھاجەت چۈشكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈزۈن ئۆتمەي قۇرئان تەپسىر قىلىشنىڭ ئۇسلۇپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. پەقەت ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسرى بىلەن ئىككىنچى ئەسرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئىسلام ئالىملىرى بۇ تۆردىكى بىلىملەرنى ئاساسلىقى رىۋايەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق بىر بىرىگە يەتكۈزگەن. تەخمىنەن ھىجرىيە 2-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىدىن

باشلاپ، قۇرئان ئىلمىنىڭ تۈنجى يادروسىنى تەشكىل قىلغان تەپسىر، ھەدىس مەجمۇئەلىرىنىڭ بىر بابى سۈپىتىدە يازما دەۋرىگە قەدەم قويدى.

زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قۇرئان تەپسىرىنى تېما قىلغان مۇستەقىل ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. خىلمۇخىل پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، تەپسىرلەرنىڭ مېتود ۋە مەزمۇنلىرىمۇ خىلمۇخىللاشتى. ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چۈشەنچىلەرنى تەھلىل قىلىش جەھەتتىكى ئىلمىي قابىلىيىتى، ياشىغان مۇھىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك تۈتۈمى ئىسلام تەپسىر تارىخىدا ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە رول ئوينىدى. ئەخلاق، سىياسەت، ئېتىقاد، قانۇن ۋە ئىبادەت قاتارلىق تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھاياتلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ياكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھايات بىلەن بۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس مۇناسىۋەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئېتىقادلىق، سىياسىي ۋە فىقھىي مەزھەپلەر بۇ ئىلىم تارمىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم سەۋەب بولدى.

بىز بۇ ئەسىردە ئۆتمۈشكە ناھايىتى تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن تەپسىر خىزمەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تەرەققىياتىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشقا تىرىشتۇق. تەتقىقاتىمىز نەتىجىسىدە، دەۋرىمىزدىكى تەپسىر خىزمەتلىرىنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسىدە بىر يېڭىلىق ھەرىكىتىگە باشلامچىلىق بولۇش جەھەتتە، خېلى كۆپ نۇقتىدىن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دەۋرىمىزدە بۇ خىزمەتلەرنىڭ مەلۇم نىسبەتتە پايدىسى بولغاندىن سىرت، يەنە بىرقىسىم سەلبىي تەسىرى بارلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەك. چۈنكى زېھنى خىرە ياشاۋاتقان بەزى دىندار ئاممىنىڭ قارىشىچە قۇتقۇزغۇچى دورىدەك قوبۇل قىلىنغان كۆزقاراشلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسى ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان بىرتۈركۈم زەھەر بولىدىغانلىقى كۆپ نەزەرگە ئېلىنمايۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ سىر ئەھمەدخاننىڭ بىر- بىرىگە زىت تەھلىللىرى، شۇ چاغلاردا فەزلۇراھماننىڭ ئىسلام دىنىنى پەقەت ئېتىقاد ۋە ئەخلاقنى بايان قىلغان بىر دىن سۈپىتىدە قولغا ئېلىپ، دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەت ئۈچۈن ۋاقتى ئۆتكەن تۈزۈلمىلەر دەپ قارىشى، بىر قىسىم زامانىۋى

تەپسىر ۋە تەپسىرچىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرى بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئۆز مەنبەسىدىن ئەستايىدىل ئوقۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن تەنقىد قىلغان. ئەكسىچە بولغاندا خاتا تەھلىللەر ئۇلۇغ ئىسلام دىنىغا سىڭىپ كىرىپ، جامائەتتە خاتا ئىسلام ئەقىدىسى شەكىللىنىدۇ.

بۇ ھەقتە خەتەرلىك دەپ قارالغان يەنە بىر ئەھۋال، ئىلمى تەپسىرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرئانى كەرىمنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى. چۈنكى بەزى ئىلمىي كەشپىياتلار ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى ئۆزگىرىشچاندۇر. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ توغرا يولى تاكى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

مۇشۇنداق ئۇزۇن بىر تارىخ بويىچە يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇپ تۈگىتىش ۋە بۇ باسقۇچتا مەيدانغا كەلگەن قۇرئان تەپسىرىگە دائىر پائالىيەتلىرىنى تولىمۇ قىسقا ھەجىمدىكى بۇ ئەسىرىمىزدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە زامانىمىزدىكى قۇرئان تەتقىقات پائالىيەتلىرىنىڭ يۈنىلىشى ۋە بەزى مۇھىم پىكىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ماۋزۇنى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تاللىدۇق.

تەپسىر پەنلىرى دوكتورى نۇرئەھمەد قۇربان تۈركىيە گۈمۈشخانە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكولتېتىدا ياردەمچى دوتسېنت بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## نەقلى مەنبەلەر:

1 ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب، 4ـ جىلد، 369ـ بەت.

2 بۇ مەسىلە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قاراڭ: زەھەبىي، ئەتتەپسىر ۋەلمۇپەسسىرۇن، 1 جىلد، 10ـ11ـ12ـ بەت ۋە زەرقانىي، مەناھىل،1ـ جىلد، 4ـ5ـ بەت.

3 زەھەبىي، ئەتتەپسىر ۋەلمۇپەسسىرۇن، 1ـ جىلد، 14ـ بەت.
4 مەننائۇل قەتتان، مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان ، 129ـ بەت، ئەز-
زەرقانىي، مەناھىلۇل ئىرفان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 1ـ جىلد، 244ـ بەت،
ئۇرھان ئاتالاي، 20. ئەسىردە تەپسىر ئېقىملىرى، 29ـ بەت.
5 ۋەلىييۇللاھ ئەد دىھلەۋىي، ئەل فەۋزۇل كەبىير فى ئۇسۇلىتتەپسىير،
1ـ جىلد، 14ـ بەت.
6 فەھد ئىبنى ئابدۇررەھمان ئىبنى سۇلەيمان ئەر رۇمىي،
ئىتتىجاھاتۇتتەپسىير فى قەرنىررابىئى ئەشەر، 1ـ جىلد، 24 ۋە 25ـ بەتلەر.
7 مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، قۇرئان تارىخى، 89ـ بەت.
8 ئىسمائىل جەرراھئوغلۇ، قۇرئان تەپسىرىنىڭ دوغۇشۇ ۋە بۇنا ھىز
ۋەرەن ئامىللەر، 98ـ بەت.
9 مۇھەممەد ھۈسەيىن ئەز زەھەبىي، ئەتتەپسىير ۋەل مۇپەسسىرۇن، 1ـ
جىلد، 70ـ بەت.
10 مۇھەممەد تايىيىب ئوقىچ، تەپسىر ۋە ھەدىس ئۇسۇلىنىڭ بەزى
مەسەلەلىرى، 145ـ بەت.
11 سۇئات يىلدىرىم، پەيغەمبەرىمىزنىڭ قۇرئان تەپسىرى، 19ـ20ـ
بەتلر.
12 سۇئات يىلدىرىم، پەيغەمبەرىمىزنىڭ قۇرئان تەپسىرى، 22ـ23ـبەت.
13 مەننەئۇل قەتتان، مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 338ـ340ـ
بەتلەر.
14 ئىسمائىل جەرراھئوغلۇ، تەپسىر تارىخى، 1ـ جىلد، 141ـ بەت.
15 جەرراھئوغلۇ، قۇرئان تەپسىرىنىڭ دوغۇشۇ ۋە بونا ھىززەرەن
ئامىللەر، 100ـ بەت.
16 جەلالۇددىن ئەس سۇيۇتىي، ئەل ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 4ـ
جىلد، 240ـ بەت.
17 ئەدنان زەرزۇر، ئۇلۇمۇل قۇرئان ۋە ئىجازۇھۇ، 123ـ بەت.
18 بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قاراڭ: زەرقانىي،
مەناھىلۇل ئىرفان، 1ـ جىلد، 24ـ25ـ بەتلەر، سۇبھى ئەس سالىھ،
مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 121ـ124ـ بەتلەر، ئەبۇ شۇھبە،

سىرەتۇننەبىي فى دىۋانىل قۇرئان ۋەس سۇننە، 31ـ32ـ بەت.
19 تەپسىرچىنىڭ، ئىجادىيىتى جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ساھابىلەردىن ياكى تابىئۇن ئالىملىرىدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا تاياناستىن ئىجتىھاد يولىنى تۇتۇپ، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ پايدىلىنىش ئارقىلىق يازغان تەپسىرى «دىرايەت تەپسىرى» ياكى «رەيي تەپسىرى» قاتارىغا كىرىدۇ.
20 لەۋىز بەرنارد، ئىسلامىن سىياسال دىلى، 20ـبەت.
21 ئىبنى نەدىيىم، ئەل فىھرىست، 37ـ42ـ بەتلەر.
22 خالىل چىپلىك، 20ـ ئاسىردا قۇرئان ئىلىملەرى چالىشمالارى، گىرىش سۆز.
23 مۇستافا ئۆزتۈرۈك، قۇرئان، تەپسىر ۋە ئۇسۇل ئۈزەرىنە، 7ـ بەت.
24 ئىسمائىل ئالبايراق، كىلاسسىك مودېرنىزىمدە قۇرئانا ياقلاشىملار، 65ـ66ـ بەتلەر.
25 شۇرا سۈرىسى، 63ـ ئايەت.
26 مۇستافا ئۆزتۈرك، قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمۈز، ئەنقەرە 2010ـ يىلى، 141ـ بەت.
27 مۇستافا ئۆزتۈرك، قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمۈز، ئەنقەرە 2010ـ يىلى، 141ـ بەت.
28 ئابدۇلھەمىت بىرىشىق، ھىنت ئالت قىتئەسى دۇشۇنجە ۋە تەپسىر ئېكوللەرى، 324 ۋە 442ـ بەتلەر. ئىسمائىل ئالبايراق، كىلاسسىك مودېرنىزىمدە قۇرئانا ياقلاشىملار، 43ـ81ـ بەتلەر. شابان ئالى دۈزگۈن، سەييىد ئاھمەدخان ۋە ئەنتەللىكتۇئەل مودېرنىزمى، ئەنقەرە 1997ـ يىلى نەشرى ۋە ئەينى يازغۇچىنىڭ راسيونالىست دۇشۇنجەنىڭ قۇرئان يورۇمۇنا ئەتكىلەرى، 2ـ قۇرئان سەمپوزيۇمۇ، ئەنقەرە 1996ـ يىلى، 305 ۋە 324ـ بەتلەر.
29 مۇستافا ئۆزتۈرك، قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمۈز، 142ـ بەت.
30 مۇستافا ئۆزتۈرك، قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمۈز، 142ـ143ـبەت.
31 مۇستافا ئۆزتۈرك، تەپسىر تارىخىندە ئەھلى قۇرئان ئېكولۇ، چۇقۇرئوۋە ئىلاھىيات فاكولتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 3ـ جىلد، 1ـ سان، 2003ـ

يىلى، 167-200-بەتلەر. خادىم ھۈسەيىن ئىلاھىباخش، ئەل قۇرئانىييۇن، 25- بەت. ئابدۇلھەمىت بىرئىشىق، ھىنت ئالت قىتئەسى دۇشۇنجە ۋە تەپسىر ئېكوللەرى، 318-395- بەتلەر.

32 فەزلۇرراھمان، ئاللاھىن ئەلچىسى ۋە مەساژى، 110- بەت.

33 ئۆمەر ئۆزسوي، قۇرئان ۋە تارىخسەللىك يازىلارى، 122-بەت.

34 خەيرۇددىن قارامان، تەپسىردە ئەسكى- يېنى تارتىشمالار، 35-37-بەتلەر. بۇ ماقالە بىر قانچە يازغۇچىنىڭ ماقالىلىرىدىن تەركىپ تاپقان «قۇرئانى كېرىم، تائىخسەلجىلىك ۋە ھەرمونىتىك» دېگەن كىتاپتا 2003-يىلى «ئىشىق» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىزمىردا نەشىر قىلىنغان.

35 فەزلۇرراھمان، ئىسلامى يېنىلەنمە، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل چىفتچى، 12- بەت.

36 گارائۇدى، ئەنتەگرىزم، فىنار نەشرىياتى، 9-10-بەت.

37 ئىسمائىل راجى ئەل فارۇقىي، قۇرئان يورۇمۇندا يېنى بىر مېتودولوجىيە دوغرۇ، ئىسلامى ئاراشتىرمالار ژۇرنىلى 7- جىلد، 3-4- سان، 1994- يىلى، 305-313-بەتلەر.

38 رەشىد رىزا، تەپسىرۇل مەنار، 1- جىلد، 25- بەت.

39 رەشىد رىزا، تەپسىرۇل مەنار، 25-26-بەتلەر.

40 رەشىد رىزا، تەپسىرۇل مەنار، 1- جىلد، 46-47-بەت، 3- جىلد، 48- بەت، 4- جىلد، 392- بەت.

41 رەشىد رىزا، تەپسىرۇل قۇرئان (ئەل-مەنار)، 1- جىلد، 282-283-بەت.

42 ھاسىب ئەس سەمەررائىي، رەشىد رىزا ۋەل، 327-359- بەتلەر.

43 ئولىۋەر روي، سىياسال ئىسلامنىڭ ئىفلاسى، 61- بەت.

44 قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمۈز، 152-153- بەتلەر.

45 ئولىۋەر روي، سىياسال ئىسلامنىڭ ئىفلاسى، 61-62- بەتلەر.

46 سەييىد قۇتۇب، فى زىلالىل قۇرئان، 6-جىلد، 285.

# پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. ئابدۇلھەمىت بىر ئىشىق، ھىنت ئالت قىتئەسى دۆشۈنجە ۋە تەپسىر ئېكوللەرى، ئىستانبۇل 2001-يىلى.

2. جەلالىۇددىن ئەس سىۇيۇتىي، ئەل ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، ھەيئەتۇل مىسرىييە نەشرى، 1974- يىلى.

3. خادىم ھۈسەيىن ئىلاھىباخش، ئەل قۇرئانىييۇن، تائىف 1989- يىلى.

4. خالىل چىبلىك، 20- ئاسىردا قۇرئان ئىلىملەرى چالىشمالارى. ئىستانبۇل 1996- يىلى.

5. خەيرۇددىن قارامان، تەپسىردە ئەسكى- يېنى تارتىشمالار.. بۇ ماقالە بىر قانچە يازغۇچىنىڭ ماقالىلىرىدىن تەركىپ تاپقان «قۇرئانى كېرىم، تانىخسەلجىلىك ۋە ھەرمونىتىك» دېگەن كىتاپتا 2003- يىلى «ئىشىق» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىزمىردا نەشر قىلىنغان.

6. رەشىد رىزا، تەپسىرۇل مەنار،بېيرۇت 1999-يىلى.

7. سۇئات يىلدىرىم، پەيغەمبەرىمىزىن قۇرئان تەپسىرى، قاياخان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1998- يىلى.

8. سۇبھى ئەس سالىھ، مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان.دارۇل ئىلىم 1977- يىلى.

9. سەييىد قۇتۇب، فى زىلالىل قۇرئان.

10. شابان ئالى دۈزگۈن، سەييىد ئاھمەدخان ۋە ئەنتەللكتۇەل مودېرنىزمى، ئەنقەرە 1997- يىلى نەشرى ۋە ئەينى يازغۇچىنىڭ راسيونالىست دۆشۈنجەنىڭ قۇرئان يوروُمۇنا ئەتكىلەرى، 2- قۇرئان سەمپوزيۇمۇ، ئەنقەرە 1996- يىلى.

11. گارائۇدى، ئەنتەگرىزم، فىنار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2005- يىلى.

12. لەۋىز بەرنارد، ئىسلامىن سىياسال دىلى، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: فاتىھ تاشار، ئىستانبۇل 1992- يىلى.

13. مۇستافا ئۆزتۈرۈك، قۇرئان، تەپسىر ۋە ئۇسۇل ئۈزەرىنە. ئەنقەرە

2011ـ يىلى نەشرى.
14. مۇستافا ئۆزتۈرك، تەپسىر تارىخىنىدە ئەھلى قۇرئان ئېكولۇ، چۇقۇرئوۋە ئىلاھىيات فاكولتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 3ـ جىلد، 1ـ سان.
15. مۇستافا ئۆزتۈرك، قۇرئان ۋە تەپسىر كۇلتۇرۇمۇز، ئەنقەرە 2010ـ يىيلى.
16. مۇھەممەد ھۇسەيىن ئەز زەھەبىي، ئەتتەپسىير ۋەل مۇپەسسىرۇن، لىۋان نەشرى.
17. مۇھەممەد ئابدۇل ئەزىيم ئەز-زەرقانىي، مەناھىلۇل ئىرفان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، فىكر نەشرىياتى، بىيرۇت 1996ـ يىلى.
18. مۇھەممەد تاييىب ئوقىئچ، تەپسىر ۋە ھەدىس ئۇسۇلۇنىڭ بەزى مەسەلەلىرى، ئىستانبۇل 1995ـ يىلى.
19. مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، قۇرئان تارىخى.ئىستانبۇل 1993يىلى.
20. مەننائۇل قەتتان، مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 3ـ باسمىسى، 2000ـ يىلى مەكتەبەتۇل مەئارىفا نەشر قىلغان.
21. ئورھان ئاتالاي، 20. ئەسىردە تەپسىر ئېقىملىرى. ئىستانبۇل 2004.
22. ئولىۋەر روي، سىياسال ئىسلامنىڭ ئىفلاسى، تۈركچىگە تەرجىمە: جۇنەيت ئاقئالىن، ئىستانبۇل 1994ـ يىلى.
23. ئۆمەر ئۆزسوي، قۇرئان ۋە تارىخسەللىك يازىلارى، ئەنقەرە 2004ـ يىلى.
24. ۋەلىييۇللاھ ئەددىھلەۋىي، ئەل فەۋزۇل كەبىير فى ئۇسۇلىتتەپسىير، ئەس سەھۋە نەشرىياتى قاھىرە1986ـ يىلى.
25. ئىبنى مەنزۇر،لىسانۇل ئەرەب،4ـ جىلد.
26. ئىبنى نەدىيم، ئەل فىھرىست، 1988ـ يىللىق نەشرى.
27. ئىسمائىل ئالبايراق، كىلاسسىك مودېرنىزىمدە قۇرئانا ياقلاشىملار، ئىستانبۇل 2004ـ يىلى.
28. ئىسمائىل جەرراھئوغلۇ، تەپسىر تارىخى،1ـ جىلد.
29. ئىسمائىل راجى ئەل فارۇقىي، قۇرئان يورۇمۇندا يېڭى بىر مېتودولوجىيە دوغرۇ، ئىسلامى ئاراشتىرمالار ژۇرنىلى 7ـ جىلد، 3ـ4ـ سان، 1994ـ يىلى.

30. فەزلۇرراھمان، ئاللاھىن ئەلچىسى ۋە مەساژى، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى، ئادىل چىفتچى، ئەنقەرە 1997 ـ يىلى.
31. فەزلۇرراھمان، ئىسلامى يېنىلەنمە، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل چىفتچى، ئەنقەرە 2000 ـ يىلى.
32. فەھد ئىبنى ئابدۇررەھمان ئىبنى سۇلەيمان ئەر رۇمىي، ئىتتىجاھاتۇتتەپسىير فى قەرنىررابىئى ئەشەر، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا 1986 ـ يىلى.
33. ھاسىب ئەس سەمەررائىي، رەشىد رىزا ۋەل مۇفەسسىر، باغداد 1976 ـ يىلى.
34. ئىسمائىل جەرراھئوغلۇ، قۇرئان تەفسىرىنىڭ دوغۇشۇ ۋە بۇنا ھىز ۋەرەن ئامىللەر. ئەنقەرە 1968.
35. ئەبۇ شۇھبە، سىيرەتۇننەبىي فى دىۋانىل قۇرئان ۋەس سۇننە. دەمەشق 1992 ـ يىلى.
36. ئەدنان زەررزۇر، ئۇلۇمۇل قۇرئان ۋە ئىجازۇھۇ، دەمەشق 1939.

# «دولان» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

باتۇر داۋۇت قۇربىغار

دولان ـ كورلىنىڭ غەربىي يۆنىلىشىدىن بۆگۈر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، توقسۇ، شايار، باي، ئاقسۇ، مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات، ئاۋات، يوپۇرغا، پوسكام، قاغىلىق ناھىيەلىرىنىڭ لوپنۇر، تارىم، يەكەن دەرياسىنى ياقىلاپ كەتكەن بوستان ـ باياۋان تۇتاش يېزىلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، قەشقەرنىڭ مەكىت، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەلىرىنى نۇقتا قىلغان. «دولان» نامىدا ئاتالغان يۇرت قىزىلسۇ ئوبلاستى، تۇرپان رايونىدا بار بولغاندىن باشقا غۇلجا ناھىيەسىدە، قوبۇقسار ناھىيەسىدە، ھەتتا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ شەرىخان ناھىيەسىدىمۇ «دولان» يېزىسى بار[1].

نۆۋەتتە ئۇيغۇر تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ نامى مەسىلىسى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر دولانلىرى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا، جۈملىدىن «دولان» دېگەن نام ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس[2]. قارايدىغان بولساق، بۇ قاراشلارنىڭ كۆپچىلىكىدە پاكىت ئاساسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، «نوقۇل نام يانداشلىقى قوغلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئىلمگە زىت قاراش»[3] لىقىنى بايقىيالايمىز.

تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت تۇرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن نەشر قىلىنغان ... قاتارلىق كىتابلىرىدا «دولان» دېگەن نام ھەققىدە ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ قاراشلارنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرىنى ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەمدە شۇ قاراشلارنىڭ بىر خىلى بولغان

«دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان، دېگەن يەكۈنگە بولغان مايىللىقنى بىلدۈردۇ. مەن مۇشۇ خىل قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلاردىن بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1

ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى ئۇنى ھاسىل قىلغان قەدىمكى قەبىلىلەر ۋە خەلقلەردىن راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزلىرى قەدىمدە، ئۇنىڭ ھازىرقى مۇجەسسەم گەۋدىسى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى. ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۇنى تەشكىل قىلغان «خۇ»، «رۇڭ»، «دى» قەبىلىلىرى ـ ئارى ـ ساك ـ تۇرانلاردىن، باشقىچە ئېيتقاندا، ساك، يۇرچى (توخرىي)، گۇيفاڭ ـ دىغار ـ دىڭلىڭ ۋە جىيې ـ گۇشى، ھۇن ـ كۆكتۈرك قەبىلىلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ[4]. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭغا ئەجداد بولغان خەلقلەر ئومۇمەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۇنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىغا يۆتكىلىپ ياشىغان»[5].

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ـ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى؛ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ـ ئانتروپولوگىيىلىك مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاپىرىدەگاھلىرىنىڭ بىرى؛ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ـ تارىخشۇناسلىق مەنىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئۆزگىچە مەدەنىيەت بۆلاقلىرىدىن بىرى؛ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئاسىيا شەكلىدىكى ئاق جىنسلىق ئىنسان گۇرۇھى بىلەن سېرىق جىنسلىق ئىنسان گۇرۇھىنى بىرلەشتۈرگەن، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق مەھەللىۋى ۋە خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە سىنكرېتىك (ئارىلاشما) ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىلىرى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان[6].

ئوتتۇرا ئاسىيا چۈشەنچىسى ھەققىدە، ئۇزاقتىن بېرى ئالىملار ھەرخىل قاراشتا بولۇپ كەلدى. بىز ئاساسىي جەھەتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتى ماتارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» تىزىسلىرىدا كۆزدە تۇتۇلغان دائىرە بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى - موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، خېشى كارىدورى، چىڭخەي (كۆككۆل)، شىنجاڭ، ئامۇ دەريا، سىر دەريا ۋادىسى، قازاقىستان دالىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىراننىڭ شەرقى قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايمىز[7].

«مەركىزىي ئاسىيا» جۇغراپىيە - ئېتنولوگىيىلىك مەنىدە، خۇددى جۇغراپىيە - سىياسىي (گېئو - پولىتىك) مەنىدىكىدەك دۆلەت سېپىلى ياكى چېگرا سىزىقلىرى بىلەن قۇلۇپلانغان رايون بولماستىن، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئۇرۇقداش-نەسىلداشلىق ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى تامغا - ئۇچۇر، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن زونىدۇر. ئۇ، شىمالدا بايقال، شىمالىي ئالتاي ۋە دەشتى قىپچاقتىن جەنۇبتا چىلىيەنشەن (هەتتا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى)، ئالتۇنتاغ ۋە هىندىقۇش ئېتەكلىرىگىچە بولغان زېمىننى ئۆزىنىڭ بىر قەدەر مۇهىم چەمبىرى قىلغان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك جەهەتتىكى ئالاهىدە ئىچكى چەمبىرى: غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيە، دەشتى قىپچاق، يەتتە سۇ، موڭغۇل دالاسى ۋە ئوردۇستىن قاشقۇۋۇقىچە بولغان جايلار هەم شىنجاڭ رايونى بىلەن خارەزمنى، شۇنداقلا فەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماۋەرائۇننەهر زېمىنلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئوردۇستىن قاشقۇۋۇقىچە بولغان قەدىمكى دىغار، كۇيفاڭ، ساك - توخار زېمىنلىرى بىلەن ئامۇدىن جەنۇبقا سوزۇلغان زېمىنلار مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى پائالىيىتى بىلەن باشقا رايونلاردەك ئىزچىل تۇتاشمىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە جەنۇبىي ئورال ۋە كاۋكاز رايونلىرىدىمۇ بىر زامانلاردا تۈركىي خەلقلەر قايناق مەنزىرە هاسىل قىلغان[8].

مەركىزىي ئاسىيانى شىنجاڭ ۋە بايقال - ئورخۇن ۋادىسى، ماۋەرائۇننەهر ۋە غەربىي جەنۇبىي سىبىر بىلەن يەتتە سۇ - قىپچاق دالالىرى دائىرىسىدە تېخىمۇ ئىخچاملاش مۇمكىن. بايقال - يەنسەي، ئورخۇن - سىلېنگا، ئىلى - يەتتە سۇ، تارىم ۋە سىر - ئامۇ دەريالىرىنى باغرىغا بېسىپ

ياتقان بۇ جۇغراپىيىلىك ـ ئېتنولوگىيىلىك زېمىن دەل مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ يەنى مىلادىيىدىن كېيىن «تۈرك» ئىبارىسىدە ئومۇملاشقان خەلقنىڭ ئانا زېمىنىدىن ئىبارەت[9].

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ سۆز قىلغاندا، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرا ياكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ دەل ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. يەنە قەدىمكى دەۋردە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىپ كەڭ ۋە تار مەنىنى بەرگەن «غەربىي يۇرت» نىڭ مەركىزى ياكى تار مەنىدىكى «غەربىي يۇرت» دەل بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە ئىدى. بۇ نۇقتا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇغراپىئونلار ئۆلچەپ بېكىتكەن ئاسىيانىڭ دەل مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە بولۇشى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىنىپ، ئەجدادلارنىڭ جاپالىق شارائىتلاردا ئىشلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئېنىق پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلىش بىلەن ھەممىنى سۆيۈندۈردى[10].

قىسقىسى، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئافرىدىگاھلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى. «ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسان ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئوچاقلىرى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەردى»[11].

تەتقىقاتچىلار «ئوتتۇرا ئاسىيا» رايونىنىڭ يەنە بىر نامى «تۇران» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

«بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە» دە: «تۇران ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىغا قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ بەرگەن نامى»[12] دېيىلگەن.

«شاھنامە» نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىدە: «تۇران ـ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەر ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ قەدىمكى نامى»[13] دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توپونومىيە مۇتەخەسسىسى موزايېف «كوپېت تاغلىرىدىن تەڭرىتاغلىرىغىچە، كاسپى دېڭىزىدىن قاراقۇم ۋە قىزىل قۇم چۆللۈكلىرىگىچە بولغان دائىرە تۇران ئويمانلىقى دەپ ئاتىلاتتى»[14] دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆز قارىشىنى تولۇقلاپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. ئەمما، كېيىنچە، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا ۋە غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاسپى دېڭىزىدىن لوپنۇرغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ‹تۇران› دېگەن بۇ نام باشقىچە مەزمۇنغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئېخمۇ كەڭ، شۇڭا (باشقىچە چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ»[15].

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى خەنزۇچە مەنبەلەر ئاساسىدا مۇنداق بايان قىلغان: «تاڭ گاۋزۇڭ لى جىڭ ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن جۇبى خېلى 635 - يىلى تارىم - ‹تۇران ساي 突伦川› ، تەكلىماكان- ‹تۇران چۆل - 突伦绩› غىچە كېلىپ جەڭ قىلغان»[16]. يەنى «بۇ يەردە بۇ ئالىم ‹突伦› ‹تۇران› سۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھېسابلىغان[17].

ياپونىيە ئالىمى خانىدا تورۇ (يۈي تيەنخېڭ): «بۇ نام ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىدۇ ۋە شەقتە لوپنۇر كۆلىگە قويۇلىدىغان تارىم دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان شەرقى turkنى يەنى شىنجاڭدىكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى؛ شىمالدا ئىسسىق كۆل، بالقاش كۆلى ۋە ئالا كۆللەرگە قويۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى يەنى ئىلى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى؛ غەربتە چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرىنى ۋە ئارال دېڭىزىغا قويۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى يەنى غەربىي turkنى؛ جەنۇبتا قاراقۇرۇم (كۇئېنلۇن) ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ ۋە «بۇ رايوننى كەم دېگەندە تەخمىنەن ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. يەنى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بىرىنچى بۆلەككە؛ پامىرنىڭ غەربىنى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى

مەركەز قىلغان جايلارنى ئىككىنچى بۆلەككە؛ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ قاتارلىق جايلىرىنى ئۈچىنچى بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن»[18] دەپ كۆرسەتتى.

ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا» دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇھىم ئېپوسى «باھادىر زەرىرگە مەرسىيە» (ئىران ساسانىيلار دەۋرىدە يەنى مىلادىيە VI ـ V ئەسىرلەردە يازما خاتىرىگە ئېلىنغان قەھرىمانلىق داستانى) دە، ئىرانغا قوشنا بولغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئەل «تۇران» دەپ تەسۋىرلەندى ۋە ئىران ــ تۇران ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىندى[19].

شەرق كلاسسىك يازما مەنبەلىرىدە دائىم «تۇران» بىلەن بىرگە «چىن» ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«چىن» مۇرەككەپ بىر تارىخىي ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى زاماندا پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە چىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرتىنى كۆرسەتكەن[20]. ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي كلاسسىكلىرى ئىجادىدا تىلغا ئېلىنغان «ماچىن» ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن رايونىنى، «چىن» بولسا تارىم ۋادىسىنى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا «چىن» ئاتالغۇسى «تۇران» ئاتالغۇسى بىلەن تەڭ قوللىنىلىدۇ[21] يەنى پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى (مەسىلەن، نىزامىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، دىھلىۋىنىڭ «شىرىن ۋە خىسراۋ»، ھاجۇ كىرمانىنىڭ «ھوما ۋە ھومايۇن» قاتارلىقلار) دە تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىسى بىلەن تۈركىي كلاسسىكلىرى (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، نەۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىقلار) دا تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقى قىسمى، يەنى شەرقى پاسىلى قۇمۇلغىچە بارىدىغان تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ[22]. ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 ــ 1020 ـ يىللار) نىڭ «شاھنامە» ناملىق كىلاسسىك ئەسىرىدە ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنى «تۇران»، «چىن» دەپ ئاتايدۇ. جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندىمۇ «شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە «چىن» ئاتالغۇسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي تىللىق خەلقلەر

ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن[23]. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ «تۇران» (突论) ئاتالمىسى ئۇچرايدۇ. «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارىمنىڭ ‹تۇران ساي› (突论川)، تەكلىمكاننىڭ ‹تۇران قۇم› (突论碛) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى پاكىت»[24].

لى جىمىڭ ئەپەندى « ‹تارىخي خاتىرىلەر› ، ‹خەننامە› لەردىكى ‹چىنلىقلار› (秦人) نامىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە سىماچيەننىڭ «تارىخي خاتىرىلەر» ۋە بەن گۇنىڭ «خەننامە» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارىخي ماتېرىياللىرىدا تەرجىمە قىلىنغان «چىنلىقلار» دېگەن نام تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتەتتى. تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ‹چىنلىقلار› دەپ ئاتىلىشىنىڭ تارىخي ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، خەن ۋۇدى دەۋرىدىلا بار ئىدى. ئىككى خەن دەۋرى، ۋېي، جىن، 16 پادىشاھلىق، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۇي، تاڭ دەۋرىدىن سۇڭ دەۋرىگىچە ئىزچىل شۇنداق قوللىنىپ كېلىنگەن، دەيدۇ[25].

جۇڭگو تارىخي ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇ سۇلالىسى زامانىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چۇنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى مىللەتلەر «چىنلىقلار» (真人، 真»» خېتى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «چىن» دەپ ئوقۇلىدۇ) دېيىلگەن. چىن سۇلالىسىغىچە سوقۇلغان سەددىچىن تيەنشۈي (ھازىرقى لەنجۇ) ۋادىسىغا يەتمەي تۇرۇپ ئاخىرلاشقان بولۇپ، سىپىل سىرتى «چىن» دەپ ئاتالغان. «ۋېي تارىخى» دا «شىمال قوشاقلىرى» (北歌) نىڭ «چىنلىقلارنىڭ ناخشىلىرى» (真人歌) ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇز دەۋرىدىكى «چىن» يېرىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى جۇڭشەنچىمىزدىكى دائىرىدىنمۇ كەڭ بولغان.

دېمەك، «تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي كىلاسسىكلىرى ئىجادىدا تىلغا ئېلىنغان ‹ماچىن› ئۇز دەۋرىدىكى خوتەن رايونىنى، ‹چىن› بولسا تارىم ۋادىسىنى يەنى ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا ‹چىن› ئاتالغۇسى ‹تۇران› ئاتالغۇسى بىلەن تەڭ قوللىنىلىدۇ»[26].

## 2

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى مىللىيەتلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تارىخى ياراتقاندىن كېيىن ئۇ ئاق جىنسلىق ئارى (گرېكچە كۆپلۈك مەنىسىدە «ئارىيان» دەپ ئاتىلىدۇ) ـ ساك خەلقلىرى بىلەن، ساكلارنى ئاساس قىلىپ، قىسمەن موڭغۇلوئىد (سېرىق جىنس) خەلقلەرنى بىرلەشتۈرگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولۇپ كەلدى. «مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي قوۋملىرىدىن ئىبارەت ئىككىلەمچى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئاساسىي ئېتنوگېنىز جەھەتتىن يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپ ـ ئارى، سكىتاي ـ ساكلاردىن ئىبارەت»[27]. يەنى «بۇ تۈركىي خەلقلەر ھەقىقىي ئېتنولوگىيىلىك مۇجەسسەم گەۋدىسىگە ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاق جىنسلىق ئەجدادلىرى بولغان ئارى ـ ساكلارنى (جۈملىدىن دىڭلىڭ، ئۇجىيە، توخار ۋە سوغدىلارنى) ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ـ ۋارىيانتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىدىن ئىبارەت»[28].

ئامۇ دەرياسى قەدىمكى تۇران ۋە ئىراننىڭ تەبىئىي پاسىلى ئىدى. «پۈتكۈل تۇران ۋە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدا قەدىمكى سىكىف (ساك) لار ياشايتتى. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 639 ـ يىلى مىدىيە پادىشاھلىقى ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرىدا تۇرانلىقلار ـــ ساكلاردۇر دەپ چۈشەنچە بەرگەن. تۇران ـ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ قەدىمكى نامى»[29].

ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا «تۇران» دەپ ئاتالغاندەك، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيالىقلار «تۇرانلىقلار» دەپمۇ ئاتالغان. يەنى «تۇران ئاتالغۇسى تارىختىن بۇيان ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى»[30]. ف. ئېنگېلس «تۇران» ئاتالغۇسىنى جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە، «تۇرانلىقلار» ئاتالغۇسىنى خەلقلەر ـ ئىنسان تۈركۈمى نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن[31]. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ئەسەرنى مۇشۇنداق نام بىلەن «تۇرانلىقلار» نىڭ ئاتايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن[32]. يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ «تۇران- ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلارنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ياكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ»[33] دەپ ئىزاھات بېرىشكەن.

شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1984 - يىلى «شاھنامە» نىڭ «رۇستەم سوھراپ» بابىنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلغاندا فىردەۋسى تىلغا ئالغان «تۇران» سۆزىگە ئىزاھات بېرىلگەندە: « ‹شاھنامە› دە فىردەۋسى ‹تۇرانلار› بىلەن ‹تۈرك› لەر دېگەن ئىككى سۆزنى ئوخشاش مەنىدە قوللانغان»[34] دېيىلگەن. ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى (1836 ـ 1917 - يىللار) 1911 - يىلى تاماملىغان «تارىخىي ھەمىدىي» ناملىق كىتابىدا: « ‹تۇران› دېگەن نام ‹تۈرك› بىلەن ‹تۇر› سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان»[35] دېيىلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزگەن ئەمىر تېمۇر (1333 ـــ 1405 - يىللار) ئۆز ئۆگۈتلىرىدە: «بىز كىم- مۇلكى تۇران، بىز كىم- مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنىمىز»[36] دەپ خىتاب قىلىدۇ. دېمەك، « ‹تۇران› ئاتالغۇسى ھەم مىللەت - قوۋم نامى ھەم جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە يېقىنقى زامانغىچە قوللىنىلغان»[37].

ئالىم لى يوڭ: «يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسى ‹تۇران› ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىللار ئائىلىسى، ھەتتا پۈتكۈل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى»[38]، دەپ يېزىپ، « ئۆز تارىخىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا نەچچە قېتىملاپ پۈتۈن مىللەتنىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىپ قوراللىق، ھەيۋەتلىك ۋە شانلىق كۈرەش مۇساپىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرانلىقلار»[39] دېگەن شەكىلدە تارىخقا ياندىشىپ، ئۆز پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاراتمىلىقتا ئىگە قىلغان. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «تۇرانىيە» ، «تۇرانىيەلىكلەر» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ يەردە تىلغا ئالدۇ. ئۇ بىر جايدا: «ئارىيان تۈركۈمىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە سام (سېمىت) لار، تۇراللار ۋە تۇرانىيەلىكلەردە ئۇرۇقداشلىق

تەشكىلاتلىرىنى بايقىدۇق»[40] دەپ كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردە تۇر - تۇران، ئارى - ئارىيان، ساك - سكىتاي نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىراننىڭ ئاخمانىيلار (Achemenides) سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550 — 330 - يىللار) دەۋرىدە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ رەسمىي يازما خاتىرىگە ئېلىنغان دەستۇرى - «ئاۋېستا» دا «تۇرا» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ سىكىف - ساك قەبىلىلىرىنى كۆرسەتەتتى[41]. «ئاۋېستا» دا: «ساكلار- تۇران ئېلىدە ياشايدىغان جەڭچى تۇرلاردۇر»[42] دېيىلگەن. «بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ‹تۇر› ، ‹تۇرا› ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن ساك (Saca) ۋە سكىف (Scythia) لارنى كۆرسەتەتتى»[43].

ئاندرونوپ- ھازىرقى غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيە- شەرقى- شىمالىي قازاقىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئاسىيا ئاق تەنلىك ئىرقتىكى ئىنسان تۆركۈملىرى - ئارىيانلار سۆڭەكلىرى كۆپلەپ تېپىلغان جاي نامى بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئارىلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئالىي» ئىبارىسى «ئارى» ئىبارىسىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى بولۇپ، ھىندىستاندىكى يەرلىك قارا تەنلىك (دارىۋئىان) لەرگە نىسبەتەن مەركىزىي ئاسىيادىن يۆتكەلگەن ئىنسان تۆركۈملىرى ئۆزلىرىنى پاك، ئارى (ئالىي) خەلق دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم، ساكلار - ئارىيانلارنىڭ پامىر - چىلىيەنشەن تۆركۈمى، ساك ئىبارىسىنى ئۇلار ئاتلىق ئوقياچى قەبىلە، جەڭدە جەڭ ئىتى (تايغان) ئىشلەتكەچكە ئىرانلىقلار «سەك» (ئىتچىلار) دەپ ئاتىغان سۆز بار. «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتچىلىرى «ساك» ئىبارىسىنى «ساق» ، «ساقلاپ» - قوغدىغۇچىلار دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ. ساكلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە «سەي» ، «سەيجۇڭ» ، بۇددا نوملىرىدا «ساكا» (خەنزۇچە «شىجا») دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ماسساگېتلارنى - ئۇلۇغ ساكلار دەپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونىنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۇران زېمىنى دەپ قارىغۇچىلار بار. سكىف - سكىتايلار ئارىلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تارمىقى سۈپىتىدە ساكلار بىلەن يىلتىزداش ئاھالە ئىدى. تۇرك ئىبارىسى ئىككى مەنىدە - قەدىمكى تۇران-ساكلار مەنىسىدە، يەنە كۆك تۈرك ئاھالە تۆركۈمى مەنىسىدە

ئىشلىتىلمەكتە. ئاسىنا ساكلىرى ئاشىد موڭغۇلوئىد ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا قوشۇلۇپ، تۈرك نامىدا ئىككىلەمچى تۇرانلارنى - بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن، قوشۇلۇشتىكى قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى پەرقىغە قاراپ تۈركىي خەلقلەر ئىككى چوڭ تۈرگە - ئۇيغۇر، ئوغۇز ۋە قىپچاقلارغا بۆلۈنۈپ كەلمەكتە. ساك ئامىللىرى (بۇ توخرىيلار ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ئۈستۈن بولغان تۈركۈمدە مۇقام فولكلورى ۋە «تۈركىي ئارۇز» شېئىرىيىتى بولغان[44].

دېمەك، «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردە ساك، ماسساگېت، سىكىف - سىكىتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ خەلقلەر ئىدى. ‹ئاۋېستا› ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىران مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ‹تۇر› ، ‹تۇرا› ۋە ‹تۇران› لار ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسىتەتتى»[45].

«تۇران» سۆزى قەدىمكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا Tur، Tura، Turan شەكلىدە، لاتىنچىدە Turanian شەكلىدە خاتىرىگە ئېلىنغان. تەتقىقاتچىلار «تۇران» نىڭ «تۇر» دىن كېلىپ چىققانلىقىنى يەنى «تۇر - تۇرا» نىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇران» بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. كىشى ئىسىملىرىدىمۇ، مەسىلەن، ئەرلەر ئارىسىدا تۇر، تۇراخۇن، تۇران ئاخۇن، ئاياللار ئارىسىدا تۇخان (تۇرخان)، تۇراخان، تۇرانقىز، تۇرانخان دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار بار. بۇنىڭدىن تۇر، تۇرا، تۇران ئاتالغۇلىرىنىڭ تومۇرى ھەم مەزمۇنى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ[46].

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئان - ئەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنىسىنى بىرىدىغانلىقىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ «ئەر» نىڭ كۆپلۈكى «ئەرەن»، «ئوغۇل» نىڭ كۆپلۈكى «ئوغلان» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[47]. مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، «تۇر - تۇرا» نىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇران» بولۇشى ئېھتىمالغا خېلىلا يېقىن. ئاپتونوم رايونىمىزدا «تۇر»، «تۇرا» نامىدىكى يەر ناملىرى خېلى ساقلانغان. ياغلىز قۇمۇل رايونىدىلا «تۇر» ۋە «تۇرا» سۆزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان يەر ناملىرىدىن يۈزدىن ئارتۇقراقى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

«بەزى تەتقىقاتچىلار Tur ۋە Tura سۆزلىرىنى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى ‹تەگرى› سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ»[48]. «تۇر - تۇرا»، «تۇران» ئالتاي تىللىرىنىڭ بەزى تارماقلىرىدا «ئېگىز»، «يۇكسەك»، «يۇكسەك ئورۇن»، «تەگرى دەرگاھى»، «تەگرى» مەنىسىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ سۆز يىلتىزىنىڭ «تەگرى» مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ياقۇت ۋە چۇۋاش تىللىرىدا «تەگرى» سۆزى «تۇر»، «تۇرا» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۇر» - «ئېگىزلىك، كۆزىتىش ئورنى، ئېگىز ئورۇن»، «تۇرا» - ئېگىز ئادەم، دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا «تۇر»، «تۇرا» - ئېگىزلىك، يۇقىرى ئورۇن، كۆزىتىش ئورنى دېگەن مەنىدىكى سۆزگە كۆچۈپ كەتكەن، بۇ مەسىلىگە كەلسەك، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ «تەگرى دەرگاھى» ئېگىز يەردە بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر خىل قارىشىدىن كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ. «تەگرى» بىلەن «تەگرى دەرگاھى» نى ئوخشاش ئۇقۇمدا چۈشەنگەن قەدىمكى ئىنسانلار «تۇر»، «تۇرا» نى ھەم «تەگرى» ھەم «تەگرى دەرگاھى» دەپ چۈشەندۈرگەن[49].

خوتەندە ساقلانغان ۋە شۋەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن پىلە قۇرتىنىڭ «شەرقىي تۇ ئېلى» (东土国) دىن كەلتۈرۈلگەنلىكى رىۋايىتى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭدىكى «تۇر» (مەسىلەن، «پالۋانتۇر» قاتارلىق ئېگىز تۆپىلىك ياكى ئىستېھكام، قاراۋۇل، تۇرلىرى) ناملىرىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى، بىزگە «تۇر»، «تۇرك» «تۇران» مەنىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بەلكى قەدىمكى «تۇرانىيلار» شەھەر - قەلئەلىرى «تۇر» ئىبارىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتالسا كېرەك...خەلقلىرىمىزدە تىك - ئۆرە ھالەت «تۇر» ئىبارىسى بىلەن چېتىلغان[50].

ئۇيغۇرلاردا بويى ئېگىز كىشىلەرنى «تۇرا»، «ئۇزۇن تۇرا» ئىبارىسى بىلەن ئاتاش ئادىتى ھازىرمۇ كەڭ ساقلانغان.

دېمەك، «تۇران» ئىبارىسى قەدىمكى ئىرانىنىڭ دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا» دا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. مەشھۇر جۇڭگو تارىخچىسى

سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە (涂兰) دەپ ئىشلەتتى. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى بۇ سۆزنى (突兰) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلدى[51].

3

ئىران شائىرى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى يازغان «شاھنامە» داستانىدا، قەدىمكى تۇران توغرىسىدا كەڭ مەلۇماتلار بېرىلىدۇ.

داستان باشلانغان — «كەلتۇرۇپ دۇرلاركىم، ئۆتكەن پادىشاھلار (قەدىمكى ئىراندا) نىڭ مۇقەددىمىسى ئولكىم، تۆت كىردە ئىدىلەر، پىشدادلار، كىيانىلار، ئەشكانىلار، ساسانىلار...» دېگەن باياندا، ئىران تارىخىنى 4 دەۋرگە بۆلگەن.

«شاھنامە» داستانى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخچىلىرىمىز، ئالدىنقى دەۋرنى رىۋايەت قىسمى، بۇ قىسىم مىلادىيەدىن 3200 يىللار بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيەدىن 780 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە بولغان 2400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەشكانىلار، ساسانىلاردىن ئىبارەت كېيىنكى ئىككى دەۋر ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر قىسمى بولۇپ، مىلادىيەدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيەنىڭ 651 ـ يىلىغىچە بولغان 1400 يىلدىن كۆپرەك تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ ئۆتتى[52].

داستاننىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان كېيىنكى قىسمىدا تۇران ـ ئىران ئۇرۇشى مول سەھىپىلەر بىلەن يېزىلىدۇ. داستاننىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتتىن ئالغاندا، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئىرانلىقلارنىڭ زەردوشت (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشنى ۋاستە قىلىپ، كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. تارىخشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 529 ـ يىللىرىدىن 329 ـ يىللارغىچە 200 يىل ئۆپچۆرىسىدە داۋام قىلغان[53]. بۇ ئەسەرنى يېزىشقا 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانغا قارىغاندا، مۇئەللىپ ئىلگىرىكى تارىخ ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئىزدەنگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن

يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندۇرىدۇ.

«شاھنامە» داستانىدا، خوتەن رايونىنىڭ تۇران تېررىتورىيەسىدىكى مۇھىم جاي ئىكەنلىكى سىياۋۇشنىڭ ھېكايىسىدە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

«شاھنامە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى ئىران شاھىنشاھى كەيكاۋۇسنىڭ 101 نەپەر كېنىزىكى بولۇپ، شەھۋانىي ئەيشى ـ ئىشرەتكە تولىمۇ ئامراق ئىكەن. چوڭ خانىشى سۇدابە ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، ياش ھەم چىرايلىق شاھزادە سىياۋۇشقا كۆزى چۈشكەن، ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئىشرەتتە بولۇپ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شاھزادە سىياۋۇش ئۆز دادىسىغا سەممىي ـ سادىق بولغاچقا، ئۇنىڭ (ئۆگەي ئانىسىنىڭ) تەلىپىنى رەت قىلغان.

ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىگەن سۇدابە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، گۇۋاھ ـ ئىسپات ياساپ، شاھزادە سىياۋۇشقا تۆھمەت چاپلاپ قارىلاپ، شاھ قېشىغا كىرگەن.

شاھزادە سىياۋۇش ئۆزىنىڭ دادىسىغا سەممىي ـ سادىق ئىكەنلىكىنى، سۇدابە دېگەندەك ناشايىن ئىشلارنى ئەسلا قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، شەھۋەتپەرەس كەيكاۋۇس ئىلاجسىز ئەھۋالدا، شاھزادە سىياۋۇشنى تۇرانىيلارغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە لەشكىرىي قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئەينى چاغدىكى تۇرانىيلار شاھى ئافراسىياپنىڭ ئىرانلارغا ئەۋەتكەن نامە ـ خەت تەكلىپىگە ئاساسەن، ئالدىنقى سەپتە ئىككى تەرەپ سۈلھ تۈزۈپ، ئۇرۇش توختىتىپ، كېلىشىم بويىچە تىنچلىق ئورناتقان ئەھۋالدا، ئۇرۇشپەرەس كەيكاۋۇس تىنچلىق كېلىشىمىنى قەتئىي رەت قىلىپ، شاھزادە سىياۋۇش باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ سەركەردىلىرىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرانلار پايتەختى «كىنكەدەز» نى تىرىپىرەن قىلىپ، تۇران شاھى ئافراسىياپنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلەلمىسەڭ، نەگە بارساڭ بار، مېنىڭ قېشىمغا كەلگۈچى بولما، دەپ شاھزادە سىياۋۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغان سىياۋۇش ئىلاجسىز بىر بۆلۈك سەركەردىلىرى بىلەن رۇم (بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىگە توغرا

كېلىدۇ) غا كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىققان.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇران ئوردا ئەھلى شاھ ئافراسىياپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، سىياۋۇشنى تۇرانلار ئوردىسىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە ئىلتىپاتلار ئەيلەپ، شاھ ئافراسىياپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ ئىشلەتكەن ــ «سىياۋۇشتىن ھېچ ئەيىب - نۇقسان تاپماي، ھەممە ئىشنى پىسەنددە كۆرۈپ، ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن پىران ۋىيسە (تۇران ۋەزىرى) نىڭ قىزى جىرىيرە بانۇنى 40 كۈن توي شاھى مەجلىس شاھىنشاھى قىلىپ، ئافراسىياپ ئۆزى ئاتا بولۇپ، توي جابدۇق تەييارلاپ، سىياۋۇش پاك تەنگە، ئۇل ۋاقىتنىڭ دىنى، مىللىتى بىرلە نىكاھ ئەيلەپ جىلۋىگەر قىلدىلار. بىر يىلدىن كېيىن ئۆز قىزى پىرىنكىش بانۇنى سىياۋۇشقا ئىلىپ بەردى. يەتتە مىڭ سىپاھ جىدارنى خىزمىتىدە قويۇپ، تا بىر يىل ئۈچ ئاي قېشىدا تۇرغۇزۇپ ئاندىن مەملىكەت خوتەنگە پادىشاھ قىلدى».

«ئەلقىسسە، سىياۋۇش، ئافراسىياپ پەرمانى بىرلە تامام بارخانە ۋە چادىرمىيانەلىرىنى پىل ۋە ئىس - تىراسىپ قېچىرلارغا يۈكلەپ، بارچە لەشكەرلەر، چاكارلىرى بىرلە سىۋار بولۇپ، خوتەن سارى راۋان بولدى. مەنزىل - مىراھىل تەي قىلىپ 12 كۈن يول يۈرۈپ خوتەنگە يەتتىلەر. خوتەن ئەھلى، سىياۋۇش كېلەدۇرمىش دەپ بارچە خالايىق ئالدىغا چىقتىلەر. ئەغراز - ئىكراملار بىرلە شەھەرگە كەلتۈرۈپ ئوردىغا چۈشۈردىلەر». «سىياۋۇش كېلىپ بۇ شەھەرنى خوتەننى ئاۋات ئەتتى. خالايىقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ دىلدارلىق بىرلە نىۋازشلار قىلىپ، نەچچە يەردە قەلئە بىنا قىلدى». «سىياۋۇش، داد - ئەدىل قىلىپ خالايىقنىڭ كۆڭلىنى ئىلتىپات - ئىنئام ۋە ئېھسان بىرلە شاد ئەيلەپ، كۆرۈنۈش ئىشكىنى ئېچىپ ئولتۇرار ئىدىلەر».

خوتەننىڭ بۇنداق مەمۇرىي ئاۋاتلىشىپ بارغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان تۇران ئوردا ئەھلى شاھ ئافراسىياپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۇران سەركەردىلىرىدىن ــ كىرىشىۋز شوم، بارمان ھۇم، ھامان، ئەندىرمان، كىرروي زىرە، كىرروي كىرزىم، پەرھاد قاتارلىق 7 نەپەر سەركەردە باشچىلىقىدا بىر بۆلەك تۇران ئوردا ئەھلى خوتەنگە سىياۋۇشنى يوقلاپ كەلگەن. پادىشاھ سىياۋۇش باشچىلىقىدىكى خوتەن ئەمىر - ۋۇزرالىرى

ئۆلارنى تولىمۇ ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ ئەتراپلىق كۈتۈۋالغان، ھەتتا جاي ـ جايلاردا، تاغ ـ ئورمانلارغىچە سەيلى ـ ساياھەت ۋە شىكار قىلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئالغان بولسىمۇ، سىياۋۇشنىڭ دانا خەلقپەرۋەر ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قابىلىيىتى ھەم خوتەننىڭ شۇنىڭغا يارىشا مەمۇرىي ئاۋاتلاشقان تەرەققىياتىغا ھەسەت قىلغان كىرىشىيۇز قاتارلىقلارنىڭ قەستەن قۇسۇر تېپىپ، ئوردىغا قايتىپ بېرىپ شاھ ئافراسىياپقا: «... سىياۋۇشنىڭ يامان نىيىتى بار ئىكەن، بىزلەرنى كۆزگە ئىلمىدى... تۇران ئوردىسىغا بېسىپ كېلىپ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش قارا نىيىتىدە، خوتەندە مۇستەھكەم ئاساس يارىتىپتۇ... بىز ئالدىن قول سالمىساق ئاقىۋىتى خەتەرلىك...» دېگەندەك سىياۋۇش قارىلانغان ئويدۇرما خاتا مەلۇماتنى يەتكۈزۈپ، نەتىجىدە سىياۋۇش خوتەن تۇپرىقىدا ناھەق قەتل قىلىنغان.

سىياۋۇشنىڭ نىكاھىدا بولغان پىرىنكىش بانۇدىن تۇغۇلغان بالا ـــ خىسروي ئىرانلار تەرىپىدىن بىر ئاماللار بىلەن ئىرانغا ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى چاغدا ئىران شاھزادىسى بولۇپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان. بۇ چاغدا، تۇرانلارنىڭ خېلى كۆپ زېمىنى، ھەتتا ئوردا ـ پايتەخت «كىنكدەز» نىمۇ ئىرانلار بېسىۋالغان، خوتەنمۇ ئىرانلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، شەھزادە خىسروي خوتەن زېمىنىغا كېلىپ دادىسى سىياۋۇش قەتل قىلىنغان جايىنى سۈرۈشتۈرگەن ـ «پادىشاھ خىسروي مەنزىل قەتئىي قىلىپ خوتەن دىيارىغا كەلدىلەر. ماچىن خەلقى خەۋەر تېپىپ شاھ ئىستىقبالىغا كېلىپ، زېمىن ئىبادەت ئەيلەپ (يەرگە باش قويۇپ)، شەھەرگە نىزۇل كىرگۈزۈپ يىغلىشىپ تۇردىلەر. شاھ ھەم كىرىيەلەر ئەيلەپ سوز ئەغاز ئەيتتى: ئەي خالايىقلار، ئاتامنى شاھادەتكە يەتكۈزگەن يەرنى كۆرسىتىڭلار، تاكى زىيارەت قىلغايمەن. بۇ مەردەملەر كىرىيەلەر بىلەن شاھنى خوتەننىڭ شارىستان دېگەن جايىغا باشلاپ كەلدىلەر. زىراكى، سىياۋۇش ۋىلىنى ئول يەردە شېھىت قىلىپ ئىدى. شاھ بۇ مۇقامغا كېلىپ كۆردىكىم، بۇ يەر كۆزىگە غەرق خۇن كۆرۈنگەندەك مەلۇم بولدى. ئاھ ـ ۋاھ بىرلە ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ سەبىملدەك يۇمالىنىپ يىغلاپ كەتتى». «... ئاتالىرىنىڭ مۇبارەك باشلىرىنى ساندۇق ئىچىگە سېلىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تۇران دىيارى (ئوردا شەھەر كىنكدەز) غا راۋان بولدىلەر»[54].

چاغاتاي يېزىقىدىكى «شاھنامە تۈركى» ناملىق ئەسەردىمۇ يۇقىرىقى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. «سىياۋۇش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ــ 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان داڭلىق قەھرىمان شەخس»[55].

سىياۋۇش مازىرى سىياۋۇش ۋەلىيۇللا مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار خوتەننىڭ لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىسىغا جايلاشقان. «سىياۋۇشنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشتىكى ئادىل، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە قەھرىمانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ مازىرى خەلق تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىپ كەلمەكتە»[56].

«شاھنامە» دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەن تۇرانلار شاھلىقىغا قاراشلىق بىر پادىشاھلىق بولۇپ، سىياۋۇش، ئەنە شۇ چاغلاردا تۇران شاھلىقى تەرىپىدىن خوتەنگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەنگەنلەرنىڭ بىرى. سىياۋۇش قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، تۇران شاھى ئافراسىياپ ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىنى خوتەنگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىگەن[57].

قەدىمكى خوتەن بىلەن تۇران باش ئوردا شەھىرى «كىنكدەز» نىڭ ئارىلىقى ئەينى چاغدا 12 كۈنلۈك يول بولۇپ، بېرىش ـ كېلىش قويۇق، خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇدا تەقدىرداش ئىكەن. «شاھنامە» دە مۇنداق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن:

«خەلىچ كە قېچىپ كەلدى ئافراسىياپ،
كۆزى ياش غەمدىن دىلى پىرىشتاپ.
بولۇپ كام قەسرىدە ئارامجوي،
شىكەست يەپ بۇ جەڭدە تۆكۈپ ئابرۇي.
خەلىچ ئەھلىگە رازىن ئەيتتى كشاد،
زۇلۇم ئەيلىمەك خىسروي كەيقۇباد.
باشىغا قويۇپ تاج زەرىن كۇلاھ،
شىكەست بولمىغاندۇر بۇ يەڭلىغ سىپاھ.
چۇ، بۇ ۋاقىتقا تەگىرو غالىپ ئىدىم،

ئۇلارنىڭ شكەستىنگە تالىپ ئىدىم.
ئاققۇزۇپ جىركىم قانىدىن جوبى - جوي،
بۇ دەم تاپتى ئىران شاھى ئابرۇي.

دەپ زار - زار يىغلاپ تۇران ئەھلى بىرلەمشۇرىت قىلۇر ئىدىلەر»[58].
يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «خەلىچ» بولسا قەدىمكى خوتەن شەھىرىنى كۆرسىتەتتى.
«شاھنامە» نىڭ شېئىرىي نۇسخا نەشرىدىكى «رۇستەمنىڭ خوتەن شەھىرىگە، پىران يېنىغا يول ئالغانلىقى» دېگەن قىسمىدا مۇنداق مىسرالار كۆزگە چېلىقىدۇ:

«شەھەردىن شەھەرگە يول ئالغاچ كارۋان،
ئاقنۇەت قەد ئېلىپ كۆرۈندى تۇران.
خوتەنگە يېتىشتى ئۇلار چۆل ئېشىپ،
تاماشا قىلار ئەل يولغا چىقىشىپ.
تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان،
ئارام ئالار ئىدى ئۇ يەردە پىران.
ۋىس ئوغلى پىراننىڭ ئالدىدا قاتار
تۇران باتۇرلىرى تۇراتتى تەييار»[59].

بۇ مىسرالاردا، خوتەن تۇراندىكى جاي نامى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ، خوتەن ھاكىمى پىران تۇرۇۋاتقان يەرمۇ «تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان» دەپ تەرىپلىنىدۇ.
ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كاتتا ئەسىرىدە تۇران شاھى ئافراسىياپ نامى بىلەن ئالاقىسى بولغان بىرمۇنچە يەر - جايلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن:
«ئوردۇ ــ ئوردا، خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خاقانلار تۇرىدىغان كاشغەر شەھىرى ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ»[60].
«كەند ــ كەنت، شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر «ئوردۇكەند»

دېيىلىدۇ. بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»[61].

«بارچۇق ــ ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر»[62].

مەلۇمكى، يۇقىرىقى مىسالدىكى «بارچۇق» ــ دولانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان، ھازىر «مارالبېشى» دەپ ئاتالغان ناھىيەنىڭ ئەسلى نامى.

«قاز» ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، «قازۋىن» شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قاز ئويۇنى» دۇر، چۈنكى ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئويناپتتى. شۇڭا بەزى تۈركلەر «قازۋىن» نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ. «قۇم» شەھىرىمۇ چېگرا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى «قۇم» تۈركچە سۆزدۇر. ئافراسىياپنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم ئوۋ قىلاتتى. بەزىلەر «مەرۋەششاھىجان» شەھىرىنىمۇ تۈرك چېگرىسىدىكى شەھەر ھېسابلايدۇ. چۈنكى، قىزنىڭ ئاتىسى «توڭا ئالىپ ئەر» ئاشۇ ئافراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر. ئافراسىياپ «تەھمۇرەس» تىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن «مەرۋ» شەھىرىنى بىنا قىلغان. بەزىلەر پۈتۈن «ماۋەرائۇننەھر» نى تۈرك ئېلى ھېسابلايدۇ. ئۇ «يەنكەنت» تىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى «دىز رۇيىن ــ مىس شەھىرى» دۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن. بۇ «بۇخارا» غا يېقىن. بۇ يەردە ئافراسىياپنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى «سىياۋۇش» ئۆلتۈرۈلگەن. مەجۇسىيلار ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ «سىياۋۇش» ئۆلگەن جايدا يىغلىشىدۇ، قۇربانلىق قىلىپ، قۇربانلىق قىلىپ، قېنىنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېقىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان[63].

«قاز سۇيى ــ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان»[64].

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ باياىلىرىغا قارىغاندا، «قاز» دېگىنى ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋانىنىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك. «شاھنامە» ۋە «شاھنامە تۈركى» قاتارلىق ئەسەرلەردە سىياۋۇشقا ياتلىق

قىلىنغان ئافراسىياپ قىزىنىڭ ئىسمى پىرنكىش بانۇ دېيىلگەن.
«تارىم ـ تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق باللىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا ‹ئالتۇن تارىم› دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ»[65].
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاقسۇنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى بولغان «بارمان» تىلغا ئېلىنغان، يەنى «يۇگۇ» ئاتالغۇسى ئىزاھلىنىپ: «يۇگۇ». «barman ـ بارمان» شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافراسىياپنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى «barman ـ بارمان» بولۇپ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان...[66] دېيىلگەن.
ئاقسۇ جۇڭگونىڭ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ خانلىقى (مىلادىيە 420 ـــ 479 ـ يىللار) ئەسەرلىرىدە قۇم (故墨)، تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 ـ 907 ـ يىللار) دەۋرىدىمۇ قۇم (故墨) ياكى قۇم ئوبلاستى (故墨) دەپ ئاتالغان. «يات قوۋملارنىڭ تارىلىق مۇساپىلىرى» (四路程) دا «بارخان شەھىرى ‹拨换城›، بەزىدە ۋېي رۇڭ شەھىرى ‹威龙›، بەزىدە قۇم ئوبلاستى دېيىلەتتى» دېيىلگەن. بۇ سانسكرىتچە «بالۇكا» دەپ يېزىلاتتى[67]. «بەزىلەر ‹بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› ۋە ‹يېڭى تاڭنامە› قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن ‹بالۇكا› ‹拨禄迦› دېگەن نامنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ‹بالۇكا› ھىندى سانسكرىت تىلىدا دەل ‹قۇم› دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەچكە، ‹بالۇكا› دېگەن ناممۇ قۇمنىڭ مەنىسىگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، سانسكرىت تىلىدىكى قۇم Baluka دەپ يېزىلماستىن، بەلكى Valuka دەپ يېزىلاتتى» دېگۈچىلەرمۇ بار[68].
«شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى» دە «پامان ‹帕满› » دېگەن يەر نامىغا ئىزاھات بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: ئونسۇ ناھىيەسى قىزىل يېزىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. بۇ بىر قەدىمىي يۇرت. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەرنى مەركەز قىلىپ «بارخان» (barhan) دەپ

ئاتىلىدىغان بىر خانلىق قۇرۇلغان. بىرىنچىسى، «پامان» نامى «بارخان» ئىلىنىڭ دەل ئۆزى، ئىككىنچىسى «بارخان» نامى «پامان» غا ئۆزگەرگەن. «بارخان» نامى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە «بارمان» دەپ ئاتالغان. «بارمان» نامى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق «پامان» غا ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان شۈەنزاڭ خاتىرىسىدە بۇ نام سانسكرىتچە شەكلىدە «بالۇكا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «بالۇجىيا» (跋禄迦) دۇر. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بۇ نامنى سانسكرىتچە «قۇم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قاراپ، ئىككىنچى «قۇم» ئىلىنىڭ نامىغا باغلايدۇ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى 1 - سان، 111 - بەت). مۇسۇلمان تارىخچىلار بۇ شەھەر (بارخان - پامان) نى ئۆز ئەسەرلىرىدە «باقۋان، بارۋان، بارمان» شەكىللىرىدە يېزىپ كەلگەن[69].

بۇلارنى خۇلاسىلىغاندا، بىرىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال ئېلىنغان، ئاقسۇنىڭ ئىككىنچى نامىرىنىڭ بىرى بولغان «بارمان» كۆنىمىزدە «پامان» شەكلىدە ساقلانغان. ئىككىنچى، ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامىرى بولغان «قۇم» بىلەن «بارمان» بىر مەزگىل بىرلىكتە قوللىنىلغانلىقى ئېھتىمال. چۈنكى، بىر شەھەرنىڭ بىر قانچە خىل نامىرىنىڭ بىرلىكتە قوللىنىلىشى تارىختا كۆپ كۆرۈلگەن. مۇھاكىمىمىزنىڭ يادروسى بۇ ھەقتە بولمىغاچقا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

يۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكى يەكۈنلەرگە ئېرىشىش قىيىن ئەمەس:

بىرىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەر ئىچىدىكى ئافراسىياپقا ئالاقىدار بولغان (يەنى ئافراسىياپ سالدۇرغان ياكى تۇرغان ۋە ياكى ئافراسىياپنىڭ ئوغلى، قىزى قۇرغان ياكى تۇرغان دېگەندەك) شەھەرلەر (ئوردۇكەنت، بارچۇق، بارمان، قازۋىن، قۇم، مەرۋە، بارسغان) نىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا كۈنىمىزدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكىدە، جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىنلارغا تارالغان. بۇ زېمىن مەزكۇر يازمىنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان دولان رايونى بىلەن ھېچقانچە پەرق يوقلۇقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئىككىنچى، قەشقەردىن خوتەنگىچە، خوتەندىن بارچۇق (هازىرقى مارالبېشى)، بارمان (ئاقسۇ) غىچە بولغان زېمىندىكى شەھەرلەر تۇران شاھى ئافراسىياپقا مەنسۇپ بولسا ھەم مەشھۇر «تارىم» ئاتالغۇسى «ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق باللىرىغا خاس بىر سۆز» بولسا، بۇ زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈكنىڭ تۇران نامى بىلەن ئاتىلىشمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

بىز تاك سۇلالىسى مەنبەلىرىدە تەكلىماكاننى ياكى ئۇنىڭ ئالاقىدار بىر قىسمىنى «تولۇن چى» (突论碛) دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز[70] تاك گاۋزۇڭ لى جىژ ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن چۇبى خېلى 635 - يىلى ۋاڭ فۇيۈەننى قوغلاپ تارىم «تولۇن چۈەن (突论川) تۇران ساي»، تەكلىماكان ـ «تولۇنجى (突论碛) تۇران چۆل» غىچە كېلىپ جەڭ قىلغان.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «بۇلاقتىن بىر ئوتلام» ناملىق كىتابىدا، تەكلىماكان چۆلىنى تىلغا ئالغاندا «تۇرۇم ساي (تەكلىماكان چۆلى)» دېگەن شەكىلدە تىلغا ئالىدۇ. مۇئەللىپ بۇ يەردە «تۇرۇم ساي» دېگەن ئاتالغۇنى خەنزۇچە (تولۇنجى) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن بولسا كېرەك. بۇنىڭ توغرىسى «تۇران ساي» بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە[71].

4

خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، «مەملىكىتىمىزنىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن سۈي، تاك سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان تارىخىدىكى گۈيفاڭ (ئۈي) لار، دىڭلىڭ (دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالار)، قاڭقىل (تۆلۈس) لەر ۋە تۇرا (تېلى دەپ ئاتالغان تۇرا) لار ئوخشاش بىر خىل مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى ئىدى»[72]. «ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنىڭ تارىخى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ»[73].

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولغان

توخرىلار قەدىمدىن تارتىپلا تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن.
خەنزۇچە ھۆججەتلەر توخرىلارنى يۈشى- يۈجى (禺知-禺氏)، چوڭ يۈشى (大月氏)، كىچىك يۈشى (小月氏) دەپ يازغان بولسا، ياۋروپالىقلار توخرىلار ماكانلىرىنى توخارىستان دەپ ئاتاشقان. ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر، جۇملىدىن شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەردە تـوقرى، تـوخرى، تـوغرى دەپ يېزىلغـان ھەم بۈگـۈنكى زامـان ئۇيغـۇرلار يـاۋچىلار، يىغىچىـلار دەپ ئاتىماقتا[74]. «توخرى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى، يۈشى- يـۈجى ئۇنىـڭ بىـر قەبىلىسى دېگەن قاراش بار»[75].
«توخرى» ئالتاي تىللىرىدا (ھـازىر بولسا مـانجۇ تىلـىدا) «ھـارۋا» دېگەن سۆز. ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان قاتناش ۋاستىسى نـامى بىــلەن «قــانقىلار» (خەنزۇچىــدا «گــاۋجۈي- گــاۋچې») دەپىمـۇ ئاتالغان[76]. «شۇ نەرسە روشەنكى، ئالتـاي تىللـىرى (جۇملـىدىن ئۇيغـۇر، مانجۇ تىللىرى) دا ‹ھارۋا› نى بىلدۈرىدىغان ‹توخرى› سۆزى شـۇ رايونـدا (كۇسان ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن) دا ياشىغان ‹ئابدال ـ گاۋگۈي (گاۋجۈي)› ئۇلۇسىغا نام بولۇپ قالغان. بۇ سـۆز ھىنـدۇ ـ ياۋروپـا تىللىرىـدا ‹توخـار› بولـۇپ ئۆزلەشـكەن. قوچـۇ ـ كۇچـار ئەللىـرى بـۇددا نـوملىرىنى بىۋاسـتە ‹ئەنەتكەك› (ئۇيغـۇرلار ھىنـدۇلارنى ئەنەتـكەك دەيتتـى) تىلـىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىگە نەسەبداش (تەگ تىلى تۈركىي) بولغان توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلغانلىقىمۇ، توخرى (توخار) خەلقىنىڭ گاۋگۈي نەسلىدىن ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىـدۇ»[77]. «قەدىمكـى ئۇيغـۇر تىلـىدا ‹ھـارۋا› (ئـارابە) نـى ‹قاڭقى› دەيتتى. بۇ قاتناش قورالىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغىنـى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قوۋملىرىنى قوشنا قـوۋملار ‹تـوخرىلار› دەپ ئاتىغـان. قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىن ‹دۇڭ خۇز› (شەرقى غۇز) تىلىدا (ھارۋا) نـى ‹توخرى› دەيدۇ. غەربكە كۆچۈپ، ھـاكىمىيەت قۇرغـان ئۇيغۇرلارنىـڭ بىـر قىسمىنى غەربىي ئەللەر ‹توخار› دەپ ئاتىغان[78]... تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ‹توخار› (ياكى تـوخرى) دەپ ئاتالغـان قوۋملارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا پائـالىيەت ئېلىـپ بېرىـش تـارىخى ناھـايىتى ئۇزۇن بولۇپ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن»[79].

دېمەك، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان دىڭلىڭلار ئېگىز ھارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەتراپىدىكى قوشنا خەلقلەر تەرىپىدىن «گاۋچې ـ قاڭقىللار»، «توخار» (توخرى) لار دەپ ئاتالغان. بۇ ئوخشاش بىر قوۋمنىڭ ئوخشىمىغان خەلقلەر تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى: «بەزى تارىخىي كىتابلاردا، شاڭ دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 18 ـ 11 ـ ئەسىرلەر) نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ‹دەنلۆ› دېگەن نام قەيت قىلىنغان. كېيىن بۇ نام ‹دىيەن لىيەن› دەپمۇ يېزىلغان»[80] دەپ ئۇچۇر بېرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب يالۇلۇغ جۇر (耶律铸) ئۆزىنىڭ «ئىككى جىلغا ئارىسىدىكى شىركەيپ دەرۋىشنىڭ خاتىرىلىرى» (双溪醉隐集) ناملىق نەزمىلەر كىتابىدا دىڭلىڭلار ھەققىدە ئىككى شېئىر يېزىپ، دىڭلىڭ ئىبارىسىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تەلەپپۇزىدا «دىيەن لىيەن» (颠连) دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[81]. بۇنىڭغا ئاساسەن پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا: «بىز بۇنىڭدىن ‹خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى› دىكى غەربىي دىڭلىڭلارنىڭمۇ خەنزۇ تىلىدا ‹دىيەن لىيەن› دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ئىبارە ‹دولان› لارنىڭ قەدىمكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئەۋلادى بولۇشى ئېھتىماللىقىدىن بېشارەت بېرىشى مۇمكىن» دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دىڭلىڭ (دىيەن لىيەن) ئىبارىسىگە كەلسەك، بۇ «تۇران» نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئاندرونوپ ـ ئارىلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە مەركىزىي ئورنى ھازىرقى ئەنقار دەرياسى (بايقالنىڭ غەربى — يەنسەي ـ ئېرتىش ۋادىلىرى بولۇپ، بۇ ھازىرقى تاغلىق ئالتاي، شەرقى شىمالىي قازاقىستاندىكى قەدىمكى شىمالىي تۇران رايونىنى كۆرسىتىدۇ) خۇددى ھازىرمۇ تۇران قاتارلىق يەر ناملىرى بولغاندەك (بۇ جاي جۇڭگو يىلناملىرىدىكى شىمالىي دىڭلىڭ ئىبارىسىگە توغرا كېلىدۇ) يەتتە سۇدىن كوپەت تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىق قەدىمكى مەنبەلەر بىلەن ھازىرقى جۇغراپىيەلىك نام جەھەتتىنمۇ «تۇران تۈزلەڭلىكى»، تۇران دېيىلىدۇ. ئاندرونوپ ـ ئارى ـ ساكلارنىڭ بۇ ماكانلىرىنىڭ نامى خەنزۇ يىلناملىرىدىكى غەربىي دىڭلىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. ئالتاينىڭ جەنۇبى، تەڭرىتاغ، تارىم —

تەكلىماكاندا ۋۇجيە (خۇجيە، گۇشى) نامىدىكى غۇز ــ قاڭقىل ــ قوچۇ (قوجۇ) ساكلىرى ياشايتتى، ئۇلار خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تولۇن ساي (突伦川 ) تارىم ۋە تۇۋەن قۇملۇقى ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ تۇرانلار ئىدى. بۇ خەلقلەر چىلىيەنشەن ــ نەنسەن توخار ــ ساكلىرىنى ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى كۇيفاڭ، تۇفاڭ تۇرانلىرىنى ئۆز چەمبىرىگە ئالغانىدى[82]. قەدىمىي تۇران دىيارىدا «ھازىرمۇ، 94 ـ مېردىئان، 52 ـ پاراللېل سىزىقى ئىزىدا بال ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدا، چاكالوۋسكىي شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىدا ‹تۇران› ناملىق شەھەر مەۋجۇت. بۇ ئەتراپتا ھازىرمۇ ‹كراسنو تۇرانسك› ، ‹ئاچىن› ، ‹توگۇچىن› ، ‹تۇرا ـ خىم› ، ‹تېلى› ، ‹بالاخچىن› ، ‹ئىسكتىم› ، ‹تۇرگىم› قاتارلىق شەھەرچىلەر بار»[83] بولغاندەك ھازىرقى تارىم ئويمانلىقى ــ تەكلىماكان «تۇران ساي» ، «تۇران چۆل» نامىدا ئاتالغان. بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «تولۇن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە ھازىرقى «دولان» نىڭ قەدىمدىنلا خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «تولۇن (突论)» دەپ يېزىلغانلىقى ۋە تاك دەۋرى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا تەكلىماكاننىڭ ۋە ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يۇرتلارنىڭ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) دىن باشلاپ دولانلار توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرۇلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە كىتابلاردا ««朵兰人»، «道兰人»، «惰兰人»، «多伦人»» دەپ يېزىلغان [84].

مەنچىڭ خاندانلىقى تارىم ۋادىسىنى ئۆز ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا «دولان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا قوللىنىلىدىغان خەنزۇ تىلى كۆپلەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەرلىكلەرنىڭ تىلىدىمۇ شۇ تەلەپپۇز بويىچە ئېيتىلىپ دولانغا ئۆزگەرگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە، «تۇران» بەزىدە «تولۇن» دەپ يېزىلغان بولسا، بەزىدە «دەنلۆ»، «دىيەن ليەن» دېگەن شەكىللەردە يېزىلغان. يەنە « ‹دولان› سۆزىنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا دولاڭ (多郎)، دولەن (多兰)، دولۈن (多伦)، دولەن (朵兰 )، داۋنەن (道南) قاتارلىق ئاھاڭ تەرجىملىرى ئۇچرايدۇ»[85].

دېمەك، «تۇران» دېگەن بۇ ئورتاق نام نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۆزگىرىپ، «دولان» شەكلىدە ئۆزلەشكەن. تىلىمىزدىكى ئۆزگىرىشكە كەلسەك، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دەل «ت» ھەرپى بىلەن «د» ھەرپىنىڭ ئالمىشىشى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقانلار سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ت» ھەرپىنى «د» گە ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن، تۈركلەر «تۆگە» نى «yawat» دېسە، ئۇلار «yawad» دەيدۇ... «ر» ھەرپى بەزىدە «ل» غا ئالمىشىدۇ، دەپ يېزىپ مىسال بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئادەتتىمۇ تۈركىي تىللىق قوۋملاردا «‹atil ـ adil، til ـ dil›» دەپ «‹d، t›» تاۋۇشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرقى جانلىق تىلدىمۇ «ت» ھەرپىنىڭ «د» ھەرپىگە، «ر» ھەرپىنىڭ «ل» ھەرپىگە ئۆزگىرىشى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يەرلىك شېۋىلەردە بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىراۋ تەرىپىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «قىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ «قىلتۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ھېلىھەم مەۋجۇت (بولۇپمۇ خوتەن شېۋىسىدە تېخىمۇ شۇنداق). بۇ پاكىتلار «دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن سۆز (نام) دىن كەلگەن دېگەن قاراشنىڭ ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[86].

## ئىزاھلار:


[1] ئىمىن تۇرسۇن: «بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 85 ـ بەت.

[2] ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەر ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ بەت.

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 293 ـ بەت.

[4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 4 ـ بەت.
[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 5 ـ بەت.
[6] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2ـ بەت.
[7] «司马迁»史记 : ؛ سىماچيەن: «تارىخي خاتىرىلەر»، 1987 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، «كىرىش سۆز» نىڭ 4 ـ ، 5 ـ بەتلىرى.
[8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 8ـ، 9ـ بەتلەر.
[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 9ـ بەت.
[10] غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 4ـبەت.
[11] ۋ.ئى. ئاۋدىيېپ ‹سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى› : «قەدىمكى شەرق تارىخى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 581 ـ بەت.
[12] «بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە»، تۈركچە نەشرى، XII توم، 37 ـ بەت؛ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[13] «شاھنامە»، 1900ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 37ـ بەتتىكى ئىزاھات؛ ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانا دۆلەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،156ـبېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[14] موزايېف: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، 1957 ـ يىلى«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى ‹1› »؛ «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى، 78 ـ بەت، (تۇران) ئاتالغۇسىغا

ئىزاھ]؛ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 9ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[15] موزايېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، موسكىۋا، رۇسچە نەشرى، 1957 ـ يىلى [«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى ‹1› »؛ «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى، 228 ـ بەت، (تۇران ئاتالغۇسىغا ئىزاھ]؛ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 9 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[16] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 6 ـ بەت.
[17] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 10ـ بەت.
[18] خانىدا تورو (يۈي تيەنخېڭ): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.
[19] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت.
[20] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 12 ـ بەت.
[21] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 155 ـ بەت.
[22] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 154 ـ بەت.
[23] «شاھنامە»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1991ـ يىلى، 126 ـ بەتتىكى ئىزاھات.
[24] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 97 ـ بەت.
[25] لى جىمىڭ: « ‹تارىخىي خاتىرىلەر› ، ‹خەننامە› لەردىكى ‹چىنلىقلار› (秦) نامىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى مەسىلىسى»، «قەشقەر

پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانى؛

غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 12 ـ، 13 ـ بەتلەر.

[26] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 155 ـ بەت.

[27] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 10 ـ بەت.

[28] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.

[29] «شاھنامە» 1900 ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 37 ـ بەتتىكى ئىزاھات.

[30] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 ـ بەت.

[31] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 ـ بەت.

[32] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 5 ـ، 13 ـ بەتلەر.

[33] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ بەت ئىزاھات.

[34] غەيرەتچان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 4 ـ بەت.

[35] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدىي» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 ـ، 720 ـ بەتلەر.

[36] بۆرىباي ئەھمەدوف نەشرگە تەييارلىغان: «ئەمىر تېمۇر ئۆگۈتلىرى»، تاشكەنت، «نەۋرۇز» نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، ئۆزبېكچە، 9 ـ بەت.

[37] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 156 ـ بەت.

[38] لى يوك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1994 - يىللىق 1 - ، 2 - (قوشما) سان.
[39] لى يوك: «ئۇيغۇر ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى، 4 - سان، 54 - بەت.
[40] لۇئېس هېنرى مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 1 - كىتاب، 63 - بەت.
[41] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 42 - بەت.
[42] «شەرق يۇلتۇزى»، 1982 - يىلى، 10 - ئاي سانى، «تاشكەنتنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق يىلنامىسى» گە قاراڭ؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 80 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[43] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 150 - بەت.
[44] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 32 - بەت، 5 - ئىزاھات.
[45] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 152 - بەت.
[46] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 7 - ، 8 - بەتلەر.
[47] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 101 - ، 455 - بەتلەر.
[48] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 157 - بەت.
[49] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 20 - ، 21 - بەتلەر.
[50] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 116 - بەت.

[51] پىللىيئوت (فىرانسىيە): «توخرى تىلى ئۇستىدە مۇلاھىزە»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1957 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 60 - بەت.
[52] نىزامىدىن توختى: «خوتەنىدىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 15 - بەت.
[53] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1986 - يىل 5 - سان، 6 -، 7 - بەتلەر.
[54] نىزامىدىن توختى: «خوتەنىدىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 30 ـ 34 - بەتلەر.
[55] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 135 - بەت.
[56] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 137 -، 138 - بەتلەر.
[57] نىزامىدىن توختى: «خوتەنىدىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 35 - بەت.
[58] نىزامىدىن توختى: «خوتەنىدىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 36 - بەت.
[59] «شاھنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 11 - نەشرى، 282 - بەت.
[60] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 168 - بەت.
[61] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 447 - بەت.
[62] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 608 - بەت.
[63] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 - توم، 204 -، 205 - بەتلەر.
[64] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 - توم، 206 - بەت.

[65] مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـ توم، 514 ـ بەت.
[66] مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 ـ توم، 503 ـ بەت.
[67] فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» خەنزۇچە، 1982 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 2 ـ بەت؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» 1 ـ قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 174 ـ بېتىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[68] يۈ ۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 1986 ـ يىلى نەشرى، 60 ـ بەت؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» 1 ـ قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 174 ـ بېتىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[69] قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ئېتىمولوگىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.
[70] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 12 ـ بەت.
[71] ئىمىن تۇرسۇن: «بولاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 52 ـ بەت.
[72] دۆن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار»(1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، كىرىش سۆز 1 ـ بەت.
[73] دۆن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار»(1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، كىرىش سۆز 2 ـ بەت.
[74] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 35ـ بەت.
[75] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر

مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 36ـ بەت.
[76] ئىمىن تۇرسۇن: «بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 55ـ بەت.
[77] ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.
[78] «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996ـ يىلى 2ـ سان، 62ـ بەت.
[79] قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 47ـ بەت.
[80] ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ بەت.
[81] ماچاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار»، 1 ـ بەت.
[82] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 112 ـ بەت.
[83] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 97 ـ بەت.
[84] ئادىل مۇھەممەت: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 270 ـ بەت.
[85] خەن زىيۇڭ: «شىنجاڭ قىسسىسى مۇقام»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 77 ـ بەت.
[86] تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل 2 ـ سان؛ ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەر ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى»، 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 11 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

مەنبە: "دولان" ژۇرنىلى 3ـسان